

تارىم
8
1991

# ياش ئەدىبلىرىمىز



مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ياش ئىجادىيەت ئاكتىپلىرى يىغىنىغا قاتناشقان ياش ئەدىبلەر بېيجىڭدا .



بىرلىكتە ئىزدىنىش.

كۆڭۈللۈك سۆھبەت .



سۈرەتلەرنى قەيۇم تۇرسۇن تارتقان.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

8

41- يىل نەشرى

1991

# بۇستاندا

## ماقالىلەر


م. ئىسلام.......... ياشلار — ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدى .................... 123
ئۈمىد چېچەكلىرى پورەكلىسۇن ........................ 137
ئا. ئۆمەر.......... يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە .............. 139
م. شاۋۇدۇن....... شائىر — تىنىم تاپماس ئادەم ........................ 147


## نەسرىي ئەسەرلەر


م. ھوشۇر.......... قىرلىق ئىستاكان (ھېكايە) ........................... 4
س. ھاشىم ......... ئارمان (ھېكايە).......................................... 27
ئا. ئىمىن ......... قارلىق تاغدا (پوۋېست) .................................. 50
ت. ئايۇپ ......... كېلىچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ (ئەدەبىي ئاخبارات) ......... 66
ئا. ھاشىم ......... ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ (ھېكايە) ............................ 85
م. ئىسمايىل ...... تەڭرىتاغ سادالىرى (زىيارەت خاتىرىسى) ..................... 108


## شېئىرلار


ئا. تۇندىياز ......... سامان يولىدىن كۆرۈنۈشلەر ............................ 32
ئۆ. مۇھەممەتئىمىن.. بىر ئۆي بار ئىشىكى قولۇپلانمىغان ...................... 36
م. خۇرسەندى....... يوللارنى بويلاپ ........................................ 37
ئە. ئوسمان ......... ئۆلگەن گۈلدىن ئۆرلىگەن ئەتىر ............................ 41
پ. ئىلياس ......... ئۆزۈم چەكسىز كائىنات تۇرسام ............................ 43
ئا. مۇھەممەت....... كۆيلەر پەخرىم، كۆيلەر غۇرۇرۇم ........................... 44
ئەزىزى ........... ياپراقلاردا كېپەنلەنگەن گۈل ............................... 46

م. ئەمەت......... مەن ئۆزۈمنى سېغىنغاندەك سېغىندىم سېنى........................ 48
م. سوپى ......... بىز كەلمىگەن بۇ يەرگە بىللە ...................................... 49
غ. تۆەۇر ......... ئۆمۈر قەسىدىسى ................................................ 78
ئا. مەخسۇت ...... دېردىزەمدە تۇنىگەن ئىلھام ........................................ 79
ئو. ساۋۇت ....... يېڭى كۈن قەسىدىسى ............................................ 81
ئا. ئابدۇللا ...... ياشىسۇن كۆڭلى گۈل باھار ئادەملەر ................................. 82
س. لوقمان ...... رەپىق .......................................................... 83

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ل. مالىربا ....... ئۆمۈچۈك ئادەم (ھېكايە) ............................................ 155

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

............................................ 159

مۇقاۋىدا: ـ ئىرەنلىك ............................ يەن شەن فوتوسى.
4 ـ بېتىدە: باراڭلىقتا ............................ يالقۇن ھابىل فوتوسى.

* * *

بۇ سانىنىڭ رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ، پەھات ھۇشۇرلار ئىشلىگەن.



مەمتىمىن ھوشۇر

# قىرلىق ئىستاكان

(ھېكايە)

ئەمدىلا بۆلۈمگە كىرىپ چاپىنىمنى ئىلغۇغا ئېسىپ تۇرۇۋىدىم، ئىشىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا «ساراڭ» نىڭ ئاپتورى پەيدا بولدى.

— كېلىڭ! — دەپ زورىغا كۈلۈمسىرىدىم، ئەتىگەندىلا بۇ ئالىجوقا ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ بېشىمنى ئايلاندۇرىدىغان بولدى-دە! دەپ كەيپىم ئۇچتى.

— ئوھۇي! ئىدارىڭلار تازىمۇ يىراق يەردىكەنا، ياخشىمۇ سىز؟

— ياخشى، ياخشى، ئولتۇرۇڭ!

— ھەقاچان، بۇ بىر نېمىدىن نېمە بالاغا قالدىم، دەپ ئويلاۋاتقانسىز؟

— ياق، ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟!

— سىزنى ئۆيدە ئاۋارە قىلماي، دەپ ئۇدۇل تەھرىر بۆلۈمىگىلا كەلدىم... ھە، تېنىڭىز ساق... — ئۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، قارشى تەرەپتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — مانا قاراڭ، يەنە بىر ھېكايە يېزىۋەتتىم.

ئۇ قوينىدىن بىر ئورام ئورگىنالنى ئېلىپ ئالدىمغا كۆپپىدە تاشلىدى-دە، ئەتراپىمغا قاراپ كالپۇكىنى يالاپ قويدى.

— سۇ ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆيۈمگە كەلگەندە بىر ئاپقۇر سوغۇق سۇنى ئۆرە تۇرۇپلا ئىچىۋەتكىنىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

— رەھمەت، يولدا بىر رومكا قېقىۋالدىم.

— ئەتىگەندىلىما؟!

— بىز تەرەپتە بىر قاۋاق بار دەڭا، — دېدى ئۇ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، — شۇنداق ئەتىگەندە ئاچىدۇ، ھېلىقىدەك ئىچمىسە تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان بىچارىلەر ئەتىگەندە كۆزىنى يىرتىپ ئىچىپلا شۇ يەرگە يۈگۈرەيدۇ. ئاجايىپ بىر قاۋاق دەڭە، بىلىدىغانلار ئۇنى «تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمى» دېيىشىدۇ. ھېلىقى پۇت-قولى تىترەپ تۇرىدىغان بايقۇشلار ئەتىگەندە شۇ يەردە بىر رومكىدىن قېقىۋېلىپ، ئاندىن ئازراق ئادەم سىياقىغا كىرىپ تاراپ كېتىشىدۇ... ھە، شۇ دۇكاندا... ئۆرە تۇرۇپلا... بىر قولۇمدا شەپكەمنى تۇتۇپ تۇرۇپ يۈز گىرامنى بىراقلا دۈم كۆمتۈردۈم. قاراپ تۇرغانلار قالتىس ھاراقكەشكەن، دەپ قالدىغۇ دەيمەن! مۇھەررىر دېگەننىڭ سۆزى بولىدىكەن، ئالدىڭلاردا دادىلىراق بولاي دېدىم. ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز...

تۇركىيىدە كاۋاپنى مىترلاپ ساتىدىغىنىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟... توخۇنىڭ قۇلىقىغا «چىمبۇلاق» لى چېلىپ بەرسە، كۈندە ئىككى-ئۈچتىن تۇغىدىكەنمۇ؟... ھازىرقى ئادەملەرنىڭ باھاسى چۈشكەن ماللارغا ئامراق بوپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرمەمسىز...

تاشقىرقى بۆلۈمدىكى ياش خىزمەتچىلەر ئىشىكتىن باشلىرىنى تىقىپ قىزىقسىنىپ قاراپ قويىدى. ئاپتور ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەردى.

— ئەسەرنى قويۇپ كېتىڭ، كۆرۈپ باقايلى، — دېدىم مەن گەپنى چاپسانراق يىغىشتۇرماقچى بولۇپ، — ئەمما سىزگە ئېيتىپ قوياي، ياراپ قالغۇدەك بولسا ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا ئېلان قىلىمىز-ھە!

— ياپىرەي، مېنى قورقاتماڭ! — ئۇ ئىككى قولىنى كېرىپ، مەيدىسىنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە تىرەپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدى، — مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دېگەن گەپ بارغۇ؟ ھېچ بولمىغاندا، قاراڭ مۇشۇ بىر نۆۋەت بولسىمۇ يەنە ئۆز نامىڭىزدا ئېلان قىلىپ تۇرۇڭ، ئاندىن...

— قويۇڭ، بۇ پەقەت قائىدىدە يوق ئىش-تە!

— مانا مەن ئۆزۈم ئۆز رازىلىقىم بىلەن سىزگە ئاپتورلۇق ھوقۇقىمنى ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتىمەن-دە! بولمىسا سىزگە ھېچقانداق دەۋا-دەستۇرۇم يوق، دەپ ھۆججەت قىلىپ بېرەي... سىز يوشۇرۇن لەززەت دېگەن بىر نېمىنى بېشىڭىزدىن كەچۈرگەنمۇ؟ بۇمۇ ئاجايىپ بىر سېزىمدە! ئۆزۈمنىڭ يازغانلىرىمنى خەقلەرنىڭ ئوقۇپ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى سىرتتىن ئاڭلاپ ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن، ئۇلار ئەسەرنى سىزنىڭ يازغانلىقىڭىزنى بىلمىگەندىن كېيىن تەنقىدلىسىمۇ، ماختاشسىمۇ، ھەممە ھەق گەپنى كۆز ئالدىڭىزدا دەۋېرىدۇ، بەزىدە ئۆزۈممۇ خۇددى يات ئادەملەردەك پالانى يېرى مۇنداق بوپتۇ، پوكۇنى يېرى زادى قاملاشماپتۇ دەپ ئۇلار بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ كېتىمەن. ناھايىتى قىزىق بولىدۇ. ئۆز ئەسىرىنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلىدىغان ئاغىنىلەر مۇنداق لەززەتتىن مەھرۇم دەڭە، ئۇلارنى ئالدىدا ماختاپ قويۇۋېرىدۇ، يالغان ماختاشقا ئەخمەق بولۇپ كىلدىيىپ يۈرىدۇ، خەق ئارقىسىدىن كۈلىدۇ... يوشۇرۇن لەززەت دېگەن ئاجايىپ نەرسە-دە! مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا راستلا ساراڭدەك قىلىقلىرىم بار ئىدى. مۇھەببەت خەتلىرىنى تازا قاتۇرۇپ يېزىپ، قىزلارنىڭ يانچۇقىغا تۇيدۇرماي سېلىپ قوياتتىم. خەتنى ئوقۇغان بىچارە قىز ئۆزىگە كۆزى چۈشۈپ قالغان يىگىتنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي، خېلى كۈنلەرگىچە ئاۋارە بولاتتى. بەزى قىزلار شۇنچىلىك ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ دېمەمسىز، مېڭىسىگە دەرسمۇ چۈشمەي قالىدۇ، ئوقۇتقۇچى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ھازىر نېمە دېدىم؟ دەپ سورىسا پارقىراپلا تۇرىدۇ. مەن ئىچىمدە كۈلۈپ ئولتۇرىمەن. بەزى تىرتەك قىزلار خەتنى مۇئەللىمگىلا كۆتۈرۈپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە مەن خەتنى پۇچۇركامنى ئۆزگەرتىپ يازىمەن-دە! شۇنىڭ بىلەن ئىشنىڭ ئاخىرىسى مۇئەللىمنىڭ سىنىپتىكى شوخراق بىر-ئىككى بالىنى چاقىرتىپ چىقىپ سوراقتا تارتىشى بىلەن ئاياغلىشاتتى... ئۆزۈم بىرەر قىزغا راستىنلا كۆيۈپ قالغۇدەك بولسام، ئۇنىڭغا زادىلا سىرىمنى ئاشكارىلىمايتتىم. ھېلىقى قىزنىڭ باشقىلارغا

كۆلۈپ قاراشلىرى، باشقا ئوغۇللار بىلەن ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىشلىرى، كىملەر بىلەندۇ يوشۇرۇن كۆز بېقىشىشلىرى مېنى شۇنچە قىينىسىمۇ لېۋىمنى چىشلەپ چىدايتتىم. بۇ ئازاب، مۇنداق يوشۇرۇن كۆيۈش ماڭا يەنە يېڭى بىر خۇشاللىقمۇ بېغىشلايتتى...

— غەلىتە تۇيغۇ ئىكەن.

— شۇنداق، ھەر بىر ئادەمدە ئۆزىگە چۇشلۇق غەلىتىلىك بولىدۇ، دەڭە، مانا مەسىلەن، ئادەم ئۆلتۈرۈپ خۇشال بولىدىغانلار بار، بىراۋنىڭ تىنچ ماكانىنى خانىۋەيران قىلىۋېتىپ، ئازابلانغان ئادەملەرگە قاراپ ھوزۇرلىنىدىغانلارمۇ بولىدۇ... قاراڭ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلىندۇرمەي كېتىپ قالغان ئادەمنىڭ شۇ ئالىيجانابلىقىدىن ئالىدىغان شادلىقىنى سىز چۈشىنەمسىز؟ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلىسا، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان ئىچكى خۇشاللىقتىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مۇنداق يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىدىغان يوشۇرۇن ھاياجاننى ھەر كىم ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، پەقەت كىتابلارغىلا ئوچۇق يېزىشمايدۇ... ئۆزۈمنىڭ ئەسىرىنى باشقىلارنىڭ نامىدا ئېلان قىلىشىمۇ ماڭا شۇنداق خۇشاللىق بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەڭ ئاخىرقى قېتىمدا بولسىمۇ، مېنى بۇ لەززەتتىن مەھرۇم قىلماڭ!

— نامچۇ؟ نامىڭىزنى چىقىرىشقا قىزىقمامسىز؟ — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدۈم.

— نام دېدىڭىزما؟ قۇرۇق ئاتاقنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ كۆرمەيۋاتامسىز، ھازىرقى ئادەملەر ئۆلگەنلەرنىڭ ئابروينى جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەيدىغان بولدى... مانا، سىز بىردىنىلا بۇ ئەسەرنى مېنىڭ نامىمدا ئېلان قىلدىڭىز دەيلى، كىشىلەر «ئەنە، پالانى دېگەن يازغۇچى كېلىۋاتىدۇ» دېيىشسە، قورساقتا شۇنىڭغا لايىق ئوماچ بولسا بولىدۇ - دە!؟ شائىر، يازغۇچى دېگەنلەر بەزى سورۇنلاردا ئادەملەرنى ئاجايىپ شېئىرلارنى ئوقۇپ ھەيران قالدۇرۇپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ يۇمۇلىتىۋېتىدىكەن، مېنى دېسىڭىز، يولى كەلگەندە خوتۇنغىمۇ گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن. ئەر - خوتۇن سوقۇشۇپ قالساق، گەپ قىلمايلا قوپۇپ دۇمبالايمەن... يېقىندىن بېرى، شۇنداق كۈنلەر بېشىمغا كېلىپ قالسا چانمىسۇن، دەپ بەزى خەق تونۇمايدىغان شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغىلى تۇردۇم. تېخى ھېلىلا، ھېلىقى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە مەستلەرگە:

ئۇمرۇم بويى راھەت ئۆتتى ئۇ كېچە،
گۈزەل يارىم بىللە بولغاچ تاڭغىچە...

دېگەنىدەك بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ بېرىۋىدىم، ئۇلار ۋاي - ۋاي - ۋاي! دەپ تاماقلىرىنى چېكىشىپ كەتتى. تېخى بىر - ئىككىسى قولىدىكى رومكىلىرىنى ماڭا تەڭلەپ ئولپەتلەشمەكچى بولغانىدى، ئاران قېچىپ چىقتىم. ئارقامدىن ۋاھ، شائىركەن - ھە! دەپ گۇدۇڭلاشقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئۇ كىمنىڭ شېئىرى؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— شەيخ مۇسلىمىددىن سەئىدى شىرازىنىڭ، — دېدى ئۇ، — سورىغانلارغا سەئىدىنىڭ دەپلا قويسىڭىز بولمايدۇ، تولۇق نام - شەرىپى بىلەن شۇنداق ئۇزارتىپ ئېيتسىڭىز ھەيۋەت ئاڭلىنىدۇ.

كۆرۈپ كەتتىم.
— ئۇنداقتا، سىز ئۆزىڭىزگە بىر
ئەدەبىي تەخەللۇس تاپسىڭىز بولغۇدەك.
— تەخەللۇس دېدىڭىزما؟ تەخەللۇسى-
مىز ھېلىقىدەك لەقەممۇ؟ ... راست، بۇ ئىش
خىيالىمغا كەلمەپتۇ. سىزچە مەن قانداق
لەقەم ئىشلەتسەم بولار؟
مەنمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمىدىم.
— بەزىلەرنىڭ يازغىنىدىن تەخەللۇسى
يوغان بولىدىكەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام
قىلىپ، — مانا مەسىلەن، پالانچىنى سىزمۇ
بەلكىم تونۇيسىز، ھېلىقى تاماكىنى ئارقا-
ئارقىدىن چېكىپ ئولتۇرۇپ تاماكىنىڭ زى-
يىنى توغرىسىدا بىر نېمىلەرنى يازىدىغان
ئاغىنە «سوغۇق سۇ ئىچمەڭ»، «قان بېسىمى
بار ئادەم يىقىلىپ چۈشسە بولمايدۇ»،
«قوي گۆشى بەدەنگە پايدىلىق»، «نان يې-
سىڭىز قورساق تويىدۇ» دېگەندەك تۈكى
يوق نەرسىلەرنى يېزىپ گېزىت - ژۇرنال-
لارنى توشقۇزۇۋېتىدۇ. تۇۋا دەيمەن، بى-
رىنچى ئايدىن كېيىن ئىككىنچى ئاي كېلىدۇ،
ئۆلمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ، دېگەندەكلا
گەپقۇ بۇ! شۇنداقلىقىغا باقماي، تەخەللۇسى
ھەيۋەت.
— ھەيۋەت، دەمسىز؟
— ھە، تەخەللۇسى «ھەيۋەت»!
— سىز «ساراڭ» دېگەن تەخەللۇسنى
ئىشلەتسىڭىز بولامدىكىن؟
— ساراڭ؟! ... ساراڭ بولماقمۇ ئوڭاي
ئەمەس دەڭە.
— قانداق دەيسىز؟
— مانا مەسىلەن، مېنىڭ بىر قوشنام
بار، ئۇ ھېلىقى يامان يىللاردا ئون يىل
تۈرمىدە يېتىپ ئاران ساراڭ بولۇپ چىق-
قان، يېقىندىن بېرى كوچىمىزنىڭ دوقمۇ-
شىدا يەنە بىرى پەيدا بولۇپ قالدى.
ئاڭلىسام، پۇل تاپىمەن، دەپ تالڭ ئاتقۇچە
دۇكان ئېچىپ، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان
بولۇپ قالغان نېمە ئىكەن ... بەزىلىرىنىڭ
ساراڭلىقىغىمۇ زادى ئىشەنمەيمەن. ئۇچ ۋاق
تاماقنى بىر ئوبدان يەيدۇ، گەپنى تەتۈر
قىلىدۇ ... يېقىندىن بېرى مۇشۇ ساراڭلىق-
نىڭمۇ باھاسى چۈشتىمۇ قانداق؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— قارىمامسىز، ساراڭلىقنى پۇلغا سې-
تىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ.
— كىملەرنى دەۋاتىسىز؟
— ھاراقكەشلەرچۇ!؟ بىر تۈزۈك ئا-
دەملەر، قاراپ تۇرسىڭىز قاۋاقنىڭ ئىشىكى-
دىن پۇلنى كۆتۈرۈپ ساق كىرىپ كېتىپ،
بىر سائەتكە قالمايلا ساراڭ بولۇپ چىقى-
شىدۇ. مانا مۇنۇ ھېكايىدا شۇنداقلار توغ-
رىسىدا يازدىم ... كالىچىڭىزنىڭ ئىچىنى
ئادىراسماندا ئىسرىقداپ، ئۆزىڭىزنى پات-
پات ئاشلىتىپ تۇرغىنىڭىز ياخشى. ئاڭلى-
دىڭىزمىكىن، ھېلىقى ئېلاخۇن دېگەن زا-
سۆيپەز يېڭى توغۇلغان بالىسىنىڭ ھەمرى-
يىنى سىركە - لازىغا مىلەپ يەپ قويۇپتۇ-
دەك ... چوڭ كۆۋرۈكتە بىر سەتەڭ بولى-
دىغان، كالپۇكلىرىنى كۆرسىڭىز چوقۇم
بوياق ئىچىۋالغان نەرسە بولسا كېرەك،
دەپ قالىسىز، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن
يېقىندىن بېرى كۆچەت غاجىلايدىغان
بوپقاپتۇ ... ساتىدىغان زايۇم يوقتۇ!؟ قېنى،
لەقەمنى ئويلىشىپ باقاي، ئاڭغىچە مۇنۇ
ھېكايىنى ئۆز نامىڭىزدىلا - ھە!
ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ
ئىشىككە ماڭدى. غەلىتە گەپلەرنىڭ تەسى-
رىدە بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتىم - دە، ئا-
دىن ئالدىمدىكى ئورىگىنالغا كۆز يۈگۈرتۈپ
مۇنۇ ۋەقەلەرنى ئوقۇدۇم.

* *

ئاتلار پۇشقۇرۇپ ياكى توپ ئوقلىرى گۈمبۈرلەپ چۈشۈپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدا قەھرىمان ئاتالماققۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئۇ، كىشىدىن ھەقىقىي جاسارەت، قورقۇمسىزلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەرزىمەس ئىشلار سەۋەبى بىلەنمۇ «قەھرىمان» ئاتىلىپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدىكەن. چوڭلار بۇرۇن بىزنىڭ مۇشۇ ناھىيە بازىرىمىزدا ھېكىم تاۋاق دېگەن بىر نوچى ئۆتكەن دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى— ئون - يىگىرمە ئادەم بىر بولۇپ ئۇرۇپ - چالا ئۆلۈك قىلىپ ياتقۇزۇۋەتسىمۇ، بىر دەمدىن كېيىنلا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتىكەن. ھەممىدىنمۇ كونىلار ئەمەت چوڭ دېگەن بىرسىنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن پاراڭ قىلىشىدۇ. ئەمەت چوڭ تامدەك ئېگىز، بەستلىك ئادەم بولۇپ، بىر قېتىم ئۇ بىر بايۋەچچە بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ، يوغان بىر قوينىڭ گۆشىنى ئون ئىككى ئاق نان، ئىككى ئاپقۇر ھەسەل بىلەن قوشۇپ يەۋېتىپ، بايۋەچچىنىڭ ئاستىدىكى ئويناپ تۇرغان ئارغىماقنى ئىگەر - جابدۇقلىرى بىلەنلا قوشۇپ ئۇتۇۋالغانىكەن.

«مانا ھازىرقىدەك ئېسىمىزدە،— دەپ ھېكايە قىلىشىدۇ چوڭلار بۇ ۋەقەنى،— يازنىڭ تازا ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى. نۇرۇم دېگەن بىر بايۋەچچە بولىدىغان، بازارغا ھەيدەپ كىرگەن ماللىرىدىن نۇرغۇن پايدا كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا بازاردىكى تونۇش - بىلىشلىرىگە بىر قوي سويماقچى بولدى. يوغان بىر قوشقارنى ئىمىناخۇن شورپىچىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئەمدىلا باغلاتقۇزۇپ تۇراتتى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا شۇ يەرگە ئەمەت چوڭ پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمەت قوشقارنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قويۇپ:

— بايۋەچچە، سويساڭ ئىككى- ئۈچنى سوي، بۇ چىشقاق توخلاڭغا كىم تويىدۇ-ۋاي، بىر ئادەملا يەپ قويار بۇنى! — دەپ چېقىشتى.

— نېمە!؟ — دەپ سەكرەپ كەتتى بايۋەچچە، — ئاشۇ قوشقارنى ئۆزۈڭ يالغۇز يەۋېتەلەمسەن؟

— يېمەي!

— يەنە بىر دەستە نانىنىمۇ قوشۇپ يە.

— يەيمەن.

ئەتراپتىكى ھەممىمىز ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدۇق. بىرەيلەن خۇشامەت قىلىپ بايۋەچچىنىڭ يېنىغا يورغىلاپ بېرىپ «يەنە ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنىمۇ يە دېسىلە، ھەسەل غىققىدە قىلىپ قويۇپ ھېچنېمە يىگۈزمەيدۇ» دەپ ئۆگەتتى. بايۋەچچە:

— يەنە ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنىمۇ يە!— دېدى.

— دېگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئەكەل. يەۋەتسەم ئاستىڭدىكى ئاتنى تىكتىڭمۇ؟ — دېدى ئەمەت.

ئاپلا، بۇ گەپ جىڭغا ئايلىنىدىغان بولدى-دە، دېيىشتۇق. بايۋەچچى:

— ماڭىغۇ بۇ ئاتنى ئىگەر - جابدۇقى بىلەن بېرىۋېتىسەممۇ ھېچ گەپ ئەمەس، سەن قوڭالتاق ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ نېمەڭنى بېرەرسەن؟ — دېدى.

— ئۇتتۇرۇۋەتسەم ئۆلگۈچە خىزمىتىڭدە بولاي!

گەپ شۇنداق بولدى. بايۋەچچىنىڭ قويىنى يەيمىز، دەپ يىغىلغانلار مال بازىرىدىكى كونا لاپاسنىڭ ئاستىغا توپلاندۇق. ئەمەت چوڭ يوغان چېلەكتەلىق سوغۇق سۇنى

يېنىغا ئەكېلىۋېلىپ ئوتتۇرىدا ئولتۇردى.
بىر ھازادىن كېيىن ئەمىناخۇن شورپىچى يوغان تەڭلىدىكى ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق گۆشنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بىر دەستە ناننىمۇ ئەكېلىشتى. بىر دەستە نان دېگىنىمىز ئون نان بولىدۇ. لېكىن ئەمەت چېۋىنىڭ ئالدىدىكى نان ئون ئىككى بوپقالغانتى. ئەمەت ئۇنى ساناپمۇ ئولتۇرمىدى. ئاۋۋال ئىككى ئاپقۇر ھەسەلنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋالدى، ئاندىن چېلەكنى ئېگىشتۈرۈپ سوغۇق سۇدىن تازا بىر سۈمەردى-دە، كالپۇكلىرىنى يالاپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ:

— خۇدا ھەققى كۆپچىلىك، سەل نېرى تۇرۇڭلار، شامال ماڭسۇن، — دېدى.

دېمەكچىمۇ، توپلاشقانلارنىڭ تىنىقى، گۆشتىن كۆتۈرۈلىۋاتقان ھور قوشۇلۇپ ھاۋا ئېغىر ئىنجىقلىشىپ كەتكەنتى. بىز ئورنىمىزدا ئولتۇردۇق. نۇرۇم بايۋەچچە ئات ئۇستىدە بېشىمىزدا قاراپ تۇراتتى. ئەمەت پۇتىنىنى يېشىۋېتىپ، ماتا كۆڭلىكىنى ئارقا ياقىسىدىن تۇتۇپلا تارتىپ، بېشىدىن ھالقىتىپ تاشلاپ يېرىم يالىڭاچ بولدى. پېشانىسىدىكى تەرلەرنى مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسى بىلەن سۈرتۈپ، گۆشنى ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىپ ئۇششاقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دومبىسىدىن ئېرىقتا ئاققاندەك تەر قۇيۇلاتتى. ئولتۇرغانلاردىن بەزىلىرىمىز كۈلىمىز، بەزىلەر «ھەسەلنى كېيىن ئىچىدىغان گەپتى» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئاۋۋال ئىچكىنى دۇرۇس بولدى» دەپ تالاشقىلى تۇردى. بەزىلىرىمىز «مۇنۇ ئەمەت بۈگۈن قورسىقى يېرىلىپ ئۆلۈپ بېرەرمۇ!» دەپ ئەندىشىمۇ قىلاتتۇق. نۇرۇم بايۋەچچە قامچىسىنىڭ دەستىسى بىلەن بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— ھوي ئەمەت، ژىنىڭ يېرىلىپ ئۆلسەڭ مەن ئىگە ئەمەس-ھە! مانا، جامائەت تۇرۇپتۇ... — دەپ ئەسكەرتىپ قوياتتى. ياشانغان بىر كىشى:

— يە ئەمەت، ئۆزۈڭمىغۇ ئۆمرۈڭدە تۈزۈك بىر تويۇپ باقمىغان، يەپ ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ غەم يوق ئەمەت، يە! — دەپ مەدەت بەردى.

ئەمەت چوڭ گۆشنى پارچىلىۋېلىپ بىر تۇتۇش قىلدىكى، ئەيىۋھانناس، كۆرمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدۇ. ئۇ يۇمشاق گۆشنى نان بىلەن قوشۇپ يەپ، گۆيۈلىدىتىپ سوغۇق سۇدىن ئىچىپ، ھەش-پەش دېگۈچە تەڭلىنىڭ تېگىگە يەتكۈزدى. نان پاك-پاكىز تۈگىدى. ئەمىناخۇن گۆشتىن سەسكىنىدىغاندەك ئەمەس. يەنە ئىشتىھا بىلەن كۆرۈپ، چاينىماي دېگۈدەكلا يۇتۇۋاتاتتى. بايۋەچچە ئاتتىن چۈشۈپ:

— بولدى بەس ئەمەت، ساڭا قول قويدۇم! — دەپ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى. شۇ چاغدا بىزمۇ:

— بولدى ھوي ئەمەت، يەيدۇ دېسە بالانى يەمسەن؟ ماۋۇ گۆشكە بىزمۇ ئېغىز تېگىپ باقايلى! — دەپ ئۇنىڭ ئالدىدىن تەڭلىنى تارتىۋېلىپ، بىرەر چىشلەمدىن ئېغىز تەگدۇق.

ئەمەت چوڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇتتۇۋالغان ئېتىغىمۇ قارىماي، چىڭقىلىپ ناغرىدەك بولۇپ كەتكەن قورسىقىنى لىغىرلىتىپ، سازلىققا چۈشتى-دە، سۇدا يېرىم كۈن ياتتى... پاھ، ئۇ زامانىنىڭ ئادەملىرى ئاجايىپ-تە! ھازىرقى ياشلارنىڭ تامىقى تاماقمۇ، يېرىم تەخسە لەڭمەننى ئىنجىقلاپ ئاران يېيىشىدۇ...»

www.uyghurkitap.com

چوڭلار ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى ئەنە شۇنداق گەپلەر بىلەن چۈشۈرۈشىدۇ. ئېھتىمال، ئۇ زاماننىڭ ئادەملىرىنىڭ ئاشقازىنى بىر خو بۇغداي پاتىدىغان تاغاردەكلا يوغان بولسا كېرەك، مانا، شۇنچىلىك ئۇزۇن زامانلار ئۆتتى. ناھىيە بازىرىدا قانچىلىغان ئەزلەر ئۆلۈپ تۈگىدى. نۇرغۇن ئىشلار ئەستىن چىقتى-يۇ، بىر قوينى پۈتۈن يەيدىغان ئەمەت چوڭ ھازىرغىچە ئۇنتۇلماي كېلىۋاتىدۇ.

مانا، يېقىندا بىزنىڭ ئولتۇرۇشتا بىرەيلەن قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىپ، تاسادىپەن يەنە شۇنداق شۆھرەتكە ئېرىشىپ قالدى. بۇ ئۆتكەن قىشتا، تالادا جاراڭلاپ سوغۇق بولۇپ تۇرغان بىر كېچىدە بولغان ئىش ئىدى.

كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان بىرنەچچەيلەن بار ئىدۇق. قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ھەر شەنبە ئاخشىمى بىرەرسىمىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ئوبدان تاماق يەپ، پاراڭلاشقاچ قارتا ئويناپ ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدۇق. ئەلۋەتتە ئازراقتىن ھاراقمۇ ئىچىشىپ قوياتتۇق. قىلىشىپ كەلسەك گېپىمىزمۇ تۈگىمەيتتى. كىچىك چاغلىرىمىزدا شورا ئاتلاپ باغلارغا ئوغرىلىققا چۈشكەنلىرىمىز، دەريا بويىغا چۆمۈلگىلى بارغاندا بولغان كۈلكىلىك ئىشلار، مەكتەپتە كىمنىڭ قايسى مۇئەللىمدىن تاياق يېگەنلىكى، كىمنىڭ كىمگە ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى، خەلقئارا ۋەزىيەت، مال باھاسى، تۇرمۇشتا ئۇچرىغان قىزىقچىلىقلار دېگەندەك جىمى تېمىدا سۆز بولاتتى. بەزىدە بىر-بىرىمىزنىڭ بالا ۋاقتىمىزدىن يالداما بولۇپ قالغان لەقەملىرىمىزنى كەلتۈرۈپ چاقچاق قىلىشىپمۇ كېتەتتۇق. مېنى ئۇلار ئوسمان داڭگال دېيىشەتتى. نېمىشقىدۇر كىچىك ۋاقتىمدا داڭگال يەيدىغان ئادىتىم بار ئىدى. خېلى چوڭ بولۇپ، باللار بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىمدىمۇ خۇمارىم تۇتۇپ كەتكەندە تام تۈۋىلىرىنى سىيپاشتۇرۇپ بىر تال داڭگالنى تېپىپ ئوغرىلىقچە ئاغزىمغا سېلىۋالاتتىم. ئاغىنىلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن ئۆيلەنگىنىمۇ مەن. داڭگال يەيدىغان ئادىتىم ئۆيلەنگەندىن كېيىن قېپقالدى.

مانا ماۋۇ خۇرۇم چاپان كىيگەن ئابدۇلنى ئالساق، مەكتەپتىكى چاغدا باللارغا ئانچە ئارىلاشمايدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. قانداقتۇر رومانلار، شېئىرىي كىتابلار، چەت - چۆرىلىرى تىتىلىپ، قەغەزلىرى سارغىيىپ كەتكەن بىر نېمىلەرنى تىقىشتۇرۇپ ئوقۇپلا يۈرەتتى. تولۇق ئوتتۇرىغا چىققان يىللىرى ئۇ شېئىر يېزىشقا ھەۋەس قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازدى. دەرس ۋاقتىدا ئۇنىڭ لېكسىيە يازىدىغان دەپتىرىنىڭ ئارىسىدا دائىم شېئىر يازىدىغان بىرەر ۋاراق ئاق قەغەزنى قىستۇرۇقلۇقلا تۇرىدىغان، ئىلھامى كەلگەندە دەرسنى قويۇپ شېئىر يېزىپ چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بەزى شېئىرلىرىنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ، كونۋېرتلارغا سېلىپ نەلەرگىدۇر ئەۋەتكىنىنىمۇ كۆرگەنىدۇق. ئوقۇش ئاخىرلاشقىچە ئۇ سىنىپتىكى قىز - ئوغۇللارنىڭ خاتىرىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەستىلىك شېئىرلىرى بىلەن توشقۇزۇپ بولدى. لېكىن گېزىت - ژۇرناللاردا بىرەر پارچىمۇ شېئىرى ئېلان قىلىنىپ باقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇل ھازىر مەتبۇئاتلاردا شېئىرى ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان شائىرلارنىڭ بىرسىنىمۇ

ياراتمايدۇ. «ھەممىسى توغرى! — دەپلا باھا
بېرىدۇ ئۇ، — خەقلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈ-
رۈلۈپ كەتكەن كونا كىتابلاردىن، تازا قې-
لىنلىرى بىر-بىرسىنىڭكىدىنمۇ كۆچۈرۈۋې-
رىدۇ...» بۇ گېپىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن
بەزىدە ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرۇشقا شۇنداق
كۆچۈرمىچىلەر تەنقىدلەنگەن ماقالىلەر بار
گېزىت-ژۇرناللارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقى
كۆچۈرمىچىلەرنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغان
تەنقىدنى ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىدۇ. ئاندىن
كۆزىمىزگە تىكىلىپ «قانداق، مەن دېگەن-
دەكمىكەن؟...بۇ تېخى تۇتۇلۇپ قالغانلىرى،
تۇتۇلمىغان ئوغرىلار ساماندەك!...» دەپ خۇلاسە
چىقىرىدۇ. ئابدۇل ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا
بېرىپ، ئاغرىپ قېلىپ بىر يىلدىن كېيىن
قايتىپ كەلگەنىدى. ھازىر ئۇ تېرىچىلىك
قىلىپ بېقىپ كەتتى. تېخىچە ئۆيلەنمىدى.
تازا مەست بولۇپ قالغان چاغلىرىدا ئالىي
مەكتەپكە بارغاندا تونۇشقان بىر قىز ساۋاق-
دىشىنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، «ئەجەبمۇ قىز-
تى-دە، كاساپەت! بۇ چاققىچە بىرەرسىگە
تېگىۋالغاندۇ...» دەپ ھەسرەتلىنىپ
قويىدۇ.

مۇنۇ ئورنىدا بىردەممۇ جىم ئولتۇ-
رالمايدىغان يىگىتنى بىز تۇرسۇن تېكە
دەيمىز، چىرايى كىچىك بالىنىڭكىدەك كۆ-
رۈنگىنى بىلەن يېشى ھەممىمىزدىن چوڭ،
بالا ۋاقتىمىزدا ئۇ تېكىدەك سەكرەپ، ھەم-
مىمىزنى باغمۇ باغ باشلاپ يۈرۈيدىغان،
ئوغرىلىققا چۈشىدىغان باشقا يەر تاپالمى-
غاندا، تام ئاتلىتىپ ئۆزىنىڭ بېغىغا باش-
لاپ كىرەتتى. كېيىن مەكتەپتە ئوسسۇل،
تانسا دېگەنلەرگە شۇنداق ئۇستا بولۇپ
كەتتىكى، بىر چاغدا سەنئەت مەكتەپكە
ئوقۇغۇچى ئېلىشقا كەلگەنلەر ئۇنى ئوسسۇل
سىنىپىغا قوبۇل قىلماقچى بولۇپ تاللاشقاندا،
ئۇنىڭ دادىسى «ئارتىسلىقمۇ ئىشمۇ!» دەپ
بەرگىلى ئۇنىمىدى. مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ
تىككۈچىلىكنى ئۆگەتتى. ھازىر ئۇ ناھىيە
بازىرىمىزدىكى ئۇستا كېسىمچىلەرنىڭ بىرى.
تۇرسۇن تېكە ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ئوسسۇلچىسى
ۋە قىزىقچىسى. ئاياللار توغرىسىدا ئەپسانە،
لەتىپە توقۇشقا شۇنداق ئۇستىكى، قويۇۋې-
رىڭ، كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىمىزنى ئۈزۈپ قو-
يىدۇ. ئۇنىڭ چاقچاقلىرى تولىراق ئايال-
لارنىڭ ساغرىسى ئۈستىدە بارىدۇ. «مانا
قاراڭلار، بۈگۈن ئىشخانىغا بىر خوتۇن كې-
رىپ كەلدى، ئىشەنمەيسىلەر، ساغرىسىغا
سانتى سالسام بىر مېتىردىن ئوشۇق چى-
قتى»، «بىر تويدا بىر چوكان بىلەن ئوس-
سۇلغا چۈشۈپ قالدىم. كاساپەتنىڭ ساغرىسى
ساغرا ئەمەسمۇ، چوڭ جاۋۇردا ئويۇتقان
لەگپۇگدەك لىغىرلاپ تۇرىدىكەن...» بۇ
تېخى ئادەتتىكى گەپلەر، بەزى گەپلىرىنى
ھەرگىزمۇ قەغەز بېتىگە يازغىلى بولمايدۇ.
شۇنداقلىقىغا قارىماي، ئۇمۇ ھازىرغىچە
ئۆيلەنمىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىشىچە، «خو-
تۇن ئېلىش ئەخمەقلىق، بالا تېپىش سا-
راڭنىڭ ئىشى» ئىمىش.

بۈگۈن بىزگە داستىخان سېلىۋات-
قان مۇنۇ ساھىبخانىنى بىز رەجەپ توپاق
دەيمىز. ئۇ ئانىسىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ،
ئانىسىنى خېلى يوغانلا بولۇپ كەتكىچە
ئەمگەن. بىز بىلەن ئويناپ يۈرگەن چاغ-
لىرىدىمۇ بەزىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ دەرۋازا
ئالدىدا ئولتۇرغان ئانىسىنى شاپىلدىتىپ
ئېمىۋېلىپ كېلىدىغان. ئانىسى: «ۋاي تو-
پاق، سەن قاچانمۇ چوڭ بولارسەن!» دەپ
ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ كېتىدىغان. مەك-
تەپتىكى چاغلاردا ئۇنى «رەجەپ ھازىرمۇ

ئاپىسىنى چاپۇتلاپ يىغلىتىپ ئېمىۋالىدىكەن» دەپ تېرىكتۇرەتتۇق. بەستىنىڭ يوغانلىقىغا باقماي ئۇ تولىمۇ قورقۇنچاق ئىدى. ئازراقلا چىشىغا تېگىپ قويساق، «ئاپامغا دەيمەن!» دەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى. قىزلار گەپ قىلىپ قويسا ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوقلا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتەتتى. ئۇ دەرستە تولىمۇ ناچار ئىدى. بېچارە ئاپىسى ئۇنى خالىمىسىمۇ زورلاپ مەكتەپكە ئەۋەتەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەربىر سىنىپنى ئىككى يىلدىن «پۇختىلاپ» ئوقۇپ، بىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىنىچە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى ئارانلا تۈگىتىپ، دادىسىنىڭ دۇكىنىغا مەش - كاناي ياساشقا چىقىۋالغان. ئانا سۈتىنىڭ خاسىيىتىمىكىن، مانا ھازىر ئۇ بويۇنلىرى بۇقىنىڭ بوينىدەك قاتلىشىپ تۇرىدىغان يوغان ئادەم بولدى. ئۇنىڭ بازار ئىچىدىكى دۇكىنىغا بارسىڭىز مەش، چېلەك، تۇڭ، چوڭ - كىچىك داس، چۆگۈنلەرنىڭ ئارىسىدا پۇتىڭىزنى ئالىدىغان يەر تاپالمايسىز. دۇكان ئىچىدىكى شاگىرت باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، بولقىلارنىڭ تۆمۈر لوملارغا تەگكەندىكى جاڭ - جۇڭ ئاۋازلىرى قۇلاق، مېڭىڭىزنى يەپلا كېتىدۇ. رەجەپنىڭ ئوقتى ناھايىتى يۈرۈشكەن، مەشچىلىك ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان كەسىپ، ئېھتىمال. مۇشۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئادەملەر ھازىر ئىشلىتىۋاتقان مەش - چېلەكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى رەجەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ياسىغان بولسا كېرەك. رەجەپنىڭ تۈۋلىتىۋېرىپ پاكارلاپ كەتكەن چېلەكتەك دىقماق ئايالى تولىمۇ مېھماندوست...

نۆۋەتتىكى ئولتۇرۇشىمىز مانا شۇ رەجەپ توپاقنىڭ ئۆيىدە بولىۋاتاتتى. تاماق تارتىلىشنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بەستلىك، ئوتتۇرا ياشلارغا كېلىپ قالغان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ قاپقارا بۇرۇتى ئاق سېرىق چىرايىغا تازىمۇ ياراشقان بولۇپ، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى.

— قوشنىلارنى ئىزدەپ كەلگەن مېھمان ئىكەن، قوشنىمىز ئۆيىدە يوق. بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ كېتىڭ، دەپ تۇتۇۋالدىم، — دەپ تونۇشتۇردى رەجەپ.

— ئوبدان بوپتۇ، قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭ! — دېيىشىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مېھماننى تۆرگە تەكلىپ قىلدۇق.

— قوزغالماڭلار، قورغالماڭلار! — دېگىنىچە ئۇ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئارىمىزغا كېلىپ ئولتۇردى.

نارىن تارتىلدى. نارىن يېيىلىپ، تاۋاقلار يېرىملاشقاندا، رەجەپ توپاق مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ قويۇپ، ھېلىلا ئۆزى گۆشىدىن ئاجرىتىپ داستىخان ئۈستىگە تاشلاپ قويغان يىلىكنى قولىغا ئالدى - دە، سۇندۇرۇپ يىلىكنى شوراپ ھۇزۇر قىلماقچى بولۇپ بەكىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۈستىخانغا تاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. خېلى ھەپىلەشتى - يۇ، سۇندۇرالمىدى.

— جېنىڭنى قىينىمىغىنا، سۇندۇرالمايسەن، قوينىڭ قارا يىلىكى ئاۋۇ! — دېيىشتۇق بىز.

— قېنى، مۇنۇ تېكە بىر نېمە قىلالامدىكىن، — دەپ تۇرسۇنغا سۇندى رەجەپ.

— توپاقنىڭ كۈچى يەتمىگەن يەردە بىز نېمە قىلالايمىز، — دېدى ئۇ.

— ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭنىڭ سۆڭىكى بولغاندىن كېيىن ئېپىنى بىلەمسەنكىن دەيمەنا؟ — دېدى رەجەپ.

لېكىن تۇرسۇن تېكىمۇ ھەپىلىشىپ بىر لېمە قىلالمىدى. ئىنچىكە ئۇستىخان، چاقنىڭ ئارقىسى بىلەن تاقىلدىتىپ ھەربىر ئۇرۇلغاندا ئۇنى نېرى تۇر! نېرى تۇر! دېگەندەك قىلىپ قاڭقىتىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئارىمىزغا يېڭىدىن قېتىلىپ قالغان ھېلىقى مېھمان:

— ئەكىلىڭە، ماڭا بېرىڭ! — دەپ قالدى.

مېھمان يىلىكنى قولىغا ئېلىپ، ئىككى ئالقىنى بىلەن باشمالتاقلىرىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ بىرلا كۈچەيتىۋىدى، يىلىك ۋارسىدە قىلىپ ئوتتۇرىدىن ئىككى بولۇپ كەتتى. ھەيران قالدۇق. شۇنچە يىل گۆش يەپمۇ ئارىمىزدا ھېچكىم تېخى قويىنىڭ قارا يىلىكىنى قول بىلەن سۇندۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى.

تاماقتىن كېيىن سەي كىردى. رەجەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى بىر قەغەز يەشىكنى ئالدىغا تارتىپ بىر بوتۇلكا ھاراقنى سۇغۇرۇپ ئالدى.

— مانا سىزمۇ كېلىپ قاپسىز، — دېدى رەجەپ مېھمانغا قاراپ، — ئولتۇرۇشىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشى ئۈچۈن ئازراقتىن ئىچىپ قويايلى. بىزمۇ بۇنى كۈندە ئىچمەيمىز، مۇشۇنداق ھەپتىدە بىرەر قېتىم...

— ھە، بۇ بولمىسا ھاردۇق چىقمايدۇ - دە! — دېدى مېھمان كۈلۈپ.

رەجەپ توپاقنىڭ كۈچى بولغان بىلەن ئېپى يوق. ئۇ، قولىدىكى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چىشى بىلەن ئاچماقچى بولۇپ ھەپىلىشىپ ھېچنېمە قىلالمىغاندىن كېيىن ئۇستەلنىڭ گىرۋىكىگە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، يەنە ھېلىقى مېھمان:

— ھاي، ھاي!... ئۇستەلنى كاردىن چىقىرىسىز، — دەپ توختىتىۋالدى، — ئەكىلىڭ ماڭا بېرىڭ!

مېھمان بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، بارماقلىرىنى مېتال ئېغىزىنىڭ گىرۋىكىگە پاتۇرۇپ بىرلا تارتىۋىدى، ۋاككىدە ئېچىلىپ كەتتى.

— ۋاھ، كۈچ دېگەن بارىكەن-دە! — دېيىشتۇق.

مۇشۇ ئىككى ئىش بىلەنلا يېڭى مېھمان ئولتۇرۇشىمىزنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىشقا يېقىنلىشىپ قالدى. رەجەپ ئەلىلىك گىراملىق رومكىغا لىقلاپ ھاراق قۇيۇپ:

— سەل قىزىۋالغىچە مۇشۇنداق لىقلىقتىن ئىچەيلى ھە ئاغىنىلەر، قانداق دەيسىز؟ — دەپ مېھمانغا قارىدى.

— كۆڭۈللۈكلەرچە بولسۇن! — دېدى مېھمان سالاپىتىنى بۇزماي.

— شۇنداق بولسۇن، مانا ئەل - ئاغىنىلەرنى ئىچىدۇ، دەپ بىر يەشىك ھاراق ئەكىلىپ قويىدۇم... ئازادە ئولتۇرايلى...

رەجەپ رومكىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى، ئۈچىرەت ھېلىقى مېھمانغا كەلگەندە ئۇ ھاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— يوغانراق ئىستاكان يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، كېرەكمىدى؟

— ئەكىلىڭە.

رەجەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇستەل ئۈستىدىكى قىرلىق چاي ئىستاكىنىدىن بىرنى ئېلىپ، سورتۇپ مېھمانغا سۇندى. مېھمان چوڭ ئىستاكاننى ئالدىغا قويۇپ، قولىدىكى ھاراقنى ئۇنىڭغا تۆكۈۋالدى - دە:

— رومكىنى ئايلاندۇرۇۋېرىڭ، مەن سەل توختاپ ئىچەي، — دەپ رومكىنى ساقىيغا قايتۇرۇپ بەردى.

www.uyghurkitap.com

ئاز ئادەم بولغاندىن كېيىن نېمە بولماقچى دەيسىز، رومكا هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئۈچ قېتىمدىن ئايلاندى. يېڭى مېهمان هەر بىر كەلگەن ئۈچىردىتنى هېلىقى قىرلىق ئىستاكانغا تۆكۈۋېلىپ، قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىمىزگە قۇلاق سېلىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— قېنى، ئەمدى بىر كۆتۈرۈۋەتمەمسىز! — دېدى رەجەپ مېهمانغا.

— سىلەر ئىچىۋېرىڭلار، مەن مۇشۇ ئىستاكان توشقاندا بىراقلا ئىچىمەن. ئاز هاراق ئىچسەم بېشىمغا چىقىدۇ...

«نېمە دەيدىغاندۇ!» دەپ مېهمانغا تەڭلا قاراشتۇق.

— هوي... ئۇقۇشمىغاننىڭ ئىشى ـ دە. باشتىلا شۇنداق دېگەن بولسىڭىز چوڭ ئىستاكانغا تولدۇرۇپلا قويۇپ بەرمەيتتۇقمۇ. هېلىمۇ بولسا... — دېگىنىچە رەجەپ مېهماننىڭ «ياق ئۇنداق قىلماڭ، ئۆچىرەت بىلەن بولسۇن!» دېگىنىگە قويماي، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانىنى لىپمۇلىق تولدۇرۇپ قويدى.

هەممىمىزنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا قادالدى. مېهمان قىرلىق ئىستاكاننى پەم بىلەن قولغا ئېلىپ لېۋىگە ئاپاردى ـ دە، خۇددى بىر لەززەتلىك مېۋە سۈيىنى ئىچىۋاتقاندەك، چىرايىنى ئۆزگەرتمەيمۇ قويماي بىراقلا سىمىرىۋەتتى.

— ئەكىلىڭ، يەنە بىرنى لىقلاپ قوياي، — دېدى رەجەپ.

— ئىچسەم ئىچەي، ئەمما شۇندىن كېيىن ماڭا هاراق قويمايسىلەر ـ هە!

ئىككىنچى ئىستاكاننىمۇ ئۇ يەرگە قويماي، غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى. هاراقنى ئۇ ئادەم ئىچىۋاتقان بولسىمۇ مېنىڭ بەدىنىمنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. ئابدۇل تېرىنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قالغان تېرىدەك پۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۇرسۇن تېكە گېلىغا قىلتىرىق تۈرۈلۈپ قالغان ئادەمدەك بىئارام بولۇپ ئورنىدىن قوزغىلىپ، قوزغىلىپ قوياتتى. رەجەپ تويپاقنىڭ بويۇن تومۇرلىرى ئىختىيارسىز لىپىلداپ، بوغدىيىكى يۇقىرى ـ تۆۋەن غىلدىرلىغىلى تۇردى... يائاللا، نېمە كارامەت بۇ!؟... ئۆمرۈمدە مەن مۇنداق دەهشەت هاراق ئىچىدىغان ئادەمنى كۆرگەن ئەمەسمەن. قىرلىق ئىستاكاننىڭ هەر بىرىدە تولۇق يېرىم بوتۇلكا هاراق بار ـ دە!

مېهمان ئىستاكاننى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ، بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئەمدى ئۇ بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ تەلتۆكۈس قەهرىمانىغا ئايلانغانىدى. هەممىمىز ئۇنىڭدىن كۆزىمىزنى ئۈزەلمەي قالدۇق.

— قالتىس ئىچىدىكەنسىز جۇمۇ! — دەپ ماختاشتۇق.

— ئۆگەنگەن خۇي، — دېدى ئۇ سەيدىن بىر چوكا ئېلىپ ئاغزىغا سېلىپ، چىرايلىق بۇرۇتىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — قېنى سىلەر هارىقىڭلارنى ماڭغۇزۇۋېرىڭلار... ياش ۋاقتىمدا شوپۇرلۇق قىلىپ يۈرۈپ رۇس ئاغىنىلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشقان، هەجەپ ئىچەتتى ـ دە، كاساپەتلەر! — ئىككى ئىستاكان هاراق ئۇنى خېلى قىزىتىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، سىلەردەك ۋاقتىمدا بەك تارتىنچاقتىم، قىزلارغا تۈزۈك پاراڭ قىلالماي، ئۆيلىنىشتە ئاغىنىلەرنىڭ هەممىسىنىڭ ئارقىسىدا قالغانتىم. بولمىسا چىرايىمنىڭ خەقتىن قالغۇچىلىكى يوق، جۈرئەت كەم... ئۇ چاغلاردا تانسا

كۆپ بولىدىغان، بىر كۈنى ھېلىقى ئاغىنىلەر تالىغا بارىمىز دېيىشىپ، قىزىقىپ ئىلىشقا ھاراق ئىچكىلى تۇردى. بىرسى: «ھوي، مۇنۇ قىلىن دورىسىدىن سەلىمۇ ئازراق يۇتۇۋالمامسەن!» دەپ مېنىمۇ تەكلىپ قىلدى. يۈرىكىم يوغارسۇن، دەپ مۇشۇنداق قىرلىق ئىستاكاندا كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپلا بىرنى كۆتۈرۈۋېتىپتىمەن. راست دېگەندەك شۇ كۈنى تالىدا تونۇشمايدىغان قىزلارغىمۇ قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بېرىپ تازا كۈلدۈرۈپتىمەن. توۋا، نەدىن كەلگەن ئىلھام بۇ دەيمەن. بايا شۇ ھاراقنىڭ كۈچى. ھە، ئىشنىڭ يولى مۇنداقكەن-دە! دېدىم. شۇنداق ئىچىپ، ئويناپ يۈرۈپ زويا دېگەن بىر رۇس قىزى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. خېلى ۋاقىتلارغىچە دوستلىشىپ يۈردۇق، كېيىن توي قىلدۇق. باشتا ئاتا-ئانام نارازى بولغان، كېيىن ئۇ ناھايىتى ياخشى كېلىن چىقتى. ئۇنىڭغا زورە دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويدۇق. چوڭلارنىڭ رايىغا بېقىپ تانسىلارغىمۇ بارمايدىغان بولدۇق. ھەر كۈنى كەچلىكى ئىشتىن كېلىمەن، بىر ئىستاكان ھاراقىم تەييار، تاماقنىڭ ئالدىدا زورە ئۆز قولى بىلەن قىرلىق ئىستاكانغا لىقلاپ قۇيۇپ بېرىدۇ. ئۆزى قىزىلىدىن بىر ئىستاكان ئىچىپ قويىدۇ. تاماقنى يەپ بولۇپ، پاتېفوننى چۆكىلىتىپ قويۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە غىمتاتىتاغا چۆشۈپ كېتىمىز... ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكەنتۇق. كېيىن، زورەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى مەندىن ئايرىپ چەت ئەلگە ئېلىپ كەتتى. بېچارىنىڭ كۆزى ئارقىسىدىلا قالدى. ئامال يوق... مانا، ياخشى خوتۇندىن ئايرىلدۇق، يامان ھاراقتىن ھازىرغىچە ئايرىلالماي يۈرۈيمەن...

بۇ تۇرمۇش تارىخىنى ئاڭلاپ قەھرىمانىمىزغا بولغان ھۆرمىتىمىز تېخىمۇ ئاشتى.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى تۇرسۇن تېكە.

— خۇدا بۇيرۇسا، ئاتمىشقا قاراپ كېتىۋاتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسىز!؟ — دېيىشتۇق ھەممىمىز تەڭلا، — تېخى بىز سىزنى كۆپ بولسا قىرىقتىن ئاشقان ئادەمدۇ دەپتۇق.

— قىرىق دېگەن نەلەردە قالدى، قېرىدۇق، ئۇكىلار... قېنى، ھاراقىڭلارنى ئايلاندۇرۇۋېرىڭلار.

— سىزگە يەنە بىرنى...

— ياق، ياق، يېتەرلىك بولدى!

مېھمان ئىستاكىنىنىڭ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ياپتى. ھاراق يەنە بىر نەچچە رومكىدىن ئايلىنىپ قىزىپ قالغىلى تۇردۇق. مەن پات-پات كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ھېلىقى مېھمانغا قاچان يىقىلاركىن، دەپ قاراپ قويىمەن. لېكىن ئۇ سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كوچىلاپ پاراڭلىرىمىزغا قۇلاق سېلىپ بىخارامان ئولتۇرىدۇ. بىر چاغدا رەجەپ يەنە:

— مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دېگەن گەپ بار، ئەكىلىڭە سىزگە ھېچبولمىغاندا يېرىمىنى بولسىمۇ قويۇپ قوياي، — دېدى.

— كۆڭلىڭلار ئۇنىمايۋاتىدۇ-ھە؟... بوپتۇ، قۇيسىڭىز لىقلاپ يەنە بىرنى قۇيۇڭ!

قىرلىق ئىستاكان يەنە لىقلاندى. مېھمان ئۇنى قولىغا ئېلىپ، چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى-دە، ھاراقنى ئالدىرىماي سۈمۈرۈپ رومكىنى قۇرۇقدىدى. ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار،

قىزىقچىلىقتا جىق ئىچىپ قويىدىغان ئوخشايمەن. قايتىۋالاي، ــ دېدى.

ــ ھوي نەگە؟... ئەمدى مۇشۇ ئۆيدىلا قونۇپ قالىسىز.

ــ خوش ئۇكىلىرىم، سىلەرگىمۇ رەھمەت... تېخى ئەتىگەنغۇ، يەنە بىر كۆرۈشىدىغان ئادىمىم بار ئىدى... سىلەر ئولتۇرۇپ قېلىڭلار.

ئۇ ئۇزاتماقچى بولغان رەجەپنىمۇ توسۇپ قويىدى ـ دە، ئىشىكنى ئېچىپ، قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

ــ قاچتى! ــ دېدى تۇرسۇن تېكە.

ــ نەگە قاچتى؟ ــ دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىگە چۈشەنمەي.

ــ ھەي داڭگال، چوڭ ئىستاكاندا ئۈچنى ئىچمەك ئوڭايمۇ؟ بىر يېرىم بوتۇلكا ھاراق دېگەن گەپ... ئۆزىنى چاغلىماي ئىچىۋەتتى، قاراپ تۇرۇڭلار، بىر يەرگە گۈپپىدە يىقىلىدۇ!

ــ يىقىلمايدۇ! ــ دېيىشتۇق بىز، ــ قارىمامسەن، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئورنىدىن دەس تۇرغىنىنى.

ــ يىقىلىدۇ! ــ دېدى تېكە.

بىز يىقىلمايدۇ، دەپ تالىشىپ، مېھماننىڭ ئارقىسىدىن ماختاش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتۇق.

ــ ياﺋاللا، كارامەت ئىچىدىكەن ـ ھە!؟

ــ ھەقىقىي ھاراقكەشكەن!

ــ مەن تېخى بۇ ئادەم باشتا ھاراقنى چوڭ ئىستاكانغا يىغقىلى تۇرسا، ئۆيىگە ئاپىرىپ ئىچىدىغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

ــ ھېلىقى يىلىكنى ياغاچنى ئۇشتۇغاندەكلا ئۇشتۇۋەتكىنىنى، بوتۇلكىنى ئېچىشىنى دېمەمسىلەر، بوتۇلكىنى...

لېكىن تۇرسۇن تېكىلا بۇ قەھرىمانىمىزغا زادى قايىل بولمىدى.

ــ كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ ھەيران قېلىپ، ياقاڭنى تۇتۇپ ئوڭداڭغا چۈشىدىغان خەقكە نىسىنەۋاي! ــ دەيتتى ئۇ، ــ قېنى، يىلىكنىڭ بولسا ئەكىلىشكىنە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئاجرايدىغان يېرى بار، شۇ يەرنى تاپساڭ ئوڭايلا...

ــ ساڭا يەنە بىر يىلىك تېپىپ بېرىمىز دېسەك باشقىدىن قوي سويساق بولىدۇ. قېنى، بىگىسىڭ بولسا ماۋۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ باققىنە!

رەجەپ كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى يەشىكتىن يەنە بىر بوتۇلكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. تۇرسۇن ھېلىقى مېھماننى دوراپ، ئالقىنىنى بوتۇلكىنىڭ مېتال ئېغىزىغا تىرەپ تۇرۇپ، بارماقلىرىنى گىرۋەككە پاتۇرۇپ خېلى ھەپىلىشىپ باقتى. ئاچالمىدى. ئىرىنىقى ئاغرىغان بولسا كېرەك، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئالقىنىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، كۈچەپ بىرلا تارتىۋىدى، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزى قاڭقىپ داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.

ــ قانداق، ئاچتىممۇ؟

ــ ياغلىقنى قويدۇڭ ـ دە!

ــ ياغلىقنى قويسامۇ ئاچتىممۇ!؟... قېنى ئەمدى قىرلىق ئىستاكىنىڭنى ئەكىلىش!

ــ نېمە قىلاي دەيسەن؟

ــ ئىچىمەن!

ئۇنىڭ يوغانچىلىقىنى بىر كۆرۈپ باقىش ئۈچۈن بايا مېھمان ھاراق ئىچكەن قىرلىق ئىستاكانى قولىغا ئېلىپ بەردۇق. تۇرسۇن ئۇنىڭغا لىقلاپ ھاراق قۇيدى ـ دە، راستىنلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. بىز قاراپلا قالدۇق. تېكىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ، بۇرنىنىڭ ئۈچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەيدا بولدى.

— قانداق، ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالامدىكەن؟... بۇ ئادەتلىنىشتىن، يالغان بولسا سىلەرمۇ ئىچىپ بېقىڭلار... قېنى، رەجەپ، ساھىبخان بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ باشلا...

تۇرسۇن تېكە قىرلىق ئىستاكاننى يەنە تولدۇرۇپ رەجەپكە سۇندى.

— ئىچە توپاق!

رەجەپ ئىستاكاننى ئىندىمەي قولغا ئېلىپ، ئىچىگە بىر قاراپ قويدى-دە، ئەتىيازدا ئەگىز سۇيى ئىچكەن كالىدەك غۇرتۇلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يوغان بويىندىن بۇ بىر ئىستاكان سۇيۇقلۇق يۇقۇشمايلا ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىپ قالدىمۇ:

— ھوي راست، ھېچقانچە گەپ ئەمەسكەن! — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئابدۇل تېرىگە قاراپ، — ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ ئىچىپ باق...

— كۆتەر، نېمە زۇلۇم ئۇ! — دەپ تەتۈر قارىدى ئابدۇل، مەنمۇ:

— ئىچمەيمەن! — دېدىم.

— نېمە دەپ ئىچمەيدىكەنسىلەر!؟ — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى تېكە، — ئەكەل يەنە بىر بوتۇلكىنى، ئۆچىرىتنى ئىچەدۇ.

يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. لىق بىر ئىستاكان ھاراقنى ئابدۇل بىچارىگە زورلاپ ئىچكۈزۈۋېتىشتى. قالغان يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى دۈم كۆمۈرۈپلا ماڭا قويدى. ئەمدى ئۆچىرىتنى ئىچىپ بولغان ئۆچەيلەن تەڭلا سالا-سۇلاغا چۈشتى:

— ھە، ئەمدى مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئىچمەيمىز، قېنى غەيرەت قىلىپ كۆتۈرۈۋەت!

— ياپپاش يىگىت تۇرۇپ، ئاتمىشقا كېتىپ بارغان ھېلىقى ئادەمچىلىك بولالامامسەن؟

— ئىچە، مۇنچىلىك سۇ دېگەن داڭگالغا سىڭىپ كېتىدۇ...

گەپتىن قېچىپلا ئىستاكاننى قولۇمغا ئالدىم. كۆزۈمنى يۇمۇپ سۈمەردىم. باياتىنبېرى ئىچىپ خېلى قىزىۋالغاچقىمۇ، قىرلىق ئىستاكاندىكى ھاراقنىڭ ئاچچىقى زادىلا بىلىنمىدى. ئىستاكاننى بوشىتىپ «قانداق، مەنمۇ يارامدىكەنمەن!» دېگەندەك، ئاغىنىلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدۇم، رەجەپ يۈگۈرۈپ قوپۇپ، ئەتىگەندىن بېرى ئىشلىتىش خىيالىغا كەلمىگەن ئۈنئالغۇسىغا قانداقتۇر بىر لېنتىنى سېلىپ ۋاڭشىتىپ قويۇۋەتتى. تۇرسۇن تېكە سەكرەپ قوپۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىز چاۋاك چېلىپ «ھوي بەللى!... كىم بۇ!» دېيىشىپ بەردۇق. ئاخىرىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇلى ئۇسسۇلغىمۇ، ناغرىچىنىنىڭ ئالدىدىكى ساماغىمۇ، رۇسلارنىڭ ئادىنوشكىسىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر نېمىگە ئايلىنىپ كەتتى. كېيىن، يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى ئېسىمدە يوق...

*

جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا قاراڭغۇ بىر ئۆيدە ھوشۇمغا كەلدىم. ئەتراپىمنى سىيپىلسام مۇزدەك كۆمۈرنىڭ ئۈستىدە، تازا زەن سالسام، ئۆزىمىزنىڭ كۆمۈرخانىسىدا يېتىپتىمەن. بۇ ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر ئۆي بولۇپ، ئادەتتە بىز ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە كۆمۈر قوياتتۇق، بىر تەرىپىگە ئايالىم يىغىرتىلغان ئاياغ كىيىملەر، ھەر خىل قەغەز، يەشىك، ئەسكى مەش،

www.uyghurkitap.com

كونا گېزىت، قۇرۇق بوتۇلكا دېگەندەك كېرەكسىز نەرسىلەرنى دۆۋىلەپ قوياتتى. تاملاردىكى قوپال، يوغان مىخلاردا ۋېلسىپىتنىڭ ياماق چۈشكەن كامېرلىرى، ئەسكى قولاقچا، داتلىشىپ كەتكەن تېرمۇس قېپى، چۈۋۈلۈپ كەتكەن چويلا، چۆرىسى قىرچىلغان كونا يەڭلىككە ئوخشاش نەرسىلەر ئېسىقلىق بولاتتى. «ياﺋاللا! بۇ ئۆيگە مەن قانداق كېلىپ قالغاندىمەن؟... كېچە بىز رەجەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغان ئەمەسمىدۇق؟!...» ئويلاپ ھېچبىر تېگىگە يېتەلمىدىم. كۆمۈرخانىنىڭ كونا ئىشىكىنىڭ گىرۋىلىدەپ سوغۇق كىرىپ تۇرغان ئاراشلىرىدىن تىنىق قىش ئاسمىنىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تەمتىلەپ بېرىپ ئىشىكنى ئىتتەرسەم، ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپلىنىپ قاپتۇ. «بۇ يەرگە مېنى كىم سولاپ قويغاندۇ؟»

تاڭ يورۇغىچە يەنە ئىشىكنىڭ ئالدىدا كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇشۇمغا توغرا كەلدى. ئايالىمنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىشىكنى تارا بىر قاتتىق چالاقلىتاي دېسەم، قوشنىلاردىن خىجىل بولدۇم. بىر ھازادىن كېيىن، ئەتراپقا يورۇق چۈشۈپ، ئايالىم بىر قولىدا لاخشىگىر، بىر قولىدا مەشنىڭ تارتمىسىنى كۆتۈرگىنىچە ھويلىدا پەيدا بولدى. ئۇ تارتمىدىكى كۈلنى بىر بولۇڭغا ئاپىرىپ تۆكۈپ، ئۇدۇللاپ كۆمۈرخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىتىرلىتىپ قۇلۇپنى ئاچتى-دە، مېنى كۆرۈپ:

— ۋايىيەي! — دېگىنىچە ئارقىسىغا داجىپ كەتتى.

— ئىت! — دەپ تېنىللۇۋەتتىم مەن ئاچچىقىمدا، — بۇ ئەسكى ئۆيۈڭگە قۇلۇپ سېلىۋالمىساڭمۇ قايسىبىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئوغرى ئېلىپ كېتەتتى!؟

— ۋاي مەن نېمە بىلەي، سىز بۇ كۆمۈرخانىدا نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟...

خوتۇنىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەستىن ئۇدۇل ئۆيگە ماڭدىم.

— يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئويغىنىپ قارىسام تېخى قايتىپ كەلمەپسىز، تالاغا چىقسام، كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكى ھاڭدەك ئوچۇق تۇرۇپتۇ. ئىچىگە قارىمايلا قۇلۇپلاپ قويۇپتىمەن...

خوتۇن شۇ گەپلەرنى تەكرارلاپ ئۆزىنى ئاقلاپ قالدى. ئۆيگە كىرىپلا يېشىنىپ، خوتۇننىڭ كېچىچە مېنى ساقلاپ يېتىپ ئىسسىتىپ قويغان يوتقىنىغا پۈركەندىم. ۋاھ، نېمىدېگەن راھەت!... شۇ ياتقانچە بېشىمنى كۆتۈرمەي كۈن چۈشتىن قايرىلغۇچە يېتىپتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئازراق چاي ئىچتىم-دە، ھاۋالىناي دەپ تالاغا ماڭدىم. دەرۋازىدىن چىقسام، كوچا دوقمۇشىدا خۇددى ئادىنوشكىغا دەسسەۋاتقان ئادەمدەك پۇتلىرىنى تىنىمسىز تېپىرلىتىپ تۇرسۇن تېكە تۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ ئۇششاق چامداپ يېنىمغا كەلدى-دە:

— قانداقراق؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى.

— ئاخشام تازا ئىچىپتۇق-تە! بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ... نېمە بولغىنىمنى ئۇقمايمەن، مەستچىلىكتە كېلىپ كۆمۈرخانىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— مېنى دېمەمسەن، — دېدى ئۇ، — ئاخشام رەجەپنىڭ ھېلىقى بىر لىبىنتىنى قويغىنى ئېسىڭدە باردۇر؟

— قايسى لىبىنتىنى؟

— ھېلىقى بىر ئۇسسۇل پەدىسى.

— ھە، ھە، شۇنداقراق بىر نېمىنى چالغاندەك قىلىنۋىدى.

— تازىمۇ ياخشى سازكەن، سەن ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن، رەجەپتىن باشقا ھەممىمىز ئۇتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناپ كەتتۇق. مەن شۇ ئوينىغانچە ئۇسسۇل ئويناپ ئۆيگىلا كەپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى كېچە بوپقاپتۇ دەڭلا، ئەگەر كۈندۈزى كوچىدا شۇنداق ئۇسسۇل ئويناپ ماڭغان بولسام خەق نېمە دەر ئىدى؟

— ئۆگەتكەن تېككەن-دەبۇ، دەيدۇ شۇ.

— چاقچىقىڭنى قويۇپ ماۋۇ گەپنى ئاڭلا، تېخى ئۆيگە كېلىپمۇ ئۇسسۇل ئويناپ بىرىمەن، دەپ ھەممىنى ئويغىتىپ پاتىپاراق قىلىۋېتىپتىمەن. ئاپام بىچارە دادامنى بىلىپ قالمىسۇن، دەپ مېنى نېرىقى ساراي ئۆيگە باشلاپ قويۇپتۇ. «ھاي بولدى قىل!» دېگەنگە ئۇنىماي تاڭ ئاتقىچە ئۇسسۇل ئويناپتىمەن. ئىشەنسەڭ، ھېلىراقتا بىر-ئىككى سائەتلا كۆزۈمنى يۇمدۇم. ھېلىقى ئۇسسۇل پەدىسى ھېلىمۇ قۇلىقىمدا. ئۇسسۇل ئوينىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ...

ئۇنىڭ كېيىن ئاخىرلاشماستىنلا نېرىراقتا رەجەپنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بىز دوقمۇشقا بارغۇچە ئۇ تۇپاقمۇ ئالدىرىماي دەسسەپ يېتىپ كەلدى.

— ئاخشامقى ئويۇنىمىزنىڭ ئاخىرىسى نېمە بوپكەتتا ئاغىنىلەر؟ — دېدى ئۇ. — مەن ھېلىقى قىزلىق ئىستاكاندىكى ھاراقنى ئىچكىنىمنى بىلىمەن، شۇنىڭ بىلەنلا بۇ ئالەمدىن كېتىپ قاپتىمەن.

— ھېلىقى، ئۇنىڭ ئالغۇڭنى ئۇسسۇل پەدىسىگە قويغىنىڭنىمۇ بىلمەمسەن؟

تۇرسۇن تېكە قولىنى كېرىپ بىر پىتىر قىرىۋەتتى.

— سارىڭ بولدۇڭمۇ، شامالغا ئۇسسۇل ئويناپ...

—قالتىس سازكەن-دە، تېخىچە قۇلىقىمدىلا جاراڭلاپ تۇرىدۇ... قانداق لېنتىنى قويغىنىڭنى بىلەرسەن؟

— دەۋاتىمەنغۇ، — دېدى رەجەپ، — ھېچنېمە ئېسىمدە يوق. شۇ ھاراق دېگەن نېجىسنى ئىككىنچى ئىچمەيلى، ئاغىنىلەر.

— نېمە بولدى، مەستچىلىكتە سەنمۇ بىرەر قىزىقچىلىق چىقارمىغانسەن؟

— نېمە بولاتتى، سىلەر كېتىپسىلەر، مەن ئولتۇرغان يېرىمدە بېشىمنى مەيدەمگە ئېگىشتۇرۇپ ئۇخلاپلا قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغانسام، ئالدىمدا ھېچكىم يوق، قورۇق بوتۇلكىلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە چېچىلىپ يېتىپتۇ. داستىخان دېگەننىڭ سەيلەر تۆكۈلۈپ رەسۋا بوپتۇ. ئىشىك ئوچۇق قالغانىكەن، ئۆينىڭ ئىچى مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئالغۇ گىژىلداپ تۇرىدۇ. قوپۇپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. قۇلاق سالسام، تالادا بىرسى تاراقشىغاندەك قىلىپ قالدى. «بۇ ئاغىنىلەر ھويلىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ-دە» دەپ چىقسام، نېرىقى پېشايۋاندا بىرسى شارقىرىتىپ بىر نېمە تۆكۈۋاتىدۇ. مەن سىلەردىن بىرەرسىڭلار بولساڭلار كېرەك، دەپ ئويلاپ بېرىپ، قوپەۋاي، قۇسۇۋېرەمسەن! — دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتىپتىمەن. قارىسام دادام بايا ئۇ بامداتقا تەرەت ئېلىپ، ئاغزىنى چايقاپ غار-غار قىلىۋاتقانىكەن. شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى، تىللاپ رەسۋايىمنى چىقاردى، خىجالەتچىلىكتە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم...

تۇرسۇن ئىككىمىزنىڭ كۈلۈۋېرىپ، كۆزلىرىمىزدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— گەجگىسىدىنلا تارتتىم، دە!

— قۇسۇۋېرەمسەن، دېدىڭ؟!

كۆڭۈللۈك پارىڭىمىزنى يىراقتىن بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى. قارىساق، بىر كىچىك بالا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ.

— سىلەرنى ئاپام چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى بالا ھاسىرىغىنىچە كېلىپ يېنىمىزدا توختاپ.

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟ — دېدۇق بىز.

— تېرىچى ئابدۇلنىڭ ئۇكىسى.

«راست، ئابدۇل نېمە بوپكەتكەندۇ!» دەپ ئېسىمىزگە ئالدۇق.

— ئاكاڭ ساقتۇ؟

— ساق.

— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

— ۋاي تاغەي، بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەپلىۋاتىدىغۇ.

دۈپۈرلىشىپ ئابدۇلنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدۇق. دەرۋازا ئالدىدا بىزنى ئۇنىڭ ئانىسى ساقلاپ تۇرغانىكەن. يىراقتىن بىزنى كۆرۈپ ۋايساپلا كەتتى.

— ۋاي بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟... ئادەم تونۇمايدۇ، ساراڭدەك سۆزلەپلا ئولتۇرىدۇ... ئاخشام نەدە ئوينىغانتىڭلار؟

— مۇنۇ رەجەپنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانتۇق، بولمىسا يورۇقلا قايتقان... نېمە بوپتۇ ئابدۇلغا؟

— بۇ بالا تاڭغا يېقىن پەيدا بولدى. ھويلىغا چىقسام دەرۋازىنىڭ ئالدىدىن يېرىسى ئۆتكەندەك بولدى. ھوي ئابدۇل بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئېسىمگە ئېلىپ، دەرۋازىنى ئاچسام، بىرسى دەرۋازىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تىككىدە تۇرىدۇ. ئابدۇلمۇ سەن؟ نېمە قىلىپ تۇرىسەن، دېسەم، ھەدە، بۇ قەيەر، دەيدۇ. نېمە دەيدىغاندۇ بۇ، مەست ئوخشىمامدۇ، دەپ قەيەر بولاتتى، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيۈڭ، دېسەم، سىز كىم، دەيدۇ. مەن سېنىڭ ئاپاڭ جانارىخان، ماڭ ئۆيگە كىر، دېسەم ئەمسە، مەن كىم، دەيدۇ. ۋاي خۇدايىمەي، ماۋۇ بالا نېمانداق ئادەمنى قورقىتىدىغاندۇ، دەپ قولىدىن تارتىپلا ئۆيگە ئەكىرىۋالدىم. مانا، ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم بىر نېمە سالمىدى، سۆزلىگىنىنى سىزلىگەن... ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە، زۇۋانىنى ئۆزۈڭلار بىر ئوقۇڭلار.

ھويلىغا قەدەم بېسىشىمىز بىلەنلا بۇرنىمىزغا ئەيلەنگەن تېرىسىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى ئۇرۇلدى. پېشايۋاندا تۇزلاپ باسۇرۇپ قويغان تېرىلەر، يەنە قانداقتۇر گىرۋەكلىرىنى شور باغلاپ كەتكەن يوغان كۈپلەر تۇرۇپتۇ. ئۆيگە كىرسەك، ئابدۇل راستىنلا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ ۋاتىلداپ، سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانىكەن. بىزنى كۆرۈپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. كۆزلىرى ئېلىشىپ، غەلىتىلا پارقىراپ تۇرىدۇ. بىزنى تونۇمىدى، مېنى:

— ئارۇپ مىسكەرنىڭ ئوغلىمۇسەن؟... كۆرۈنمەيسەنغۇ؟ ھېلىمۇ ئىچكىرىدىن كونا كىيىملەرنى ئەكىلىپ سېتىپ يۈرەمسەن؟ ھېلىقى كۈنى ماڭا ئەكەلگەن زايومىڭنى ئەللىك سوملۇق پۇلىمكىن، دەپقاپتىمەن... — دېدى.

تۇۋۋا، دەپ ياقامنى چىشلىدىم. ئارۇپ مىسكەرنىڭ ئوغلى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى ھەممىمىز تەڭ كۆتۈرۈشۈپ چىققانىدۇق!.. رەجەپنى

ئۇ قانداقتۇر بىر تېرە ئەكىلىپ ساتىدىغان ئادەمگە ئوخشاتتى.

— تېرەڭنى تاشلاپ كەت، ئاداش! — دېدى ئۇ، — پۇلىنى كېيىن ئالىسەن. بىز ئۇنداق خەقنىڭ ھەققىنى يەيدىغانلاردىن ئەمەس. بويىنۇڭنىڭ يوغانلىقىغا قارىغاندا تېرەڭ ياخشىدەك قىلىدۇ... يۈزۈڭ پارقىراپ كېتىپتۇ، سەرەپتىن چىقتىڭما؟!

تۇرسۇن تېكە مېنى نېمە دەيدۇكىن، دەپ قىزىقسىنىپ ئابدۇلنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، ئابدۇل ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى.

— مانا قارا، سەنمۇ بۇ يەردىكەنسەنغۇ؟... ئاكاڭ رەھمەتلىك ئالانتىلىق سامسىپەزتى، جۈمەدىن يېنىپ كېلىپلا بىز بىلەن ھاراق ئىچەتتى... پۇت - قولۇڭنىڭ جىم تۇرمىغىنىغا قارىغاندا خوتۇنۇڭغا قېيداپ ئۆگزىدە يېتىپسەن - دە، ھە!...

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەي تېڭىرقاپلا قالدۇق.

— ۋاي خۇدايىمەي، قانداقمۇ قىلارمەن! — دەپ يىغىنى سالدى ئۇنىڭ ئاپىسى، — بىر ئۆيىنى گۆلدەك بېقىۋاتقان بالا ئىدى. بالامغا كۆز تەگدى، كۆز!... خۇدايىم، قەست قىلغاننىڭ قەستىنى ئۆزىگە ياندۇرارسەن...

قىرلىق ئۇستاكاندا ھاراق ئىچتۇق دەپ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزگە يوق بالانى تېپىۋالدۇق. ئابدۇلنىڭ سۆزلەپ قالغىنى بىر كۈندىلا پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى. بار خىجالەتچىلىك بىزگە بولدى. كۆرگەنلا خەق بىزدىن:

— ئابدۇل ئاغىنەڭلەرگە نېمە بوپتۇ؟

— كىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغانتىڭلار؟

— نېمە ئىچكەنتىڭلار؟

— قانچىلىك ئىچكەنتىڭلار؟ — دەپ سوراپ بېشىمىزنى ئوچاق ئېتىۋېتىدىغان بولدى. تۇرسۇن تېكە ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ ئۇلارغا:

— نېمە ئىچەتتۇق، ھەممە ئادەم ئىچىۋاتقان، ھۆكۈمەت سېتىۋاتقان نەرسىنى ئىچتۇق. قانداق، گېپىڭ بارما؟! — دەپ ۋارقىرايتتى. رەجەپ توپاق تېرىككىنىدىن بوغۇلۇپ:

— ئاناڭنىڭ پالان نېمىسى...! — دەپلا ئاغزىنى بۇزىدىغان بولدى.

بىر ھەپتە ئىچىدە ئابدۇلنىڭ ئاپىسى ساي مەھەللىدىكى پال ئاچىدىغان خوتۇننىڭ ئۆيىگە كۈندە دېگۈدەك قاتراپ بىر مۇنچە پۇلنى خەجلەپ بولدى. ئابدۇل قانداقتۇر ئۇستى ئوچۇق ئۆي، چاقى يوق ھارۋا، ئادەم بېسىۋالغان خاڭ، تېخى تۇغۇلمىغان ياكى بولمىسا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر توغرىسىدا بىر نېمىلەرنى دەيتتى. «قوڭالتاق ئۆتۈك كىيگەن تۈكۈر قوتازنى جىنتاق خوتۇننىڭ مايماق ياغىچىغا چىقمىساڭ قانداق كۆرىسەن؟... سۇنغان بېگىمىز، ئەسكى كېگىمىز، خوتۇنى ئۆزىدىن ئېگىمىز، سىلەر ئۇنى تونۇمامسىلەر؟...» دەپ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارايتتى.

بىر كۈنى ئابدۇلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى «چولاق تېرەك» دېگەن يەردىن داڭلىق بىر داخاننى باشلاپ كەلدى. ئاغىنىمىزنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بىرەر يېڭى گەپ ئاڭلىماقچى بولۇپ بىزمۇ شۇ

كېچە ئابدۇلنىڭكىگە يىغىلدۇق. «چولاق تېرەك» دېگەن نام ئاشۇ داخاننىڭ ئۆزىگە قاراپ قويۇلغانمىكىن، دەپ قالدىم. ھېلىقى ئادەمنىڭ بىر قولى چولاق، پۇتلىرى سۇ چىقمىغان دۆڭدە ئۆسكەن قارىياغاچنىڭ شاخلىرىدەك ئىنچىكە ۋە مايماق ئىكەن. جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي يۈزى داپتەك كەڭ، كاۋا يوپۇرمىقىدەك يوغان قۇلاقلىرى غەلىتە داردىيىپ تۇرۇپتۇ. پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدا قاش-كىرپىك دېگەنىدىن ئەسەرمۇ يوق. كۆزۈمگە خۇددى يا جىنغا، يا ئادەمگە ئايلىنالماي ئوتتۇرىدا ئېزىپ قالغان بىر مەخلۇقتەك كۆرۈندى. «ياپىرەي! ئاغىنىمىزغا چاپلاشقان ھەرقانداق ئالۋاستى بولسىمۇ مۇنۇ ئادەمنى كۆرۈپ مىڭ گەزيەرگە قاچار» دەپ ئويلىدىم.

داخان دوڭغاسلاپ يۈرۈپ ھويلىنىڭ



ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا نوكچا ياقتى. ئۆينى قاتتىق ئىسرىقداپ، ئىككى قارا توخۇنى ئۆلتۈرگۈزۈپ قېنىنى ئابدۇلنىڭ گەجگىسىگە تامغۇزدى. ئاندىن بىزنى: «ئۇدۇم قاچىدۇ.. ئەتە ئەتىگەندە دۇئادا بىللە بولۇڭلار» دەپ باشقا ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ، ئىشىكنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ كېچىچە ئوقۇدى. نېمە ئوقۇپ، نېمە ئىشلارنى قىلغىنىنى بىلمەيمىز. ئەتىگەندە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپ ھېلىقى ئۆيگە كىرسەك، داخان بىلەن ئابدۇل بىر-بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ تىككىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. داخان «كېلىڭلار!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئۇ:

تىلى پەسنىڭ تىلىغا،
دىلى پەسنىڭ دىلىغا،
كۆزى يامانىنىڭ كۆزىگە،
ىىيىتى يامانىنىڭ ئۆزىگە،
ئوچۇق قالغان ئىشىككە،
يالغۇز ياتقان مۈشۈككە،
دەردى بارنىڭ دەردىگە،
بىمارلارنىڭ تېنىگە،
شىپا بەرگىن خۇدايىم،
قوبۇل بولسۇن دۇئايىم.
كۆز ئاچمىغان بوۋاقتەك،
ساقىت بولسۇن گۇناھىم...

دەپ ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىۋىدى، بۇ قاپىيىلىك سۆزلەر بىزنىڭ ئاغىنىنىڭ قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى شائىرلىق ئىلھامىنى قوزغاپ قويدىمۇ، ئۇ داخاندىن دۇئانى تارتىۋېلىپلا:

مايماق تېرەك،
تۆشۈك چېلەك،
قۇرۇغان پىلەك...
يالغۇز ئوغۇل، يالغۇز قىز،
يالغۇز ئوچاق، يالغۇز شام،
ئوغرى تىكەن، قارا ئىت،
يالغۇز ياغاچ، يالغۇز تام.
پاتقاق بولۇپ ئاققانلار،
ئەسكى تامدا ياتقانلار،
ئاللا بەرسۇن جاجاڭنى
جىن - شەيتانغا تارتقانلار...
تېرە ئاپىرىپ مايتاغقا،
نېسىگە ساتتىم بويتاققا...

دەپ، شارىلداپ ئوقۇپ قىزىسىپلا كەتتى. كۈلكىمىز قىستاپ ئارانلا ئولتۇردۇق. داخان ئالمان - تالمان دۇئانى ئاخىرلاشتۇرۇپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىپ تالاغا ماڭدى.

— يامان بوپتۇ! — دېدى داخان تالاغا چىققاندىن كېيىن بىزگە:

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدۇق.

— بىلگۈچى خۇدا، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ساق قولى بىلەن پېشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىز ھەممىمىز بىلىپ - بىلمەي، سېزىپ - سەزمەي، غالىبلار ۋە غايىبلار، ئۇلۇغلار ۋە پاسىقلار ئارىسىدا ياشايمىز. بۇ يىگىت تەكشى ئەمەس بىر يەردە ئۇخلاپ قالغان چېغى، شامالداپتۇ... مانا، ئۆزۈڭلارمۇ كۆردۈڭلار، كېچىچە ئاشۇنداق مەن بىلەن تەڭ ئوقۇپ چىقتى. قارىغاندا، مەن كۈچ ئىلىشالمىغۇدەكمەن...

داخاننىڭ باشقا گېپىگە ئىشەنمىسەكمۇ تەكشى ئەمەس يەردە ئۇخلاپ قاپتىكەن، دېگىنى بىزنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئابدۇل رەجەپنىڭ ئۆيىدىن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتكەن ئادەم، تاڭ سەھەرگىچە ئۇ نەلەردە يۈرگەن بولغىيدى!؟ دېدۇق. داخاننى رازى قىلىپ يولىغا سالدۇق. ئابدۇلنىڭ ئاپىسىغا:

— ئازراق شامالداپتۇ، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالىدۇ، دېدى. خاتىرجەم بولسىلا، — دەپ قويدۇق.

ئابدۇل بىزنى ئۈمىدلەندۇرۇپ ئىككى كۈن ئارتۇقچە گەپمۇ قىلالماي قاتتىق ئۇخلىدى، ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ سۆزلىشى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى زادى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئانىسىنى گەپ بىلەن ئاران قايىل قىلىپ، بۇ قېتىم ئۇدۇل دوختۇرغىلا ئاپاردۇق. دوختۇر تەكشۈرۈپ: ئىسسىتما بىلەن قاتتىق زەھەرلىنىپ،

نىرۋىسى قالايمىقانلىشىپتۇ، دېدى ۋە دەرھال x شەھىرىدىكى نىرۋا كېسەللەر ساناتورىيىسىگە ئاپىرىپ تېز داۋالىتىشنى مەسلىھەت بەردى. يەتتە-سەككىز كۈن پالاقلاپ تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ يېقىن تۇغقىنىدىن بىرنى قوشۇپ، ئابدۇلنى x شەھىرىگە يولغا سالدۇق.

ئەمدىلا ئۇھ دەپ ئولتۇراتتۇق، تۇرسۇن تېكىنىنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىلىقى ئەدەپ كەتكىلى تۇردى. رەجەپ ئىككىمىز «قىرلىق ئىستاكان» نى ئىچىمىزدە مىڭنى تىللاپ، تارتقۇلۇقىمىز باركەن-دە، دەپ، بىر-بىرىمىزگە قارايتتۇق.

— خۇدايا توۋا! — دەيتتى تۇرسۇن پۇت-قوللىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — ھېلىقى چاغدا سەن رەجەپ قايسى لېنىتنى قويۇۋىدىڭا؟... ئاۋازى قۇلىقىمدىلا تۇرىدۇ...

— ۋاي تاڭەي! — دەپ تېرىكەتتى رەجەپ، — بۇلتۇر چالغان سازغا بۇ يىل ئۇسسۇل ئوينايدىغان قانداق نېمەۋاي سەن!؟

تۇرسۇن تېكە بەزىدە دۇكىنىدىمۇ بىر قولىدا قايچا، بىر قولىدا مېترىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىكەن. ماشىنىچى خوتۇنلار باشتا كۈلۈشۈپ، كېيىن-كېيىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى نەق رەجەپلەرنىڭ مەش-كاناي ياسايدىغان دۇكىنى ئالدىدا مۇنداق بىر قىزىقچىلىق يۈز بېرىپتۇ. تۇرسۇن تېكە ئۇ يەرگە رەجەپنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن، ئۇلار دۇكاننىڭ ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇرۇپتۇ. تۇيۇقسىز تۇرسۇن شاگىرت باللارنىڭ تاقا-تۇققا، چاڭ-جۇڭ قىلىغان بولقا ئاۋازلىرىغا كەلتۈرۈپ شۇنداق بىر ئۇسسۇلغا چۈشۈپتىكى، زادىلا توختىتىۋالغىلى بولماپتۇ. يىلاندەك تولغىنىپ، تېپىكدەك سەكرەپ، باخشىدەك چۆگىلەپ، بېشىچە تىك تۇرۇپ، دومبىسىدە پىرقىراپ بىر دەمدىلا ھەممە ئادەمنى يىغىپتۇ. تۇرسۇننى تونۇيدىغانلار توۋا! دەپ ياقىسىنى تۇتۇشۇپتۇ. تونۇمايدىغانلار نېمە ئادەم بۇ، دەپ ھەيران بولۇشۇپتۇ، شۇ كۈنى كەچتىلا رەجەپ:

— ھېلىقى تېكە بولمىدى، — دەپ يېتىپ كەلدى.

تەجرىبىمىز بويىچە ئۇنىمۇ بىر-ئىككى كۈندىلا جابدۇتۇپ، x شەھىرىگە يولغا سالدۇق. ھەر ھالدا ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى جوڭقۇرغۇچىلىكى بار ئىدى. شۇڭا ئادەممۇ قوشمىدۇق. خوشلىشىدىغان چاغدا تۇرسۇن تېكە ھېجىيىپ:

— ئۇ يەرگە بېرىپلا ئابدۇل تېرىنى تاپىمەن، پاراڭ ئۇنىڭدىن، ئۇسسۇل مېنىڭدىن، زېرىكمەيدىغان بولدۇق-تە! — دېدى.

— شۇنداق قىلىڭلار، ھەر نېمە قىلساڭلار شۇ ئادەم تونۇمايدىغان يەردە قىلىڭلار، — دېدۇق.

تۇرسۇننى ماڭغۇزۇۋېتىپ، ئەمدى رەجەپ ئىككىمىز ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەپ قالدۇق. قىرلىق ئىستاكاندا تەڭ ئىچىشتۇق، ئاخىرى قانداق بولۇپ كېتەر، دەپ بىر-بىرىمىزنى خېلى كۈنلەرگىچە تىڭ-تىڭلاپ يۈردۇق. ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتى. خۇداغا شۈكرى، ئۆزىمىزدە ھېچقانداق بىر غەيرىيلىك ھېس قىلمىدۇق.

*

ئارىدىن بىر يىلچە ئۆتتى. x شەھىرىدىن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك خەۋەرلەر تارقالغىلى تۇردى. ئاڭلىساق، ئابدۇل ساناتورىيىسىدە ئۈچ-تۆت

uyghurkitap.com

ئاي يېتىپلا ساقىيىپ چىقىپتۇ. بىراق ئۇ تېرىچى بولماي، ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىكى شائىر قىياپىتىدە ھوشىغا كەپتۇ. ھېلىقى مەست بولۇپ قالغان چاغلاردا ئېسىغا كېلىپ قالىدىغان قىز ساۋاقدىشى شۇ شەھەردە ھازىرغىچە تۇرمۇشلۇق بولماي تۇرغانىكەن؛ ئىككىسى قايتا تېپىشىپ توي قىپتۇ. ئابدۇل ھازىر يېڭى ئۆيدە باش چۆكۈرۈپ ئەسەر يېزىۋېتىپتۇدەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا قاپىيە، ھېكايىلىرىگە ۋەقەنىڭ لازىمى يوقتەك، ئۇنىڭ «شاماچايناشمۇ ئىشمۇ؟» «ئايغا قاش ئاتقان بىكار»، «تام تۆپىسىدە ماڭغاندا» دېگەن يېڭى ئەسەرلىرى x شەھىرىدە قاتتىق قىزىقىش قوزغاپتۇ. بۇ ئەسەرلەرنى قىزىققۇچىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگۈدەك، ھەتتا ئۇنىڭ «لاي ئويىنىما، قولۇڭ ھەش بولىدۇ» دېگەن بىر پارچە ئەسىرى مۇكاپاتقىمۇ ئېرىشىپتۇدەك، ئوبزورچىلار ئۇنىڭغا «يېڭى ئۇسلۇب ياراتقان ئەسەر» دەپ باھا بېرىشىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ شائىرچىلىقنىڭ كىرىمى تېرىچىلىككە يەتمەيدىكەن، دەپ يۈرگۈدەك.

تۇرسۇن تېكە توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىسىڭىز تېخىمۇ قىزىق. ئابدۇلنىڭ تويىدا تۇرسۇن يىگىت قولدىشى بولغانىكەن. شۇ تويىدا تۇرسۇن تېكە قالتىس بىر ئۇسسۇل ئويناپتۇدەك، بۇ ئۇسسۇل ھەر قانداق مىللەتنىڭ ھەرقانداق بىر سازىغا، خىلمۇ خىل رىتىملارغا چۈشۈۋېرگۈدەك، ئارتىسلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى سەنئەت ئۆمىكىگە تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىپ تۇرۇشقا قوبۇل قىپتۇ. ئۇ يەردىكى بىر ئۇسسۇل تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، تۇرسۇننىڭ قىلىقلىرىنى ھەرگىز نېرۋىدىن ئازغانلىق، دەپ قاراشقا بولمايدىكەن. ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، بەدەندە قامىلىپ تۇرغان ئىچكى ھېسسىياتنىڭ پارتلىشى ئىكەن. ئۇسسۇلچى ئۈچۈن مۇنداق روھىي ھالەت تېپىلمايدىغان ئارتۇقچىلىق ھېسابلىنىدىكەن. يەنە ئۇ تۇرسۇن تېكىنىڭ ئۇسسۇل شەكلىگە: دولان ئۇسۇلى، ئىلى سەنىمى، ھېيتكار ساماسى، تولغىما ئۇسسۇل، سۆرەلمە ئۇسسۇل، نايناقلىما ئۇسسۇل، سەھرا پېرىسى ... دېگەندەك ھەممە نازۇك ھەرىكەتلەرنى ئۆزىگە يىغىنچاقلىغان ئۆزگىچە ئۇسلۇب، دەپ باھا بېرىپتۇ ...

بۇ يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدۇق.

—ئۇسلۇب دېگىنى نېمە؟ —دەپ سورىدى رەجەپ مېنىڭدىن.

—بىر ئىشنى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاتماي قىلالىساڭ ئۇسلۇب بولىدۇ، —دەپ چۈشەندۈردۈم ئۆزۈمچە.

—مېنى دادام تىللىمىغان بولسا، سېنى خوتۇنۇڭ كۆمۈرخانىغا سولاپ قويمىغان بولسا بىزمۇ ھېلىقى..نىمىتى؟

—ئۇسلۇپ.

—ھە، شۇنىڭدىن بىر-ئىككىنى بىر نېمە قىلالاتتۇقمىكىن! —دەپ كۈلدى رەجەپ.

— بولمىسا، قىزلىق ئۇستاكاندا باشتىن بىر ئىچىپ باقمىزمۇ يە؟!...

رەجەپ ئىككىمىز بازاردا شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق.

— ئەنە قىزلىق ئۇستاكان! —دەپ ۋارقىرىۋەتتى رەجەپ.

—نېمە قىزلىق ئۇستاكان!؟

—كۆرمەيۋاتامسەن؟ ھېلىقى بىزنىڭ قوشنىنى ئىزدەپ كەلگەن قىزلىق ئۇستاكانچۇ؟...ئەنە، تام ياقىلاپ كېتىپ بارىدۇ.

—ھە، ھە، كۆردۈم. ھېلىقى مېھمانغۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com

رەجەپنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى ئولتۇرۇشتا بىزگە قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق ئىچىشنى ئۆگىتىپ قويۇپ كەتكەن قەھرىمانىمىز قارىغاندا بىر يەردە قىرلىق ئىستاكاندا بولۇشقا ئىچكەن بولسا كېرەك. شۇ تاپتا ئاۋايلاپ دەسسەپ، تام تۈۋىدە تەمتىلەپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. ئۇ نېمىگىدۇر بىر نېمىگە پۇتلاشقاندەك بولدى-دە، يىقىلدى. قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەپ، تۆت پۇتلۇق بولۇپ، خېلى غەيرەت قىلىپمۇ ئۆرە بولالماي، چاترىقىنى كەرگىنىچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھەي، يامان بولدى، يۆلەپ قويايلى، — دېيىشىپ يۈگۈرۈپ باردۇق.

بۇ «قەھرىمانىمىز» نىڭ ھېلىقى بىز كۆرگەن چاغدىكى سالاپىتى پۈتۈنلەي تۈگىگەن، ئۇستىبېشى قەيەردىندۇر توپىغا مىلىنىپ، چىرايلىق بۇرۇتلىرى سالپىيىپ، چىرايى خۇنۇكلىشىپ قېرىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدى. ھە دەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ تىرەجەپ، يولدىن ئۆتكەنلەرگە خىجالەتچىلىكتە قاراپ:

— تۇۋا دەيمەن، مانا ئۆزۈم ساپساقلا تۇرىمەن، پۇتۇمدا جان يوق. بولمىسا ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن. ئەنە ئاۋۇ تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، ماۋۇ تۇداخۇن شەپكىچىنىڭ دۇكىنى، ئاۋۇ كېتىپ بارغان ھاكىمجانغۇ دەيمەن؟... تۇۋا، ئادەم دېگەن غەلىتىلا بولۇپ قالىدىكەنا... ئۆزۈم ھېچ قانداق ئەمەس، پۇتتا جان يوق!... — دەپ مەنىسىز ھىجىياتتى.

بىزنى كۆرۈپ ئۇ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇكىلار، سىزلەرنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ؟... مانا قاراڭلار، ئۆزۈم ساپ-ساقلا، پۇتۇمدا جان يوق.

ئۇ كۈلمەكچى بولۇۋىدى، خىجالەت كۈلكىسى چىرايىنى قىيشايتىپ تېخىمۇ غەلىتە قىلىپ قويدى. بىز دەرھال ئۆتۈپ كېتىپ بارغان بىر ھارۋىنى توختاتتۇق.

— توختا ئۇكا، مۇنۇ ئاكاڭنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قوي، ئۆيىڭىز؟...

— بىزنىڭ ئۆي ئۇن زاۋۇتىنىڭ يېنىدىكى خالتا كوچىدا... بولدى ئۇكىلار، كىرا پۇلىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن.

ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ھارۋىغا چىقىرىپ قويدۇق.

— تۇۋا، ھەجەپ ئىش - ھە! — دەپ تەكرارلايتتى ئۇ، — پۇتۇمدا پەقەت جان يوق... رەھمەت ئۇكىلىرىم... قېنى ھارۋاڭنى ھەيدە ئوغلۇم، مانا، ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن، پۇتتا جان يوق!...

ھارۋا يىراقلىشىپ كەتتى. «قەھرىمانىمىز» نىڭ «پۇتتا جان يوق!» دەپ توختىماي ۋايسىغان ئاۋازىلا قۇلىقىمىزدا قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھېلىقى بىر كېچىدىكى ئولتۇرۇشتا بىزدە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرىمۇ خىرەلىشىپ كەتكەندەك بولدى. رەجەپ ئىككىمىزنىڭ قىرلىق ئىستاكاندا يەنە بىر ئىچىپ بېقىپ، «ئۇسلۇب» ياراتماقچى بولغان پەيزىمىزمۇ ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. «ئارىمىزدىن ئىككى ساراڭنىڭ چىققىنىمۇ يېتەر!» دېدۇق. شۇندىن تارتىپ قىرلىق ئىستاكاندا ھاراق تۇرماق، چايمۇ ئىچمەيدىغان بولدۇق...

مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان ئىسمايىل

سۇلتان ھاشىم

# ئارمان

(ھېكايە)

سېخقا كېلىشىپتىپ يول ئۈستىدە ئاڭلىغانلىرىدىن غەزەبلەنگەن تۇندىياز ئۇستا ئۆزىنى تۇتالماي ئۇدۇل مۇدىر ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

— ھېلىقى بىر نېمىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، نەگە ئاپارساڭ ئاپار، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا ئىش كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقان سېخ مۇدىرىغا.

— كىمنى دەيسەن، تۇندىيازكا.

— كىمنى دەيتتىم، كىم كېچىسى خوتۇن خەقنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەسكىلىك قىلغان بولسا شۇنى دەيمەن. ئاڭلىمىدىڭمۇ، ھېلىقى سەلىم دېگەن بىغەرەزنىڭ... — ئۇستا ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى.

— ھە، سەلىمنى دەمسەن، — مۇدىرنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئۇ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، پېشىدىن تارتىپ تۈزەشتۈردى، — مەنمۇ تېخى چالا-بۇلا ئاڭلىدىم.

ئۇستا مۇدىرنىڭ گېپىنى بۆلۈپ قايىندى:

— نېمە دېگەن رەسۋاچىلىق بۇ-ھە؟! بولدى، ئۇنداق شاگىرتنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، كىم بىلەن ئىشلىسە ئىشلىسۇن. بىردەم قارىساڭ ئوقۇش دەپ مەكتەپكە چېپىشىۋاتقان، سەنئەت دەپ ئىسكىرىپكا چېلىشقا كېتىشىۋاتقان، تەشۋىقات دەپ شېئىر يېزىپ كېتىدىغانلىقىنى دېمەمدىغان تېخى. مانا، تازا يازدى، زاۋۇتتىكىلەر بىر نەچچە ئاي سۆز-چۆچەك قىلغۇدەك شېئىر يازدى.

— ئاۋۋال ئەھۋالنى ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى تۇندىيازكا، — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، — مېنىڭچە، ئەگەر گۇناھ ئۇنىڭدا بولغان بولسا ساقچىدىن مۇنداق تېز قايتۇرۇۋەتمەس بولغىيدى دەيمەن.

ئۇستا ئېغىر خورسىندى:

— ئوتتۇز بەش يىلدىن بېرى ئون نەچچىلىگەن شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقاردىم، مانا، سەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى. شاگىرتلىرىمدىن ھېچقايسىسى مېنى مۇنداق يەرگە قاراتمىغان، پېنسىيىگە چىقساممۇ يىلتىزىم قۇرۇمايدۇ، دەپ خاتىرجەم ئىدىم، — ئۇستا ئىشەنچسىزلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى، — مەيلى، نېمىلا بولسا بولسۇن، شۇ بىر نېمىنى مېنىڭدىن ئايرىپ باشقا بىرىگە قوشۇپ قويساڭ.

ئۇستىنىڭ مىجەزىنى ياخشى چۈشىنىدىغان مۇدىر ئۇنىڭ ئاچچىقىدىن يانغانلىقىنى بىلدى:

— سەلىمنى باشقا بىر ئۇستىغا قوشۇپ قويساقمۇ، سەن بىلەن ئىشلەۋەرسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، تۇندىيازكا، مەقسەت يەنىلا يارامliq شاگىرت يېتىشتۈرۈپ چىقىشقۇ. ئالدىرىما، مەن ھازىرلا قوغداش بۆلۈمىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ باقاي.

— خەير، بىرگۈنچە بىللە ئىشلەپ تۇرسۇن، ئەمما ھېلىقىدەك يېرى راست چىقىپ قالسا مەندىن رەنجىمەيسەن، — تۇندىياز ئۇستا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ قوزغالدى.

www.uyghurkitap.com

— تۇنىيازكا، بۈگۈن ئاخىرقى كۈن،
ۋەزىپە جەزمەن تۈگەر - ھە؟ — دېدى مۇ-
دىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن.

چىشلىق چاق ياسايدىغان زىل سى-
تانوكلارنى تەكشۈرۈپ، كاشىلىسى بولسا
تېز رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە
ئالغان ئۇستاقەدەملىرىنى توختاتماي ئىشەنچ-
چىلىك جاۋاب قايتۇردى.

— تۈگەيدۇ، خاتىرجەم بول، ۋەدى-
مىز ۋەدە.

ئۇ دېتال ئىشلەش سېخىغا كىرگەندە
ئەتىگەنلىك ئىش يېڭىلا باشلانغانىدى.
ئۇستا ستانوكلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ
ئىش ئورنىغا يېتىپ كېلەي دېگەندە، ئۈچ
ستانوكنى باشقۇرۇپ ئىشلەيدىغان ياش
ئۇستا سۇك لېمىڭ بىلەن سەلىمنىڭ قىزى-
شىپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ
قالدى. ئۇلار تۇنىياز ئۇستىنى كۆرمىدى.

ئۇ، يەنە بىر جېدەل چىقاردىمۇ نېمە بۇ،
دەپ جىنى بولۇپ، ئۆزىنى يېنىدىكى س-
تانوكنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ قۇلاق سالدى.

— قىلساڭ تۈزۈك رېمونت قىل، —
دېدى سۇك لېمىڭ قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلى-
تىپ، — ماي ناسوسىنى يۆتكىۋەت، كىچىك
بالىنىڭ سۈيدۈكچىلىك چىقىۋاتقان ماي
بىلەن قانداق ئىشلىگىلى بولىدۇ.

— يېڭىسىنى ئالماشتۇرۇپلا بەرسەك
تۈزۈك رېمونت قىلغان بولىدىكەنمىز - دە،
ناسوس سايمۇ ساق تۇرمامدۇ، نېمىسىنى
يۆتكەيدۇ ئۇنىڭ؟ زاۋۇتنىڭ بىكاردا قال-
غان پۇلى يوق، ھە دېسە مانا دەيدىغان.

— يانچۇقىڭدىن چىقمايدۇ، ئىسكى-
لاتتىن ئالىسەن. بۇزۇلغاندىكىن يۆتكىمەي
نېمە قىلاتتىڭ؟

— ساق ئىكەن دەۋاتىمەنغۇ ساڭا.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن ماي راۋان
كەلمەيدۇ؟ يۆتكەمسەن - يۆتكىمەمسەن،
ئىختىيارىڭ، مېنىڭ ئىشىم ستانوك ھەيدەش.

سۇك لېمىڭ ئاچچىقلاپ نېرى كەتتى.
سەلىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، تەكشۈرۈشتىن
ئۆتۈپ قايتىدىن جايىغا ئورنىتىلغان نا-
سوسنىڭ ئۇياق - بۇيېقىغا قارىدى، ئۇيەر-
بۇيېرىنى بۇراپ كۆردى. كېيىن ئېسىگە
بىر نېمە كەلگەندەك، ئىتتىك ئورنىدىن
تۇرۇپ، ستانوكنىڭ تەگلىكى ئۈستىدىكى
كىچىككىنە قاپقاقنى ئاچتى ۋە چاپىنىنىڭ
يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ، ئوچۇق
ئېغىزغا قولىنى سالدى. بىردەم تىمىسقى-
لىغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن تۆشۈكلىرى
ماي لاتقىسى، ئۇششاق قىرىندىلار بىلەن
پۈتۈپ كەتكەن سۈزگۈچنى تارتىپ چىقتى.

— ھەي لاۋ سۇك، — چاقىردى ئۇ لاتقا
تېمىپ تۇرغان سۈزگۈچنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ.

سۇك لېمىڭ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— راستىڭنى دېگىنە، ماينى يۆتكى-
مىگىنىڭگە قانچە ئاي بولدى؟

سۈزگۈچنى كۆرگەن سۇك لېمىڭ
دۇدۇقلاپ قالدى:

— نېمە، قانچە ئاي... يېقىندىلا
يۆتكىگەن... نېمە بۇ؟...

— سۈزگۈچ، — سەلىم ئۇنىڭغا سۈز-
گۈچنى ئۇزاتتى، — مە، چاپسانراق تازى-
لاپ كەل. مەن لاتقىنى تازىلىۋېتەي، ئان-
دىن كېيىن ناسوسنى سىناپ كۆرىمىز.
گەپ ناسوستىمۇ ياكى يېڭىلانماي لاتقىغا
ئايلىنىپ كەتكەن مايدىمۇ، شۇ چاغدا مە-
لۇم بولىدۇ.

بىردىنلا جىمىپ قالغان سۇك لېمىڭ
ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ سۈز-
گۈچنى ئالدى.

تۇنىياز ئۇستا ئۆزىمۇ سەزمىگەن
ھالدا سۈزگۈچ تازىلىنىپ ناسوس سىناق
قىلىنغىچە كۈتۈپ تۇرۇۋەردى. ماي تۇرۇ-
بىسىدىن ئېتىلىپ چىققان ماينى كۆرگەن-
دە ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا
كۈلكە يۈگۈردى.

— كۆردۈڭمۇ، — سەلىم بېشى بىلەن
ماي تۇرۇبىسىنى شەرەتلىدى، — گەپ
ناسوستىمكەن؟

— ئەمدى قارا... شۇنداق بىر...

— گۇناھنى ناسوسقا ئارتىپ بىر
ھەپتىدىن بېرى ستانوكنى توختىتىپ
قويۇپسەن. سۈزگۈچنىڭ لاتقىغا پېتىپ كەت-
كىنىدىن قارىغاندا، سەن ستانوك ئاسراش-
نىڭ ئەڭ ئاددىي قائىدىسىگىمۇ رىئايە
قىلماپسەن، ئەمدى بۇ ئەھۋالنى سىبىخ مۇ-
دىرى ياكى گۇرۇپپا باشلىقىڭغا ئېيتىپ
قويۇشتىن باشقا ئامالىم يوق.

سۇڭ لېمىڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ
تۇرۇۋالدى:

— ئادەمنى خىجالەت قىلمىساڭچۇ،
ئىككىنچى... — ئۇ بېشىنى ئېگىپ جىمىپ
كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ سەلىمنىڭ
ئىچى ئاغرىدى بولغاي:

— خەير، ئەيىب بىزدىمۇ بار. ناسوس
بۇزۇلغان دەپ مەلۇم قىلغاندا ۋاقتىدا
كېلىپ تەكشۈرمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە
تۈنۈگۈندىن بېرى بۇ يەرگە قاراش بىز-
نىڭمۇ ئېسىمىزگە كەلمەپتۇ. تەكشۈرۈشكە
توغرا كەلسە ئىككىمىز تەڭ تەكشۈرۈمىز.

تۇنىياز ئۇستا لېۋىنى چىشلەپ قوي-
دى. بۇ يەرگە قاراش مېنىڭمۇ ئېسىمگە
كەلمىگىنىنى قارا. بۇبالىنىڭ خېلى ھوشى
باردەك قىلىدۇ جۇمۇ. ئۇنىڭدىكى خۇشلۇق
بىردەملىكلا بولدى. ئەتىگەندە ئاڭلىغان-
لىرى يەنە يادىغا كېلىپ شۇ ھامان چىـ
رايى ئۆزگەردى. ئۇ قۇرۇق يۆتىلىپ
قويۇپ، ستانوكنىڭ دالدىسىدىن ئاستا
چىقتى. سۇڭ لېمىڭ بولغان ئەھۋالنى
سۆزلەپ بەردى.

— سىبىخ ئالدىدا ئۆزۈڭنى تەكشۈ-
رەيسەن، — دېدى ئۇستا قاپىقىنى ئاچماي،
لېكىن ئاھاڭىدىكى يۇمشاقلىق ئىككىيسىنى
بىر ئاز خاتىرجەم قىلدى، — سەلىم!

ئۇستا ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم مۇلايىم ئاۋاز-
دا قاراپ ئىش بۇيرۇدى، — سەن ئاۋۇ چەتتىكى-
نى تەكشۈر، سۇڭ لېمىڭ ساڭا ياردەملەش-
سۇن. مەن ماۋۇنى قولدىن چىقىرىۋېتەي،
قاتتىقراق ئىشلىمىسەك ئۈلگۈرەلمەي قالى-
مىز، بۈگۈن ئاخىرقى كۈن، قېنى يىگىتلەر
باشلىدۇق ئەمىسە.

*   *

سەلىم بىلەن سۇڭ لېمىڭ تەكشۈرۈ-
ۋاتقان ستانوك كوناتىپتىكى ستانوك
بولۇپ، كونىرىغان ھەم پىچاق جازىسىدىن
كاشىلا چىققانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەي
تۇرۇپ قالغانىدى. تۇنىياز ئۇستا ئۆز كۆڭ-
لىدە ئۇنىمۇ تەكشۈرۈپ، ئەگەر چوڭ چا-
تاق بولمىسا، ئۇنىمۇ ياساپ ئىشقا سېلىش-
نى ئويلىغانىدى، بۇنداقتا ستانوك-
تىن بىرى قاتارغا قېتىلاتتى.

— بىكار ئاۋارە بولىسىلەر، — دەيتتى
سۇڭ لېمىڭ، — ھېلىمۇ بۇ جانىۋار خېلى
كۈچ بەردى، ھەققىمىزمۇ قالمىدى ئۇنىڭدا.

— ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. سەلىم قېنى؟

— تېخىنكا بۆلۈمىگە چىقىپ كەتتى،
چېر تيوۋ قولّانمىلىرى بولسا سوراپ باقاي دەپ.

تۇنىياز ئۇستا ئويلىنىپ قالدى. دەر-
ۋەقە مۇنداق مۇرەككەپ ستانوكنىڭ قوللان-
مىسى بولمىسا قول سېلىش قىيىنراق ئىدى.

— ئۇستا، بۇ شاگىرتىڭىزنىڭ خېلى
جېنى باردەك قىلىدۇ جۇمۇ، — دېدى سۇڭ
لېمىڭ، — كەسپكە پۇختا ئىكەن.

ئۇستامغا بۇ ماختاش بەكمۇ يېقىپ كەت-
مىدى. ئۇ يۆتىلىپ قويۇپ ئىشى بىلەن بولدى.

— ئاخشامقى ئىشتىن خەۋىرىڭىز
باردۇر؟ جىگەرى بار يىگىت ئىكەن، — سۇڭ
لېمىڭ يەنە سۆز قاتتى.

— نېمە ئىش؟! ئاخشام نېمە قىپتۇ ئۇ؟

— ئاڭلىمىدىڭىزمۇ، ئۆزى يالغۇز ئۈچ
ئوغرى بىلەن ئېلىشىپ، بىر ئايالنى قۇتۇل-
دۇرۇپ قاپتۇ.

— نېمە - نېمە!؟

— ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ مەن كەلسەم
بىر ساقچى بىلەن زاۋۇت ئامانلىق ساقلاش
خادىمىدىن بىرسى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ
تۇرغانىكەن.

— ھە - ھە.

— ئاخشام ئۇ بىر يەردىن كەچ-رەك
قايت-قان چېغى، تۇيۇقسىز بىر ئايالنىڭ
چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ بارسا،
ئۈچ ئادەم بىر ئايالنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ
تارتقۇشلاپ كېتىۋاتقۇدەك. شۇنىڭ بىلەن
ئۇ ئۆزى يالغۇز ھېلىقىلار بىلەن ئېلىشىپ
كېتىپتۇ. شۇ ئەسنادا چارلاشقا چىققان
ساقچىلار كېلىپ قېلىپ، ئۇ ئىككىسىنى
قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ. ئەتىگەن ساقچى ئىدارى-
سىدىن رەھمەت ئېيتقىلى كەپتۇمىش.

تۇنىياز ئۇستا ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ
نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.
سەلىمنىڭ كېلىپ قېلىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە
كېلىۋېلىشىغا ياردەم قىلغان بولسىمۇ، ئۇستا
خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— تېخنىكلار ئارخىپ بۆلۈمىدىن ئىز-
دەپ كۆرمەكچى بولدى، — دېدى سەلىم
ئىتتىك ماڭغانلىقتىن ھاسىراپ، — ئۇلار
كاشىلا چىققان ئورۇندا كونۇسىمان چىشى-
لىق چاقلار بار، چۇۋۇپ كۆرمەكچى بول-
ساڭلار كېلىپ ياردەملىشىڭلار، دېيىشتى.

— ئاۋۋال ئۇچقۇر چاقنى بېكىتىۋېتىپ
ئىشىمىزنى تاماملايلى، — دېدى ئۇستا بېشىنى
تەستە كۆتۈرۈپ، — ئاندىن چۇۋۇپ كۆرەيلى،
ئاڭغىچە تېخنىكلارمۇ كېلىپ قالار.

بېنزىن تۆكىنىڭ ئۇستىگە چىقىپ،
ئۇچقۇر چاق بېكىتىلىدىغان ئوقنىڭ رېزبى-
لىق تۆشۈكىنى تازىلاۋاتقان ئۇستا ئۆكۈنى-
گەندەك بېشىنى چايقاپ، ئېغىر ئۇچقۇر
چاقنى سۆرىتىۋاتقان سەلىمگە قاراپ - قاراپ
قويۇپتتى. مەن بۇ بالىنىڭ ئۈستىدە خاتا ئويغا
كېلىپ قالدىممۇ نېمە، — دېدى ئۇستا
ئىچىدە، — مۇنداق قارىسام ئۇنىڭ ھېچ يا-
مانلىقىدەك يېرى يوققۇ. ئەمدى ئۇ بۇرۇن
ئېتىبارسىز قارىغان، كۆڭلىگە ياقمىغان ئىش-
لارنىڭ مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلماقتا ئىدى. سەلىم زاۋۇتنىڭ
ئىشتىن سىرتقى مەكتىپىدە ئوقۇيتتى. شۇنىڭ
پايدىسى تەگكەچكىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدا
خاتا ئاز بولاتتى. ئۇ شېئىر يازاتتى، شېئىر-
لىرىنى سېخنىڭ تەشۋىقات تاختىسىدا ھەممە
ئىشچىلار كۆرەتتى. ھورۇن، ئىنتىزامسىز-
لارنى شۇنداق ئوخشىتىپ ھەجۋىي قىلاتتىكى،
ئىشچىلار كۈلۈپ تېلىقىپ قېلىشاتتى. ئۇ
ئىسكىرىپكا چالاتتى. تۇنىياز ئۇستا ئۇنىڭ
ئىسكىرىپكا چالغىنىنى زاۋۇتنىڭ سەنئەت
ئۆمىكى ماي بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن
ئويۇن قويغاندا ئاڭلىدى ھەم تولىمۇ ھۇ-
زۇرلىنىپ كەتكەنلىكىدىن باشقىلاردىن كۆ-
چەپرەك چاۋاك چالغانىدى. خوش، بۇلارنىڭ
نېمىسى يامان؟ ياش ئادەم ئەنە شۇنداق
بىلىملىك، روھلۇق، جۇشقۇن بولۇشى
كېرەك ئەمەسمۇ!؟

ئۇستا ئۆزىنىڭ خاتاسىنى سېزىپ، بۇ
بالىغا ھازىردىن باشلاپ مۇئامىلىسىنى ئۆز-
گەرتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىچىدە ۋەدە
بەردى. ئۇ كۈلۈچنى ئېلىشقا ئېڭىشتى، مانا
شۇ چاغدا بىردىنلا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق
تىقىلىپ، بېشى قېيىپ سەنتۈرۈلدى. سەلىم
يۈگۈرۈپ كېلىپ يۆلىۋالمىغان بولسا، ئۇستا
تۆك ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى.

* *

تۇنىياز ئۇستا بالنىتسىدا يېتىپ قالدى.
يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئۇستا شۇلار
بىلەن پاراڭلىشىپ، سېختىكى ئەھۋاللاردىن
خەۋەرلىنىپ تۇراتتى.

— ۋەزىپەڭ ئورۇندالدى، ئىشنى تاپشۇ-
رۇپ بەردۇق، — دېدى ئىككىنچى قېتىم
يوقلاپ كەلگەن سېخ مۇدىرى ئۇنى خاتىر-
جەم قىلىپ.

— ھېلىقى ئۇچقۇر چاقنى سەلىم ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىمۇ؟
— ھە، بىردەملىك ئىشقۇ ئۇ.
— ستانوكنى كىم تەڭشىدى؟
— سەلىم ئۆزى، مەن ياردەملەشتىم.
— شۇ بالىدىن بىكارلا رەنجىپ يۇرۇپتىمەن قارا.
— كېرەك يوق ئۇستام، ئەمدى دىققەت قىلساقلا بولىدىغۇ.

كەچلىك سمېنا ۋاقتىدا ئۇستىنى سېخنىڭ پېشقەدەم تېخنىكى يوقلاپ كەلدى، ئىككىسى خېلى ئۇزۇن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— مەن قايتاي تۇنىياز، ئوبدان دەم ئالغىن، دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلا، — دېدى تېخنىك ئورنىدىن قوزغىلىپ، — راستىنى ئېيتسام، ئىشتىن ئەمدى چۈشۈشىم، ئۇھ دېگۈدەك ھالىم قالمىدى.
— نېمە، زاۋۇتتا بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

تېخنىك كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى:

— ھېلىقى شاگىرتىڭ ئىككى دانە چىشلىق چاقنىڭ چېرتيوژىنى سىزدۇرۇپ قولۇمنى قويدۇرمىغىچە يېنىمدىن كەتمىدى. مۇشۇ كونا ستانوكقا جان كىرمىگۈچە ئۇستامۇ خاتىرجەم ياتالمايدۇ دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى.

ئۇستامنىڭ كۆز ئالدىدا سەلىمنىڭ قىزغىنلىق، ئىشچانلىق مۇجەسسەملەنگەن سىيماسى نامايان بولۇپ، بۇ بالىدىن بىھۇدە رەنجىگەنلىكىدىن بىرىېرى ئېچىشقاندەك بولاتتى.

ئۇستا سەھەر ئويغىنىپ كەتتى. كىيىنىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بالنىتسىدىن چىقتى، دوختۇرخانا بىلەن سېخ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ئىدى. سېخنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تورۇستا يېنىپ تۇرغان كۈچلۈك چىراغ سېخنى يورۇتۇپ تۇراتتى. چىراغ ئاستىدىن كېلىۋاتقان تىرىقلىغان ئاۋاز سەھەر جىجلىقنى بۇزاتتى. ئۇ ئاستا كېلىپ، تۈنۈگۈن ئۆزىنى دالىدىغا ئالغان ستانوكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالدى. ئۇ يەردە سەلىم بىلەن سۇڭ لېمىڭ سىم ئارقاندا باغلانغان پىچاق جازىسىنى ئورنىغا بېكىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. پىچاق جازىسى ئېغىر بولغاچقا ئۇلار خېلى كۈچىنىپمۇ تۆشۈكنى بولتىغا ئۇدۇل كەلتۈرەلمەيۋاتاتتى، ئۇ تاقەت قىلىپ تۇرالماي دالىدىن ئاستاغىنە چىقتى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئىككىسىنى ھەيران قالدۇرمىدى، ئۇستا ئانچە كۈچىمەيلا بىر قولىدا پىچاق جازىسىنى توغرىلاپ، يەنە بىر قولى بىلەن گايكىنى سېلىۋالدى، ستانوكقا ماي قۇيۇلۇپ، تەڭشەپ سىناققا تەييار قىلغۇچە، سېختىمۇ ئادەم كۆپىيىپ، ستانوكلار غۇڭۇلداشقا باشلىدى.

— مانا پۈتتى، خاتىرجەم ئىشلىتىۋەر، — دېدى سەلىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ قالغانىدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى، ئۆسۈپ قالغان يىرىك ساقىلى ئۇنى بىردىنلا ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرسەتتى.

— باشقىلار تۇنىياز ئۇستامنىڭ قولىدىن يارامىلىق شاگىرت يېتىشىپ چىقىدۇ، دېيىشسە سەل قارىغان ئىكەنمەن، مانا ئەمدى بۇ گەپكە مەنمۇ ئىشەندىم، — دېدى سۇڭ لېمىڭ قايتا جان كىرگەن ستانوكقا قاراپ خۇشال بولغان ھالدا.

بۇ گەپتىن تۇنىياز ئۇستا ھەم قىزاردى، ھەم مەغرۇرلاندى. ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ بىر كۆڭۈل ئازادىلىكىنى — پېنسىيىگە چىقىپ كەتسىمۇ يىلتىزىنىڭ قۇرۇپ قالمايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىنى ھېس قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇ - ئارمىنى ئىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئادىل تۆنىياز *

# سامان يولىدىن كۆرۈنۈشلەر

## 1 . كوچا سۈپۈرگۈچى

بىر ئايال ۋە قۈيرۇقلۇق يۇلتۇز،
بىر سۈپۈرگە ۋە سامان يولى.

## 2 . خوش چېچەكلەر

زاۋالدىكى ساقاللىق قۇياش،
سەن ئەمەسمۇ بوۋامغا ئوخشاش.
بوۋام چېچەك سۆزلىسۇن،
جىم ئولتۇر سەن كۈكۈم بىز بىلەن.
ماردىلىما ئاي،
كۆل بويىدا شاھزادە،
ئۇچرىشىدۇ كەپتەر قىز بىلەن.
گەپ ئاڭلا شامال،
ئالتۇن كەشنى كىيىپ غىپپىدە،
قېچىپ كەتمە تېرەكلىككە سەن.
ھېرىپ كەتكەن قوزىلار
ئۇخلاپ قالدى ئوتلاقتىن كېلىپ.
ئۆگدەپ قالغان شولىلار
يېشىل تامدا تۇرار تەۋرىنىپ.
جىن چىراغنىڭ ئۇيقۇسى كەلسە،
يېڭى چېچەك باشلىسۇن بوۋام.
بىز ناۋادا قالساقمۇ ئۇخلاپ،
قۇلىقىمىز تىڭشىسۇن ئويغاق.
قۇشلار كەتتى قۇشلار شەھىرىگە،
دەرەخلەردە قالار چۇشلىرى.
ئەگەر بارماق بولساق ئەگىشىپ،
خاسىيەتلىك ئالمىنى يەپلا،
كىيىك بولۇپ قالغان مەلىكە
يول باشلايدۇ جىلغىدا بىزگە.

ئۇيقۇمىزغا ئېيتايلى،
ساقلاپ تۇرغىن ئىنىمك تۇۋىدە،
چېچەك تېخى تۈگىمىدى دەپ.
ئۇخلاپ قالغان بولسا دەرەخلەر،
قونۇۋالار ئاي نۇرى لەيلەپ.
ئېرىق سۈيى ئويغاتسۇن
بېلىقلارنى ئاستا ئەللەيلەپ،
چېچەك تېخى تۈگىمىدى دەپ.
خوش چېچەكلەر، خوش،
ئۇخلاپ قاپتۇ بىزنىڭ بوۋىمىز.

## 3 . تاغلىق شەھەر

سېغىنغىنى سەنمۇ ياكى مەن،
كۈلۈپ ـ كۈلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ كۆرگەن چۈشۈمگە.

* ئاپتور لىڭقا تەلىپى بويىچە «ئادىلجان» دېگەن ئىسمى «ئادىل» دېيىلدى.

تاغلىق شەھەر تارتىنچاق قىزدەك،
قاچىساڭچۇ خىياللىرىمدىن،
كۆرۈۋالاي سېنى ئۇزاقراق.
رەستىدىكى غەمكىن بىر ئۆينىڭ
دېرىزىسى ئېچىپ قويۇلغان.

سېپىلگەندەك يوللارغا سەھەر،
ماي ياتقۇزغان يوللار بار يېڭى.
ئېشەك بولۇپ مېڭىپ كېلىمەن،
سۆيۈپ قويار تۇمانلار مېنى.

چايخانىنىڭ پېشايۋىنىدا
كۈلۈمسىرەر ئۆمۈچۈك تورى.
ئاي شەكىللىك مەسچىت ئۈستىدە
كېچىلەردە قالدىڭمۇ مۈزلاپ،
ئېغ ئاق كۆڭۈل ساددا ئاي نۇرى!
تۇخۇملارنى ساتتىڭمۇ موما،
ياكى ساقلاپ قويدۇڭمۇ ماڭا.
مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن كۈن
خىيالىمدا سېنى كىيسۇن دەپ،
ئەرزان كالاچ ئېپ قويدۇم ساڭا.

مېنىڭ يىراق تاغلىق شەھىرىمدە
يوق بىرەرمۇ ئاياغ زاۋۇتى.
گويا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقتەك،
يوغانغىنا ئىككى زاۋۇت بار،
ئىشلىنىدۇ ئېسىل شارابلار.
تاغلىق شەھەر ـــ سۆيۈملۈك قىزچاق،
كۈلۈپ ـ كۈلۈپ كىرىپ كېلىسەن
يالغۇز ئۇخلاپ قالغان چۈشۈمگە.

## 4. كۈن شەرقتىن پاتار غەربكە

ئۇخلاپ قالدى پەسىللەر نەدە؟
قاپتۇ ئارچا ئاپئاق چېچەكلەپ.

باھار پەسلى قاۋاقخانىدا،
شاراب بىزگە كۈلۈمسىرىسە،
كۈلۈمسىرەپ قارايلى بىز ھەم.
بەخت ساقىي بولۇپ بەرمىسە،
ساقىي بولغىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ.

دەل ـ دەرەخلەر قالسا مەست بولۇپ،
قىن ـ قىنىغا سىغمىغان قۇشلار،
سوۋغا قىلار قانداق قوشاقنى؟
كۆرگۈم كېلەر، كېلەر شۇ تاپتا،
قىيپاش چۈشكەن سۈزۈك نۇر بولۇپ،
چالا كەيىپ بولغان بۇلاقنى،
گۈللەر نەدە ياشايدىغاندۇ؟

تىپتىنچ سۇدا چۈش كۆرسە بېلىق،
شېغىل تاشلار بىلىپ قالارمۇ؟
مەن سەھراغا بارسام شۇ تاپتا،
ئوتلاۋاتقان خۇش خۇي كالىلار
سالامىمنى ئېلىك ئالارمۇ؟

بىز ئولتۇرغان قاتتىق ئورۇندۇق
بارا ـ بارا كەتتىغۇ يۇمشاپ،
نېمە بولدى پۇتلار كۈلگۈنچەك،
تۇرالمايدۇ شىرە ئويناقلاپ،
تاملار بىزگە قاراۋاتىدۇ،
(كۆزى بىلەن قىزلارنىڭكىدەك).
بۈگۈن مېنىڭ قۇش بولغان كۈنۈم،
قويۇڭلارچۇ ئۇچقىلى مېنى،
ئۇچزپ كېتەي، كېتەي يىراقلاپ،
بۈگۈن پېقىر ئىلاھ بولغان كۈن،
قۇتلۇقلاڭلار، ئازادلىقىمنى.

بۇرادەرلەر، يۆلۈۋېلىڭلار،
ئاي ماڭالماي قاپتۇ دەلدەڭلەپ.
دېرىزەمنىڭ ئالدىدا يول بار،

www.uyghurkitap.com

ماڭالمىغان ئىدىم مەن ئەپلەپ،
ئېپ مېڭىشلار ئۇنى يېتەكلەپ.
مەست بولغۇم يوق مېنىڭ ئەسلىدە،
مەست قىلماقچى ئىدىم ھاياتنى.
قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ شىشىلەر،
ئولتۇرىدۇ ھايات ساپمۇساق،
مەن ئىكەنمەن مەست بوپ قالغىنى.
سۆيۈپ قويغىن قەدىردان قەدەھ
مەن ئىكەنمەن مەست بوپ قالغىنى...

مېنىڭ مەن ئەمەس بولغۇم بار ئىدى،
مەن قىلىپ قويغان كىملەركىن مېنى؟
بارمۇ يەنە مۇناپىق ۋاقىت،
ئۇنتۇپ كېتەي دېسەم ھەممىنى.
مۇز ئاستىغا پاتقاندەك قۇياش،
قەدەھلەرگە پېتىپ كېتىپتۇ.
ئۆپچۆرەمگە باقسام يەنە بىر
مەنلا ئويغاق، مەن يەنە يالغۇز،
ھەمراھلىرىم قېتىپ كېتىپتۇ.

بىز مەستلىكتىن يېشىلگەن چاغدا،
بۇرۇنقىدەك كۆرىمىز يەنە،
كۈن شەرقتىن پاتار غەربكە.

## 5. خەت

كېچە،
يېزىلغاندۇر قارا سىياھتا.
كۈتمەكتىمەن بىر پارچە خەتنى.
پوچتالىيون نەدە يۈرگەندۇر،
يە تارقىتىپ قويدىمۇ خاتا.
ئادرېسنى بىلگىنىمغۇ يوق،
خەت كېلەتتى بىر يەردىن ماڭا.

خەت،
ئىشىكىمدىن قىيا ئېچىلغان
كىرىدىپ كېلەر شوخ كۈلۈمسىرەپ،
گەپ قىلغىلى تەمشىلىپ ماڭا،
يوقاپ كەتسە ئاغزى بىردىنلا،
سۆزلەپ كېتەر كەم سۆز كۆزلىرى.
يوقاپ كەتسە كۆزىمۇ يەنە،
كۆرۈپ تۇرار قۇلىقى مېنى.
غايىب بولسا قولاقلىرى ھەم،
پۇتى ئاڭلار تىۋىشلىرىمنى،
پۇتلىرىمۇ كەتسە يوقىلىپ،
غېرىبلىقتىن بوشىتىپ قولى،
قۇچاقلايدۇ توڭغان جىسمىمنى.

خەت،
پوچتالىيوندەك تامنى ياقىلاپ،
كەل يېنىمغا ئاۋايلاپ دەسسەپ،
ئويغىتىۋەتمە سەھەرنى،
ئۇخلاپ قاپتۇ قارنىڭ ئۈستىدە،
ئويغىتىۋەتمە دەل ـ دەرەخلەرنى،
ئويغىتىۋەتمە ئويچان ئېرىقنى.
ئويغىتىۋەتمە،
كۆز پەسلىدىن مارىلاۋاتقان
چوك ـ چوك غولجا ئالمىسى ئوخشاش
نۇرلۇقىنا ئۇخلىسۇن قۇياش!
ئويغىتىۋەتمە جىمجىت تاملارنى.

تۈن ئاسمىنىدا،
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىدىن
لەيلەپ چۈشكەن خازاندەك نۇرلار
چۈشەر ئويچان، سارغۇچ كۆزۈمدىن.
يېتىم قىزدەك يىغلاڭغۇ ئۈمىد
بوپ قالارمۇ تۈنجى سۆيگىنىم؟؟؟
كۈز پەسلىدە مىسكىن دەرەخنى
تاشلىۋېتىپ كەتكەندەك قۇشلار
كەتتىڭ ماڭا قالدۇرۇپ جىملا،
كۈز پەسلىنىڭ غېرىبلىقىنى.

لېكىن مەن يەنە
كونا تۈگمەندەك سېغىنىپ تۇردۇم،
ئۆمۈچۈك توردەك خىياللىرىمىنى.

بىز ياشايمىز ئىككى دۇنيادا،
ھەر ئاخشىمى چۈشىمىز ئەمما
بىر كارىۋاتتا قالىدۇ ئۇخلاپ،
يۇمۇلغاندا گۇگۇمنىڭ كۆزى،
كۆمۈپ قويىدۇم ئۆلگەن شېئىرنى،
كۆمۈپ قويىدۇم كېچىگە سېنى.
كېچە گويا خەت.
كۆتمەكتىمەن بىر پارچە خەتنى.

## 6. بىر تال قۇرت

بىر تال قۇرت ئۆمىلىمەكتە،
قانىتى يوق پەرىشتىلەردەك.
بىر يەرلىرى سەندەك يا مەندەك.

قاراڭغۇلۇق كەلسە ئۆمىلەپ،
ھەمراھ قىلىدىم ئۆمۈچۈكلەرنى.
بارمىقىمنى، ئىسسىق خىيالنى
ۋە مۇلايىم قارا كۆزلەرنى.

ئىھ، مەن سېنى سۆيۈشتىن ئاۋۋال
سۆيەلمىدىم ئۆزۈمنى ئەجەب،
قۇتۇلماقچى بولغان ئۆزۈمدىن
سېنى سۆيۈش ئارقىلىق پەقەت.

مەن قۇرتنىڭ ئايلىنىپ دائىم
تىلەيمەن ھاش، ئىگىپ خۇدادىن.
قايغۇ ماڭا يىغلاۋاتقاندا
كولۇمسىرەپ بەرىسكەن دۇنيا،
كولۇمسىرەپ تۇرىسكەن سايەم.
سەنلا يوقاپ كەتسەڭ مۇبادا،
ماڭا قاراپ كۈلەلمەس بەخت،
كۈلەلمەيدۇ ئۈمىدمۇ ھەتتا.
ئىچ ئاغرىتماس مېنىڭدەك ھېچكىم
كېچىككىنە بىر تال قۇرتقا.

## 7. قىشتىكى يول

غەم ـ قايغۇغا ئوخشايدۇ تۇمان،
لەيلەپ كېلەر چايقىلىپ لەرزان.
ئېرىشەلمەي گۈزەل ئۈمىدكە،
بولۇپ قالدىم چەكسىز پەرىشان.

قارلىغاچنى، يەرنى، تۇرخۇننى،
ئاق كېچىنى، رۇجەكنى، نۇرنى.
سىزماقتا قار ئازماي بىمالال،
سىزالمىدىم ئەمما باھارنى،
سىزالمايمەن نېمىشقا سېنى.
يېشىل قۇشلار نەگە كەتكەندۇ؟

چەكسىز قىشتا، قىشتا تېخىمۇ
جىمغۇرلىشىپ قالدى خىيالىم.
ئېرىشكىنىم گاچا بەختتەك،
سۆزلىيەلمەي يىغلايدۇ دائىم.
قىچقىرىدىمەن كىمدۇ بىرسىنى،
ئۆچۈۋاتقان يۇلتۇزغا ئوخشاش،
ئاستا ـ ئاستا ئۆچەر ئاۋازىم.

مەن تېخىچە كېتىۋاتىمەن،
كەلىلكىمنى بىلمىدىم قىشنىڭ،
كەلىلكىمنى بىلمىدىم سېنىڭ.

## 8. قىز

لەيلەپ يۈرگەن سارغۇچ بىر ئاۋاز
كولۇمسىرەر قولاقلىرىمغا.
ئاچالمايمەن رۇجەكنى كەچتە
قىز كۆزلىرى باردەك گۇگۇمدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەل ـ دەرەخلەر ماراۋاتقاندەك،
تىكىلگەندەك قۇشقاچلار ساڭا.

بار مېنىڭدە گۈزەل بىر ناخشا،
ئېيتالمىدىم تېخىچە ئەمما.
بار مېنىڭدە ئاچچىق بىر يىغا،
كۆرمىسىكەن دەيمەن باشقىلار.
يالغۇزلۇقنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ،
سۆيۈشكەندە هايات بىلەن مەن.
ئېشىك چەككەن قىزغانچۇق كىم سەن؟

ئاق تېرەكلىك كەنت يولى بويلاپ،
كەلگىنىڭدەك كۈگۈم پايپاسلاپ،
چىغىر يولدەك خىلۋەت كۆڭلۈمدىن
ئۆتۈپ قالغان بىر قىز ئەمەسمۇ؟

ئۈمىدسىز مەن سىم ـ سىم يامغۇردەك،
بىراق ساڭا چاقنايمەن نۇردەك.
سەتەڭلىكنىڭ ياكى سەتلىكنىڭ
مېنى هامان قىلار بىچارە،
چۈمۈلىلەر سىزغان رەسىمدەك.
گۈللەر قاچار، كېلەر قىشىمغا
ئايلىنارمۇ سايەم بىر قىزغا؟

ئۆمەر مۇهەممەتئىمىن

## 9. گۈگۈم

هېچكىمگە كۆرسەتمەي سۆيگۈم كېلىدۇ،
ئۆيۈڭگە گۈگۈمدەك كىردۈالغۇم ھەم.
خىيالىڭ ئىچىدە يۈرگۈم كېلىدۇ،
سەن ماڭا تەئەللۇق بولمىغىن ئەركەم،

كۆزۈڭ گۈل بەرگىدەك يۇمۇلۇپ جىملا،
ئايلىنار تىپتىنچ چۈش بولىقىغا.
كۆرگەندەك مەيخورلار مەي كۆمزىكىنى
ئاغزىنى چىلىغان پېتى دەرياغا،
ئولتۇرۇپ قالدى كۈن قىڭغىيىپ ئاستا.

كالىلار ئوتلاقتىن قايتار ئۆيىگە
تۇكلىرى چىلىشىپ زەر شولىلارغا.
كېتىپتۇ مومايلار چىرايلىقلىشىپ،
كۆرۈنۈپ باقمىدىڭ لېكىن سەن ماڭا.

خىيالىم جىسمىڭنى قاپلىغان كەبى،
قاپلىدى ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى.
تاشلارمۇ، تاملارمۇ، دەل ـ دەرەخلەرمۇ
يورۇقلۇق چاچماقتا ھەممە ـ ھەممىسى.
گۈگۈمدا يېتتۇرۇپ قويدۇمەن سېنى.

# بىر ئۆي بار ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان

### ئۈركۈش

تىۋىشسىز تىنتىيدۇ مەۋھۇم كۆلەڭگە،
يورەكسىز كۆكرەكتە لەپىلدەر تىترەك.
ئاي كۆلەر،
كارىۋاتتا قارا باسقان چۈش،
هاسىرار تۇنجۇقۇپ بىچارە ئىستەك.

پۇتلارنى هودۇقۇش قويغان ئاقسىتىپ،
قىيسايغان ئىزلاردا تىنغان ئەندىكىش.
كېمىلەر بىجىرىم، دەريالار چوڭقۇر،
بازغاندەك قوللاردا پالاقلار تىنچ.

كۆۋرۈك ساق، ئۇندا يوق زەررىچە يوچۇق،
كىشنەيدۇ تىك ئۆرلەپ تۇلپار دەمدۇ ـ دەم.

ئويلايمىز: باشقىلار باقسۇن بىر ئۆتۈپ،
تېپىلىپ كېتەمىدۇ قايىنامغا تېخى....
ئۆركىگەن ئۆزىمىز، ئۆركۈتكەنمۇ ھەم.

گۈدۈكلەر چېلىنغان ھەممىمىزگە تەڭ،
خىياللار بەك ئۇۋاق، جۈرئەت ھەم شاللاق.
دوقمۇشتا بىرپەدەك قالدۇق تۈگۈلۈپ،
دېيىشتۇق: ئۇ ياندىن كەلسە ماشىنا،
سوقۇشۇپ كەتسەك...
ياق، چىقمىسۇن چاتاق!
بارىمىز قوقاستەك يوللارغا دەسسەپ،
چاڭقىدۇق، بۇلاقتا لىقمۇ ـ لىق زەمزەم.
ئىچمەيمىز، ئۇنى بار ياكى ئۇ تۇز دەپ،
ئۆركۈگەن ئۆزىمىز، ئۆركۈتكەنمۇ ھەم...

## قۇلۇپلانمىغان ئىشىك

سەن كىردىڭ، مەن كىردىم، ئۇ كىردى،
ھەممە...
بىر ئۆي بار ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان.
ھېسلىرىم تورۇكلاپ قۇچار باغرىنى
تۇۋىگە تۈگۈلگەن ئۇرۇقلىرىمان.
كۈن كىرەر، ئاي كىرەر، يۇلتۇزلار كىرەر،
ئاق، قارا سايىلەر تاپىسىغا شەيدا.
كۆزنەكتىن باش تىقىپ ئوينايدۇ شامال،
ئۆز ئەركى، شوخلۇيدۇ ئىشىك چەكمەيلا.
پەسىللەر قوغلىشار تاغ ـ دالا ھالقىپ،
نېمىنى تالىشار؟
بىلمەس ئۆزلىرى.
قۇياشنى يالمايدۇ بىر قارا ئېغىز،
باغلارنى يۇيىدۇ تاغىل كۆزلىرى.

ئۇپۇقنىڭ يۈزىدە قىزىلقىش، ھەۋەس،
قاي قىزنىڭ ياغلىقى ئۇ ھەسەن ـ ھۈسەن؟
قۇشلار يوق، كونىراپ كەتكەن ئۇۋىلار،
ۋىچىرلاش تۈگىگەن، پەرۋاز تۈگىگەن.
باھارنى بىر چىشلەم، بىر چىشلەمدىن يەپ،
يۈرەر قىش ھەر يىلى كۆپۈك ياندۇرۇپ.
يېشىللىق تۈنەيدۇ يىلتىزلار ئارا،
خازانلار سەرگەردان بىر كۈينى قۇسۇپ...
ھېچكىشى بىلمەيدۇ قاچانقى تام بۇ،
ئۆمۈچۈك تورلىرى ھەنىشۋا بولۇق.
تاشلاندۇق ھويلىنىڭ سۈپۈرگىسى يوق،
كەپتەرسىز كوۋۇكلار، ـ تۇمانسىمان مۇڭ.
بىر ئۆي بار ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان،
ئۇ سۆيگۈ،
ئۇ ئىشەنچ،
ئۇ چىن ئېتىقاد!
ئىزلارنى كاپ ئېتىپ بارىدۇ ئىزلار،
قارىساڭ يول ئىزسىز، چوققىلار تۇغسىز،
بۆشۈكتىن قەبرىگە سۆرەيدۇ ھايات.
كۆكلەمنى قۇچاقلار قارىغاي مەھكەم،
قىش چېكەر بۇلاقنىڭ قېشىدا پىغان.
بىناكار خىيالىم قالدى ئويلىنىپ،
بىر ئۆي بار ئىشىكى قۇلۇپلانمىغان...

مۇتەللىپ خۇرسەندى

# يوللارنى بويلاپ

**مەنتىقە**

يوللار ئۇزاق، سەۋەب ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى يىراقتا،
ھىجران ئېغىر، سەۋەب ئۇنىڭ سالمىقى بار پىراقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەكىلىسىمۇ ھايات بىزنى بىر ئىنىقتىنا مىڭ مەرتەم،
ياشاش گۈزەل، گۈزەللىكى ئۆلۈم دېگەن سورىقتا.

## ئۇيغاتماي قويايلى شائىرنى بىردەم

(مەرھۇم شائىر ت. ئېلىيېۋنى ئەسلەپ)

چاقىرما سەپەرگە يەنە ئەي يوللار،
ئۇ ئارام ئالغىلى كەتتى ھېلىراق.
«ئاپشۇرۇپ بەردىڭلار تېنىنى ئۇنىڭ،
قوينىغا يوشۇردى مېھرىبان تۇپراق①»

قۇلاق سال! دىللارنى قۇچقان ئارمانى،
ناخشىلار ئېيتىشى مۇمكىندۇر ھەردەم.
تورۇپتۇ ناۋائى مەي تۇتۇپ ئاگا،
ئۇيغاتماي قويايلى شائىرنى بىردەم.

## ئايرىلىش

يېتىرقاش ئەۋجىدە تىترەيدۇ لەۋلەر،
شامالالار قۇلاققا كۈيلەيدۇ لەرزان.
تىنماستىن شىلدىرلار كۆز ياپراقلىرى
باھاردەك قەلبىڭنى قىلىپ پەرىشان.

ئۆتمەكتە ئاخىرقى دەقىقىلەرمۇ،
دىللارنى يالمىغان ئېغىر سۈكۈنات.
ئىزلىرىڭ نەلەرگە چۈشەركىن ئەمدى،
ئۆتمۇشتۇر مەن ئۈچۈن بىباھا سوۋغات.

ئۇنتۇپ كەت، شادىمان چاغلىرىڭ كەلسە،
قالمايسەن قورۇنۇپ شۇندىلا ئەركەم.
قىسمەتكە نە ئىلاج،
بارمىكىن ئاخىر
بىر دۇنيا — ئىنسانىنىڭ روھىدىكى مەھكەمەل

## قىزلارغا بىر سۆز

(بىر شائىرغا تەقلىد)

مۇھەببەت دەپ كۈيلەر ئىدى بىر چاغلار،
ياقار ئىدى كۈيلىرى ھەم قۇلاققا.
ھېلىغىچە يادىمىزدا بار ئىدى
ئوخشاتقىنى قەلبىمىزنى بۇلاققا.

گۈللىرىسىز بۇ ئالەمنىڭ چىرايلىق
شائىر قەلبى گۈلدىن تەزمەس قىشتىمۇ،
دېگەنلىرى قېنى ئۇنىڭ قويسىنا
چاقچاق قىلىپ شۇنداق نازۇك ئىشتىمۇ.

ھېچ گەپ ئەمەس بىز توغرىلىق يازماسلىق،
بىراق يەتتە ئۆلچەپ كېسىش كېرەكتە.
جاندىن ئەزىز شائىر ئۈچۈن ئۆز گېپى،
ياتار شۇڭا شائىر ئۆلسە يۈرەكتە.

دەپ يۈرگۈدەك قىزلار ماڭا سۆز قېتىپ،
ھە، ئېھتىمال، ئۇقۇشماسلىق بولغاندۇ.
(چاتاق نېمە خاتىرىسى ئادەمنىڭ،
شۇڭا بەرگەن ئىزاھاتىم يالغاندۇ.)

خۇشلۇقىدىن قەغىشى كۆپ يوللار بۇ،
ئۆزى بىلەن ھەر شەيئىنىڭ دۆلىتى.
مانا كۆرۈڭ، ماڭا تېگىمل نېسىۋە،
شېئىر دىلىنىڭ،
قىز ھاياتىنىڭ سۆلىتى.

شۇڭا ھامان قەلەم ئالسام قولۇمغا،
ئىلھامىمنىڭ بىر جۈپ كۆزى قىزدىغۇ.
ئېڭشاپ كۆرۈڭ قەلبىڭىزنى گۈل يۈزلەر،
تۇنجى شېئىرىم قولىيازمىسى سىزدىغۇ؟!

① بۇ ئىككى مىسرا ئاننا ئاخماتوۋانىڭ [illegible]

## ماۋزۇسىز

شېئىر يازغىن، بىلىپ بىلمەي ياز،
زۆرۈرىيىتى يوقتۇر بۇلارنىڭ.
شەيئىلەرنى كۆزەت غەلىتە،
تۇرۇپ چەكسىز سىرتىدا شارنىڭ.

ئادەملەرنى يارات خىيالىي،
چۈشەنمىسۇن ئۆزىنى پەقەت.
نەزەرىڭدە بولسۇن مۇتلەقلىق،
ئۇرۇپ چېقىش، ياۋايى شەپقەت.

تاغ، ئۆڭكۈرلەر ئوخشىمىسۇن ساڭا،
سەن ئۆزۈڭگە ئوخشىما زىنهار.
ئېگىلىك بولسۇن تۈگەل مالىمان،
بەدبۇي بولسۇن ئىلكىڭدە ئىپار.

كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگىن ئارتۇق،
ياخشى بىلەن يامان بەرىبىر.
بولاي دېسەڭ ئاجايىپ شائىر
قىلغىن شۇنداق غەلىتە پىكىر.

## باللىق

كۈكۈمدىكى رەڭدار شەپەقتەك،
ئۇچۇپ كەتكەن باللىق چاغلار.
گويا پەسىل قۇشلىرى ئوخشاش،
كۆچۈپ كەتكەن باللىق چاغلار.
قەيەردىسەن،
نەلەردە قالدىڭ؟!
كۆزلىرىمدە ئىلاھى ھىجران.
ئىزلەپ يۈرەر چۈشلىرىم سېنى،
ئورمانلاردا كۈي قېتىپ سەرسان.

كېلەر ئەجەب، ئاھ كېلەر ئەجەب
تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ چاپقۇم،
چاتقاللاردا كەكلىكلەر قوغلاپ،
توپىلاردا ئېغىناپ ياتقۇم.

قانداق ئىدى ئاق بېلىقلاردەك،
ئېرىقلاردا شۇڭغۇغان يازلار.
چۇقۇرۇشۇپ تاش ئاتقىنىمىز
سازلىقلاردا كۆرۈنسە غازلار.

ئۆتەر ئىدى كۈز ئاخشاملىرى،
قىزىق-قىزىق چۆچەك ئېيتىشىپ.
ئويناپ بەزەن مۈكۈ-مۈكۈلەك
قاپقارا ئىگىز باغنى تىنتىشىپ.
..............................
قەيەردىسەن،
نەلەردە قالدىڭ؟
باللىقىم غەمسىز ۋە ئۇماق.
ئىزدەپ يۈرەر چۈشلىرىم سېنى،
تال چىۋىقنى كۆتۈرۈپ ھەرۋاق.

## ئارمانلىرىم

ئۇۋىسىدىن ئۇچۇم بولغان قۇش كەبى
ئارمانلىرىم، گۈلدەك گۈزەل ۋە رەڭدار.
ئۈمىدىمنى گۈلخان كەبى ياندۇرغان
بۇلبۇلگويا كۈيلىرىدەك ئاھاڭدار.

قۇدرىتىڭدىن، شەۋكىتىڭدىن ئۆرگىلەي،
قۇياش سېنىڭ، دولقۇن سېنىڭ، تاغ سېنىڭ.
تەسەۋۋۇرۇڭ ئاسمىنىدا ئەتىكى
تۇتاش كەتكەن چىمەنزارلىق باغ سېنىڭ.

ئارمانلىرىم جىمجىت يارقىن كېچىلەر،
يۇلتۇزلارغا ئاڭلىرىمنى چاتىسەن.
توقۇپ كۆرەش تۇلپارىنى ھامىنى،
يۈرىكىمنى يوللار تامان تارتىسەن.

قۇملۇقلاردا سەپەر قىلىپ ئۇسسۇسام،
كۆزۈم ئالدىمدا شىلدىرلايسەن بۇلاق بوپ.
شۇبھىلەنسەم ئېنىسىقلىدەپ، گاڭگىراپ،
يورۇتىسەن غۇرۇرۇمنى چىراغ بوپ.

گەر ئۇيناتسام جەڭگاھلاردا زۇلپىقار،
بىلىكىمگە پاتمانلاپ كۈچ بېرىسەن.
مۈگدەپ قالسام چوققىلارغا يۆلىنىپ،
چۈشلىرىمگە بوران بولۇپ كىرىسەن.

ئارمانلىرىم، گۈلدەك گۈزەل چىرايلىق،
ئۆتمەس سەنسىز دەقىقەمدىن بىرىمۇ.
ئارمىنىمدا كۈلدى مانا ئارمانلار،
يۈرىكىمنىڭ چېچەكلىرى - شېئىرىمۇ.

## ئون يەتتىنچى لىرىكا

ئەپسۇس دېيەن ھېلىغىچە نىھايەت،
سېنى سۆيۈپ قالغانلىقىم ئۇچۇنلا.
ئەجەب مۈشكۈل بىلىپ يەتمەك روھىڭنى،
بىر دىلبەرسەن تېپىشماقتەك يوچۇنلا.

كۆزلىرىڭدە مەيۇسانە مەغرۇرلۇق،
جىمغۇرلۇقۇڭ جانغا پاتار ئىدى بەك.
لەۋلىرىڭدە تېنەپ قالغان كۈلكىلەر،
چاچار قانداق يوللىرىمغا گۈل - چېچەك.

يەتەرسەنمۇ خىيالىمدىن شۇ سۈپەت،
خەيرلىشىپ قالار بولساق مۇبادا؟
سەن توغرىلىق سۆزلەش ماڭا بىر ئازاب،
بىلىۋالغىن ھايات پەيزى سادادا.

## يايلاق لىرىكىسى

يايلاق، يايلاق پاك سۆيگۈمنى ئېلىپ قالغان يەر،
كۆز ئالدىمدا دولقۇنلىتىپ چەكسىز يېشىللىق.
شىلدىر - شىلدىر ئاققان سۇلار مىسالى كەۋسەر،
سايراشلىرى كاككۇكلارنىڭ ئەجەب يېقىملىق.

ئىھ، بىلمىدىم سەندە قانداق خىسلەتلەر باركىن،
(ئەلمىساقتا دۇئا بەرگەن خىزىر ئېھتىمال.)
يىگىتلىرىڭ شىردەك قاۋۇل، كۆزلىرى چېقىن،
قىز - جۇۋانلار شۇنچە خۇش خۇي ھەم ساھىبجامال.

بوۋايلارنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار چىرماش،
يولدۇز گويا يىللار سېھرى كۆپىيىپ بارغان.
ئاشۇلارغۇ چوققىلاردا بولۇتقا تۇتاش،
خەنجەر ئۇرۇپ قاۋانلارنىڭ جېنىنى ئالغان.

چىللار ئۆيگە كىشىكىدىن ئۆتسە كىم ئەگەر،
يايرىتىدۇ جاننى مۇزدەك چۆچمەل قىمىزى.
ئاپىقىنىنى ئايىماستىن ئالدىڭغا تۆكەر،
بىلمىشىمكەن يات كىشى دەپ قارىماس ھەرگىز.

شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يارقىن كېچىلىرى ھەم،
تۆكەمدىكىن ئايمۇ ھەتتا نۇرلىرىنى كۆپ.
ئۇخلار ھەممە تۆشىكىدە جىمجىت ۋە بىغەم،
گۈلدەك ھايات، خۇشال تۇرمۇش پەيزىگە چۆكۈپ.

قۇچىقىدا ئاق بۇلۇتتەك پادىلار تۈپى،
ئويىنىشىدۇ قىن ـ قىنىغا پاتماي قىيغىتىپ.
يىراقلاردىن كىگىز ئۆيلەر كۆرۈنەر خۇددى
ئولتۇرغاندەك بىراۋ جىمجىت خىيالغا پېتىپ.

قانداق راھەت چوغلۇقلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ،
تاغ ياقىلاپ كەلگەن يۇمشاق سەلكىن شامااللار.
قانداق راھەت يىگىتلەرنىڭ نېيىنى ئاڭلاپ،
شوخ قىزلاردا باش كۆتۈرگەن شىرىن خىياللار.

يايلاق، يايلاق پاك سۆيگۈمنى ئېلىپ قالغان يەر،
كۆز ئالدىمدا دولقۇنلىتىپ چەكسىز يېشىللىق.
تۇلپارلىرىڭ كىشنەشلىرى گوياكى زەپەر،
ئادەملىرىڭ چىۋەر ھەممە قۇياشتەك يىللىق.

ئەخمەتجان ئوسمان

# ئۆلگەن گۈلدىن ئۆرلىگەن ئەتىر

## دىلبەر

بۇ تۈننىڭ ئەڭ يىراق قىتئەسىدە كۆردۈم سېنى، دىلبەر،
قېنىڭ لەشكەر سۈرۈپ تۈندىن جۇدا قىلدى مېنى، دىلبەر.
مەلائىك بايرىمى سەن كۆكتە، مەن جەڭگاھتا قان تۆكتۈم،
سېنى ئەپكەلدى تۇپراققا پىغانىم خۇپتىنى، دىلبەر.
كۆزۈمدىن توختىماي قەغەزگە چۈشكەيدۇر ئاقار يۇلتۇز،
يىراق روھىمنى قىسقان شۇنچە زۇلمەتنىڭ تېنى، دىلبەر.
ئەزەلدىن ئۇۋچىمەن ئولجا نېمە بىلمەس ئىدىم ئەمما،
ئۆزۈڭ ھەر ئوۋچىنى ئوۋلايدىغان روھ جەرىنى، دىلبەر.
ئۆزۈڭ نۇر بارمىقى چەككەن پىغانلىق ئەلمساق تارى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ساڭا ئىشقىم گويا روھىمدا ۋەھدەت يەلكىنى، دىلبەر.
تېنىم دەرياسىدا ئۆنگەن چىمى سىردەك سېنى ئۆپسەم،
لېۋىڭدىن ئاقتى جانىمغا چېچەكلەرنىڭ قېنى، دىلبەر.
سېنى باغرىمغا باسقاندا ھاياتنىڭ بۆرىسى ھۇۋلار،
يۈگەر مۇردامنى ئاسماننىڭ نۇرانە كېپىنى، دىلبەر.
ئىدىڭ قارنىمدا سەن دۇنيا سولانغان بىر تىرەن شەبنەم،
تېمىپ قۇتلۇق جاراھەتكە ياراتتىڭ جان ـ جېنى، دىلبەر!

## مۇناجات

خۇدا... ! قانداق مېنى يەردە چېچەكنىڭ كۆز يېشى قىلدىڭ،
كۆيۈك بوستاندا بۇلبۇلنى ھاياتىمنىڭ بېشى قىلدىڭ.
تېنىم ـ قۇملۇقتا يۈتكەن قوڭغۇراق غەمكىن جاراڭلايدۇ،
بىراق كارۋاننى چۈش كۆرگەن گۆرۈمنىڭ ياد تېشى قىلدىڭ.
ئەزىم تۈن قەلبىدە چەشمە جىسىملاردا ئاقار تىمتاس،
مېنى شۇ چەشمىنىڭ تاگدا چۇقانلىق سىردىشى قىلدىڭ.
كۆيۈمنى تىلدى زۇلمەت شەمشىرى، ئايغا قېنىم ئاقتى،
كېچىپ مەندىن، قېنىمدا قارغىلارنىڭ ئۆركىشى قىلدىڭ.
پىغان چەكسەم كى ئاغزىمدىن تۆكۈلدى شۇنچە يۇلتۇزلار،
تىرىلدىم قانچە ھەم ئۆلدۈم، قۇرتلارنىڭ ئىشى قىلدىڭ.
كۆلۈمدىن تاڭ ئېتىپ چىقتىم، قۇياش جىسمىمدا بىر زەررە،
قاراڭغۇ چەشمىسى ئۈستىدە ھەيرەت ئوتقېشى قىلدىڭ.
مېنى سۆي، خالىغانىڭنى قىل، دېدىڭ تىلدا يوقالدىڭ سەن،
چېكىندىڭسەن، مېنى سۇ، ئوت، يەر، ھاۋالارنىڭ پېشى قىلدىڭ.

## يارقىن قەبرىگاھ

روھ ئېيى ئەتكەن ئەكس كۆل ئەينىكى سەندىكى ماھ،
مەن قېنىمدا كۆكلىگەن ياپراقلىرى يۇلتۇز گىياھ.
بوغۇزۇڭدا ئۆلدى مەن كۆز ئاچقىچە كىشنەپ شامال،
مەن تۈنۈڭ كۆيگەن بۇپۇقتا تاڭ ئېتىپ چىققان گۇناھ.
باش سۆيى بوپ ئاقتى سەن تولغاق يېگەندە مەن ئۇچۇن
سەندە ئۆنگەن ھەر باشاقتا يۆلىنىپ سولغان سىياھ.
ئۆرتىگەن ئىشقىڭ شەپەق تۆكتى كۆزۈمدىن ھەر كېچە،
گاھ يېشىل كۈن ئۈندى گۆردىن، سىر مېنى ئولتۇردى گاھ.

ھەر باھار كەلگەندە بېخلاردىن تېزۈپ قوندۇق ماڭا،
مەن كۆيۈك باغرىمدا سۇ-ئالۋۇن ئارا ئۆلكۈنچى راھ.
مەن ئىزىپ يالغۇزسىراپ ئۇيلاپ، ئۆلۈپ، يىغلاپ، كۈلۈپ...
سۆكۈنات قەلبىمدە مەڭگۈ ئۆركەشلىك ئەتتىم پاناھ.
سېنى چاقىرغاندا لەيلەر مەيدە نان يەلكەن بولۇپ،
چىققۇسى چاچراپ قۇياشتەك كۆكرىكىمدىن نالە-ئاھ.
بايقىدىم چېھرىڭنى مەيدە، ياشتا، كۈلدە، كۆلكىدە...
سەن دېڭىز ساھىلى يوق، مەن ئۇندا يارقىن قەبرىگاھ.

## يورۇق چىملىق

قەلبىمنىڭ كرىستال، كەلكۈنگە ئۇۋا،
دەردلەرنىڭ يولىسەن، شادلىقتا گۇۋاھ.
قۇياش لېۋىدە چاقنىغان شاراپ،
تاپتۇق نىجاتلىق كۆزۈڭگە قاراپ.
سەن باشلارغا تاج، ياشلارغا باھا.

كۆكسۈڭدە سۆيگۈ، ئازاب خەنجىرى،
قىنىڭدا ئېرەر قانلار زەنجىرى؛
يورۇق بىر چىملىق تۇمان ئىچىدە،
تۈنىگەن شەپەق يىراق كېچىدە،
سەن نۇر ئېمىزگۈ، بۆشۈك تەقدىرى
كۆپۈك ئاستىدا يانغان تۇتىيا.

پەرھات ئىلياس

# ئۆزۈم چەكسىز كائىنات تۇرسام

## تۆرەلمىگەن شېئىر

ئەي سەن شائىر
بىر ۋاقىتلىق ئۇزۇقسەن مۇدھىش ئەجەلنىڭ،
توزۇپ چۈشكەن تال-تال پەيلىرىڭ
تەڭرىنىڭ ماڭلىيىغا چېكىلگەن شېئىر.

گۈگۈم لەۋلىرىدىن قارايدۇ بۇلاق
قارىچۇقلىرىدىن
مۆلدۈرلەيدۇ تۇغۇلمىغان تۆرەلمە دۇنيا.

ياشاشنى ئويلايدۇ يوللارنى قايتا.
تىل چىقتى ئۇنىڭغا ئەمدىلا تېخى،
شۇڭدىمۇ
سۆزلەشنى ئويلايدۇ يېڭى بىر تىلدا.
بۆشۈكتە ياتىدۇ،
بوۋاق ئۇ تېخى
لېكىن
تۇغۇشنى ئويلايدۇ دۇنيانى قايتا.

## تەڭرى سايىسى

ئۇ تېخى يېڭىلا ماڭدى تەي-تەلەپ...
ئەمما، ئۆزىچە...

## مۇھەببەت

بىز مۇھەببەت، ئۆچمەيمىز ئەسلا،
ئەمما،
بىلمەيمىز نېمە ئۇ؟ مۇھەببەت دېگەن نېمە
تال. تۇۋىدە تۇرساقمۇ بىللە،

بىر ـ بىرىمىزنى
ئىزدەپ ھامان يۈرىمىز سەرسان.

## قوللىرىڭنى سوزمىغىن بىۋاق

قوللىرىڭنى سوزمىغىن بىۋاق،
ياپراق جىسمىم
ۋىسال پەيتى كەتمىسۇن توزۇپ.
توشۇپ يۈرمە ئاۋارە بولۇپ
زەمزەم سۇنى،
باللىقتىكى بەش تاش
ئۇۋىسىدىن كەتمىسۇن ئۇچۇپ.

قاچقىن ئىسمىم،
تۇمانلارنى تاشلاپ يادىكار
سوزۇپ قالاي
قوللىرىنى قارىچۇقلىرىمنىڭ
سوزۇپ قالاي بىر ئۆمۈر،

## ئاھ، شېئىر

مەن شېئىرچۇن تۇغۇلغان ئەمەس،
ئەمما،
چۈشەيمەن چۈشلىرىمدە شېئىرنىلا.
ئاۋارىمەن چوغلىرىنى
چۇخچىلاپ ئىسىم تونۇرلىرىنىڭ
ياقىمەن كۆلدە كۆمەش مىسرالارنى
ھەم كۆدەكلەردەك
داڭلاپ بېرىمەن شىرمان نائىلارغا.
بىلىمەن
مەن شېئىر يازمىساممۇ
توختاپ قالمايدۇ شېئىر ھارۋىسى.

ئاھ، شۇندىمۇ
ياندىشىمەن ئۆزۈمچىلا يانداق بولۇپ.

شېئىر ئىزدەپ
تارتىمەن قاراڭغۇ بۇلۇڭلارغا تور،
تاشلايمەن ئىپقىنلارغا قارماقلارنى.
شېئىر ئىزدەپ
ئۇچۇمەن سەرگەردان قامغاقلاردەك،
توزۇيمەن گويا گۈلخان كۈللىرىدەك.
كۆرۈنەر شېئىر بوپ سايىنىڭ تاشلىرى،
قىپقىزىل چەشلەر،
قۇمچاقلار ھەتتاكى ئەۋرەزلەر ماڭا.
شېئىر ئىزدەپ
باراي ئەمدى باياۋانلارغا،
زېرىكتىم باغلارنىڭ لاتاپىتىدىن.
ئاقارغان سۆڭەكلىرىم
قالسۇن بارخانلارغا ئۇندەش بولۇپ!

بىلىمەن
مەن ناخشا تۇۋۇلمىغانغا
ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ سۆيگۈ ئىپقىنى.
ئاھ، شۇندىمۇ چېكىمەن پىغان.
يازغانلىرىم ئاۋامغا، لېكىن
ئازابلىرىم ئۆزۈمگىلا خاس ...

مەن شېئىرچۇن تۇغۇلغان ئەمەس،
ئەمما
ياشايمەن شېئىرچۇنلا تۇغۇلغاندەك.

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# كۆيلەرپەخرىم، كۆيلەر غۇرۇرۇم

شېئىرلىرىمغا ...

مېھرىمگە چېتىلگەن ئالتۇن زەنجىرسەن؛
ساداقەت، پەخرىمدە ئاۋلىنىپ تۇرغان.

ھاياتنى كۆزسەتكەن نۇرلۇق پەنجىرسەن؛
قىسمەتلەر ھەسرەتتىن سوقسىمۇ قورغان؛

ئانامسەن قەدىردان - چەكسىز مېھرىبان،
ياش تۆكسەم باغرىدىن تۇرغان پەيمەلەپ.
شاتلىقىم لەك تۇرسا بولۇپ ئوكيان،
قىرغاقتا يولۇقتۇڭ ماڭا ئەركىلەپ.

بىۋاپا يارلاردىن قالغاندا يېتىم،
كۆيلىرىڭ ياسىدى پىنھان چىمىلدىق.
شۇ يەردە تۇزىدى چاڭدەك ھەسرىتىم،
سەن ئۆزۈڭ ھەممىشە خۇش خۇي، خۇش قىلىق.

تەڭداشسىز ئېسىلسەن، تەڭداشسىز گۈزەل،
سەن باردا ئۆلۈمگە قىلمايمەن پىسەن.
سۆيگۈدەك ئەزىز سەن، سۆيگۈدەك ئەۋزەل،
سەن بىلەن ياشايمەن ئامان ۋە ئېسەن.

**مەن قانداق چىدايمەن سىلەرگە قىزلار؟!**

چەكسىزدۇر بۇ دۇنيا، چەكسىز بۇ ئۇقۇم،
ۋە لېكىن ئىنسانىنىڭ ئۆمرى قانچىلىك؟
تەقدىرنىڭ پەيلىدىن چېكىنمەيدۇ غۇم،
ياشايمىز قۇش رىسقى — بىر تال دانچىلىك...

چېچىمغا قونغاندا ئالدىراپ ئاق رەڭ،
ئىزنالار چۈشمەسمۇ چېكەمگە يول - يول؟
قەددىمنى دال قىلغان بۇ ۋاقىت كۆرەڭ،
توختاپ تۇر دېگەننى قىلارمۇ قوبۇل؟

بىر نۇرسىز قارىچۇقتا كىبلەرمەن قاراپ،
قولۇمدىن چۈشمەيدۇ قەدەممداش ھاسام.
بوغۇلغان نەپەسلەر - كۆكرەك ھالسىراپ،
قىسمەتلەر ئاشۇنداق، قىسمەتلەر قارام.

يېنىمدىن ئۆتسەڭلار ئوماق شوخ قىزلار،
ئىگىلىپ چىۋىقتەك تازا ئەۋرىشىم،
قىلمدۇ بەختىڭلار ئىشتىياق ئىزھار،
ئاھ، قانداق قىلىمەن ئۆزتەنسە ئىچىم؟

يىللارنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ بىر - بىر،
باقايمۇ يالۋۇرۇپ - ياشلىقنى تىلەپ؟
ياق بولدى بۇ ھېستىن ئېچىلمايدۇ سىر،
ھەسەتسىز يوللارغا كىرەي ئىچكىرىلەپ...

**«قىزىقچىلىق»**

گۈلدىن ھۆسن تالاشقان چاغدا،
كۆيۈشكەنتۇق، سۆيۈشكەن ئەجەپ.
نۇر مەڭزىمىز سولاشقان چاغدا،
جۇدالىقنى قىلىشتۇق تەلەپ.

تونۇشماستا، تەنھالىقتا ئاھ،
بېقىشقانتۇق شۇنچە قەدىردان.
رەقىبلەرچە تاشلامدۇق نىگاھ،
چېتىپ تۇرسا ئىككى ئوماق جان؟.

**ئانا ھەققىدە قوشاق**

قەلبىڭنى زەر قىلدىڭ، چاچتىڭ بىھېساب،
بەئەينى بىر سېخى شاھزادىسمان.
بەنىلا رەنجىش كۆپ، ئاز ئىدى ئىنساپ،
نەڭ چوڭقۇر مېھرىڭنى قىلاتتىم قالقان.

مۇھەببەت خەزىنىسى سىنىڭ ۋۇجۇدۇڭ،
يوقسىزلىق پەيتلىرى بولمىدى زىنھار.
قىسقاردى قەدەملەر - قىسقاردى يولۇڭ
ئوغلۇڭنىڭ بەختىنى تۇغۇشتا تەكرار.

قەدرىڭنى بىلەلمەي يۈرسەممۇ ئانا،
مەن ئۈچۈن تىلغاندىڭ، ياشلاندى كۆزۈڭ.
يوق بىللە ياشاشقا يەنە بىر دۇنيا،
تەۋەرۈك بۇ ئالەم، تەۋەرۈك ئۆزۈڭ...

**پەرزەنتلىرىمگە**

بىرسىڭلار شوخ ئەجەب، بىرسىڭلار ئوماق،
بىرسىڭلار چۈچۈك تىل، بىرسىڭلار چېچەن.

بىرسىڭلار ئاقپىشماق، بىرسىڭلار ئاپئاق،
خۇي - خۇلقۇم سىلەردە تۇرىدۇ ئەينەن.

يۈرسەڭلار چۆرەمدە ئويناپ، ئەركىلەپ،
پارلىغان مېھرىمدە تاشلايمەن نىگاھ.
سۆيىمەن باغرىمغا تارتىپ پەپىلەپ،
بىر غالىپ ئېپتىخار كۆلىدۇ قاھ - قاھ...

ئاشۇنداق ھالەتتە بارىمىز شۇڭغۇپ
باغلارنىڭ قوينىغا، يېشىل بوستانغا.
بۈركۈتلەر قۇشلارغا ئېتىلسا ئۇچقۇپ،
ئاھ ئوغلۇم، قارايسەن چۆچۈپ ئاسمانغا.

گۈل - چېچەك تەۋرەنسە تۆكۈپ شەبنەملەر،
قىزىم سەن، قارايسەن ئايلىنىپ مىڭ رەت.
ئاۋايلاپ ساقلايسەن قىسىپ تاڭ سەھەر،
سولاشقان بەرگىگە باغلاپ مۇھەببەت.

بىرسىڭلار باتۇرلۇق ھەغداسى بولۇپ،
پۇشتۇمنى، نەسلىمنى كېلىڭلار ساقلاپ.
بىرسىڭلار گۈزەللىك شەيداسى بولۇپ،
ياشاڭلار، ئاناڭلار قەلبىنى تەكرارلاپ.

## چۈش ۋە قىسمەت

1

كۆرسەتتىنىڭ چۈشۈمدە دىلبەرنى تەڭرى،
ئويغانسام كۆزۈمدىن ئەيلىدىڭ غايىپ.

ئەزىزى

گەر بولسا شادلىقنىڭ پۇرسىتى كەڭرى
كېتەمدۇ بەختىنىڭ ئىلاھى كايىپ؟

2

سۆيىمەن چۈشلەرنى، چۈشلىرىم گۈزەل،
يات كۆزلەر يۇمۇلسا غەمسىز مۇھەببەت.
رەزىللەر كۆرسەتسە پەيلىنى سەل - پەل،
بار ئۇندا ئويغىنىپ قېچىشقا پۇرسەت.

## كونا سۈرەت

ئايرىلىش پەيتلىرى كەلگەن بىر چاغدا
بوشاشتى بارماقلار، قاچتى لەۋدىن قان.
ئۆمۈردە ئاداققى تىنىقتەك گويا،
سىمابتەك لىغىرلاپ كۆرۈندى جاھان.

پۇشايمان قۇترىغان مەردانە كۆزلەر
تەلپۈنگەن يۈرەككە تاشلايدۇ سايە.
«كەچۈرگىن ئامرىقىم...» دېگەن بۇ سۆزلەر
تاغلاردىن چىقالماي بولىدۇ زايە.

غەزەپنى يۇتالماي ئايرىلدى ئۇلار،
باقمىدى قايرىلىپ بىر - بىرىگە ھەم.
كۆڭۈلنى غەرەزسىز قىلغىچە ئىزھار،
بوۋاقلار چوڭ بولار چوقۇم دەمبۇ - دەم...

# ياپراقلاردا كېپەنلەنگەن گۈل

## كۈز ھەققىدە قەسىدە

1

چېچىۋەتتى
[illegible] چاچقۇ قىلىپ يۇلتۇزلىرىنى،
سارغۇچ كۆڭلەك كىيگەن پەرىشتە.

2

بەزمە قۇرار [illegible]
شۈكرى قىلىپ نېمىتىگە [illegible]
ئاق قۇشقاچلار تاقىبۇ دالىدا.

3

تەنتەك شامال

كۆكىلىكىنى بۇلاپ كەتكەچكە،

ئاھ، پەرىشتە ئۇيالغىنىدىن

ئۇچۇپ كەتتى ئاستا ئەرشكە.

4

باغلاپ چۇشەر پوتىسىنى ئۇ،

گۈلخان يېقىپ تۇزگەن مەشرەپكە.

## سايىدا ياتقان قاراتاش

يىراقلاردىن كەلگەن شوخ شامال

تۇنەيدۇ

قويۇپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا باش،

لېكىن بۇنى سەزمەس،

سايىدا ياتقان قاراتاش.

ناخشا ئېيتار، گۈزەل بىر ناخشا

قونۇۋېلىپ ئاتا بوز تورغاي،

لېكىن بۇنى سەزمەس

سايىدا ياتقان قاراتاش.

يۆتەلدى زېمىن

بۇ ئاچچىق سوكۇتتىن ئۆرلەپ غەزىپى

يېرىلدى

سايىدا ياتقان قاراتاش.

قاققىپ چىقتى يېرىقتىن،

چىققان كەبى جانىقىدىن كۆز،

«سۆيگۈ» دېگەن ئويۇپ قالغان سۆز.

## ھىجران خىيالى

شېرىن خىيالنىڭ مەستخۇشلۇقىدا

كۆلگە ئايلاندى كۆزلۈك

قىنىق بىر كۆلگە

ۋە ئۇنىدا جىلۋىلەندى،

مۇڭلۇق بىر يىگىت ــ

تەنها بىر بەلگە.

شۇندا

كالىسىنى يېتىلەپ،

قىردىن قايتقان پادىچى بالا

شوخلۇق قىلىپ تاش ئاتتى ئاكا،

غايىپ بولدى

مۇڭلۇق يىگىت،

پادىچىنىڭ ئاتقان تېشىمۇ،

كۆل چايقىلىپ،

ئەلەم قىلدى ئالەمچە ساكا.

## سەنسىزمۇ

مەن

سەيلىگە چىقىشنى ئىستىدىم

سەنسىزمۇ.

دەريا بويىغا باردىم،

مۇكۆشمەك ئويىندىم دولقۇنلار بىلەن

سۇغا چۆمۇلدۇم بېلىقلار بىلەن،

سەنسىزمۇ.

چارچىغاندا ساھىلغا چىقىپ،

ئۇخلا يېتىپ،

پەقەت ئۆزۈمنىڭ كۆزى بىلەنلا

ئاسمانغا قارىدىم سەنسىزمۇ.

ئۆيگە قايتىپ،

خىيال سۈردۈم سەنسىزمۇ،

چۈش كۆردۈم كېچىسى يېتىپ

رومانتىك بىر چۈش.

كۈن ئۆتكۈزدۈم دېمەك سەنسىزمۇ

ئاستى پەرىشتەم.

## بۇ تاغلار...

بۇ تاغلار چۇش ئەمەس،

كېچىدۇر ئۇنى كۆردۇ ئەمما.

www.uyghurkitap.com

بۇ تاغلار قىز ئەمەس،
ئەمما ئاشىق ئاڭا بىر يىگىت.

بۇ تاغلار يۈرەك ئەمەس،
سوقۇپ قالار ئەمما بەزىدە.

بۇ تاغلار ھېچنېمە ئەمەس،
ھېچنېمىگە ئايلانغان كۆزدە.

## ئىلاھىي چۆچەك

يېنىڭىزدا
گىرىمسەن پەردىنىڭ ئارقىسىدا،
تۇپراق يېرىپ ئۈنگەن مايسىدەك
بەرق ئۇرار نازۇك بىر بەدەن.
تۇتالمايسىز ئۇنى ئەندىكىپ،
قارالمايسىز ياكى تىكىلىپ،
مۇمكىن ئەمەس
ئۈمىد ئۈزۈش ئەسلا ئۆلگۈدىن،
ھەسرەت چېكىپ ئۆرتەنگەن بىلەن.
سىز ئۇنى
ۋىسال تاپماي سۆيۈپ ياشايسىز،
كۈتۈپ-كۈتۈپ كۆيۈپ ياشايسىز،
سۇ ئۈستىدە كۆيگەن چېچەكتەك.
چېكىلمىگەن ئازاب ئۇ،
ئۇ ھاياتقا بەخشەندە يالقۇن.
سىز شۇ يالقۇن ئەكسىدە
جىلۋىلەنگەن ئىلاھى چۆچەك،
چۆچەك بولۇپ يارالغان تۇتقۇن.

مۇھەممەتجان ئەمەت

# مەن ئۆزۈمنى سېغىنغاندەك سېغىنسام سېنى ...

## ئۇ چاغدا ...

ئۇ چاغدا گۆدەكتىڭ، سەن بەكلا گۆدەك،
گۇڭگا بىر چۈش ئىدى ياشاشمۇ ساڭا.
چاقنىغان زۇمرەتتەك قېنىق كۆل سۈيى،
كۆڭۈلچەك چال بولۇپ تۇيۇلغان دۇنيا.

ئۇ چاغدا گۆدەكتىڭ، سەن بەكلا گۆدەك.
سېنىڭچە بارچە گۈل چاچاتتى ئىپار،
بىر سېھرىي مۇلۈكدار ئىدى تەبىئەت،
ھاياتتا بىر يىلنىڭ ھەممىسى باھار.

ئۇ چاغدا گۆدەكتىڭ، سەن بەكلا گۆدەك،
قىسمەتكە ئەركىلەپ ئۆتەتتىڭ ھامان.
سېنىڭچە بېلىقلار قايغۇسىز ئىدى،
يۈرەتتى قۇشلارمۇ ئۇچۇپ شادىمان.

ئۇ چاغدا گۆدەكتىڭ سەن بەكلا گۆدەك،
يالىڭاياق باساتتىڭ تىكەننى بىلمەي.
سەن يېڭى مېھمىنى ئىدىڭ ھاياتنىڭ،
ياشايتتىڭ تۈز- قىڭغىر، ئاق- قارا دېمەي.

ئۇ چاغدا گۆدەكتىڭ سەن بەكلا گۆدەك،
ھەممىنى دەيتتىڭ سەن بەلكى بۇ چاقچاق.
بىلمەيتتىڭ ھاياتنىڭ ھىجايغىنىنى
كەلدى، دەپ بىر تەلۋە بولغىنى ئەخمەق.

بىر لېۋەن يارالدىڭ سۆيۈلۈش ئۈچۈن،
قۇياشنى قۇچاقلاپ ئاتلاندىڭ يولغا.
ھەر كۈنى ئۆتەتتىڭ بىر قىردىن ئاتلاپ،
ھەر كۈنى بىر سىزىق چۈشەتتى قولغا...

مۇدۇرۇپ باراتتىڭ سەھەرنى بويلاپ،
كۈن بويى چۈشۈڭدە ئۇچاتتىڭ يۈكسەك.

كېچىكىپ چۈشەندىڭ قىزىلگۈللەردەك،
تىكەنگە يۈگىنىپ ئېچىشنى چېچەك.

## مەن ئۈزۈمنى چۈشەنگەندەك چۈشەنسەم سېنى

مەن ئۈزۈمنى چۈشەنگەندەك چۈشەنسەم سېنى،
ئېخ، بىلمىدى سېنىڭ كۆڭلۈڭ بەئەينى دۇنيا.
چاقنايدىكەن ھىلالىڭمۇ، يۇلتۇزلىرىڭمۇ،
چاچىدىكەن نۇرلىرىنى قۇياشىڭ يانا.

مەن ئۈزۈمنى سېغىنغاندەك سېغىنسام سېنى،
قارالمايمەن تۇرۇۋالغاچ نۇرلار قاتمۇ-قات.
يېغىشۋېلىش مۈمكىن قۇياش نۇرىدىن تال-تال
بالقىغاچقا كۆزلىرىڭدە مەڭگۈلۈك ھايات.

مەن ئۈزۈمنى سۆيگەنچىلىك سۆيگەنتىم سېنى،
كۆردۈم سەندىن تۆكۈلگەننى دەريا ۋە باھار.
بىلدىم مۇنداق ھەقىقەتنى كەڭ بولسا ئېرىق
ئۈلۈغ بولسۇن، سۇ قانچىلىك تاشماستىن ئاقار.

مەن ئۈزۈمنى ماختىغاندەك ماختىسام سېنى،
كۆككە يەتتى بېشىڭ، بولدۇڭ چەكسىز شادىمان.
بۇ چىرايلىق تەرىپلەشتە ئېچىلغاچ يولۇڭ،
كۆردۈم سېنىڭ قەلبىڭدىمۇ ئۈزۈمنى شۇئان.

شۇنداق ئۈزۈم موھتاج بولسام بۇندا ئېمىگە
ياشاش ئۈچۈن سەنمۇ موھتاج بولسەن ئوخشاش.
مەن تىلىسەم شامغا ئوخشاش يورۇق بېرىشنى،
سەن خالايسەن كېچىلەردە بولۇشنى ئوتقاش.

مۇختار سوپى

## بىز كەلمىگەن بۇ يەرگە بىللە ...

چىملىقلاردا قالغان ئىزىمىز،
ئۈپۈقلاردا ئۇنتۇلماس نىگاھ.
ئاي يۇلتۇزلۇق جىمجىت كېچىدە
كۆلنىڭ بويى بولغان سەيلىگاھ.

پىچىرلىشىپ كەلسەك گۇگۇمدا،
قۇچاق ئاچقان قەدىمىي ئورمان.
ئاق يول تىلەپ ئورمان قۇشلىرى
بىزنى بىللە تاڭغا ئۇزاتقان.

كۈنلەر ئۆتكەن شادلىق ئىچىدە
ھايات بىزنى سۆيۈپ، پەپىلەپ.
ئوغرىلاپسەن كۆڭلۈمنى جانان،
گاھ نازلىنىپ، گاھى ئەركىلەپ.

تەشنالىقنىڭ ئازابلىرىدا،
بىز ئەبەدىي كەتتۇق ئايرىلىپ.
ماڭا جانان ئاخىرقى قېتىم
قاراپ قويدۇڭ ئاستا قايرىلىپ.

ئۆتۈپ كەتتى كۈنلەر، ھەپتىلەر،
سەن كۆڭلۈمدىن چىقمىدىڭ زىنھار.
مۇمكىن ئەمەس كۆرۈشۈش، لېكىن
ئىستەك ماڭا بەرمەكتە ئازار.

قالمىغان بىز ئېيتمىغان ناخشا،
قالمىغان بىز يۈرمىگەن كېچە.
ھەممە يەرنى ئايلاندۇق، بىراق،
بىز كەلمىگەن بۇ يەرگە بىللە...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قارلىق تاغدا



(پوۋېست)*

## قەدىمقى ياغمىلار ھەققىدە رىۋايەت

4-ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بۇ يەردە باھارنىڭ ئالامەتلىرىدىن دېرەك يوق، زېمىن ئاپئاق قار ئاستىدا جىمجىت ئۇخلاپ ياتاتتى. شىۋىرغان ھۇشقىتاتتى. ھەپتىدە بىر نەچچە قېتىم لەپىلدەپ قار يېغىپ تۇراتتى. بەزىدە ھەپتىلەپ قۇياشنىڭ جامالىنى كۆرمەيمۇ قالاتتۇق. ئاقتاش ئەتراپى 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ يىللىيدۇ. 8-ئاي-لاردا يەنە قار ئاستىدا قالىدۇ. بۇ يەردە باھار ۋە يازنىڭ پەيزىنى سىزگىلى بولمايدۇ. نېمە ئامال؟ بىزنىڭ گازارما مۇشۇ يەردە. ئەتىگەن سەلەي پەيجاڭ:

— بۈگۈن ھاۋا يەنىلا بۇزۇق تۇرىدۇ. جاپا چېكىپ قالىدىغان بولدۇق، — دېگەندى. مەن:

— كېرەك يوق، پەيجاڭ. ھاۋا بۇزۇلسا بۇزۇلۇۋەرمەمدۇ؟ بۇزۇلۇش، ئېچىلىش ھاۋانىڭ ئىشى، رازۋېتكىغا بېرىش مېنىڭ ئىشىم، دېگەندىم. سەلەي پەيجاڭ سەل قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— ھەربىي ئىشلاردا ھاۋارايىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ھەرىكەتتە ھاۋارايى بىلەنمۇ ماسلىشىش لازىم. كوماندىر بولغان كىشى بۇيرۇق بېرىشنىلا بىلمەي، ھاۋارايىنىمۇ بىلىشى لازىم دېگەندى. مەن:

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھېلىغىچە ھاۋا ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس،" دېگەنىدىم. بىز يولغا چىققىلى مانا بىر سائەتتىن ئاشتى، لېكىن تېخى قۇياش جامالىنى كۆرسەتكىنى يوق. بۇ مېنىڭ جەڭچى لى چياڭ، خەلق ئەسكىرى قۇربانىبېك ئۈچىمىز بىرگە مېڭىۋاتىمىز. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم رازۋېتكىغا چىقىشىم ئەمەس. بىر ئاي ئىلگىرى ئۈرۈمچى كوماندىرلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بەرگەنىدىم، ئەگەر ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسام ئەمدى بۇنداق رازۋېتكىغىمۇ چىقالماسمەن، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسەت، تارىخ، ھەربىي تاكتىكا دېگەنلەردىنغۇ ياخشى ئىمتىھان بەردىم. چىقارغان سوئاللارمۇ مەن ئۈچۈن ئانچە مۇرەككەپ تۇيۇلمىدى. لېكىن يەنە شۇ ماتېماتىكا، شۇنىڭدىن كۆڭلۈم سەل يېرىم قالدى. بۇ قېتىم ھەربىي مەكتەپكە بەرگەن ئىمتىھان نەتىجەم ياخشى بولۇپ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ قالسام ئالدى بىلەن ئامانگۈلگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە «كىتاب ئوقۇشنى تاشلىما، بىلىم ھەر قاچان، ھەر جايدا ساڭا يار-يۆلەك بولىدۇ» دېمىگەن بولسا مەن كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قوياتتىم-دە، ئىمتىھانىنىمۇ ياخشى بېرەلمىگەن بولاتتىم. نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن كۆڭلۈم توق. ئەگەر بۇ قېتىم ئۆتەلمىگەن بولسام، كېلەر قېتىم چوقۇم ئۆتىمەن، بولدىلا، ئىمتىھان توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى تاشلاي، چۈنكى ھازىر مەن رازۋېتكىغا كېتىپ بارىمەن. مەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ يول بىلەن رازۋېتكىغا ماڭغان. ئەمدى خىيالدىن تۇغۇلۇپ، شۇ قېتىم رازۋېتكىغا ماڭغان چېغىم ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. شۇ چاغدا سەلەي پەيجاڭ ماڭا:

— جاسارەت، سەن بۈگۈن تۇنجى قېتىم رازۋېتكىغا كېتىۋاتىسەن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، رازۋېتچىك بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس. تاماق ئېتىش، ئات بېقىشقا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ۋەتەن چېگرىسىدىكى ھەر بىر جىلغا-جىرالارنى، تاغ چوققىلىرى ۋە ئېغىزلارنى، ھەر بىر گىياھ ۋە ھەر بىر قورام تاشنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدىغان بولۇش لازىم، دېگەنىدى. مەن تېخى بۇ چېگرا لىنىيىسىنىڭ يەر شارائىتىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم. تاغلار ئېگىز، ھاۋاسى شالاڭ، بەزى چاغلاردا ئادەم قورقۇنچلۇق ياۋايى مەخلۇقلارغىمۇ يولۇقۇپ قالىدۇ تېخى. مانا ئۈچەيلەن ئاتلارنى ئويندىتىپ، قېلىن چاتقال دېگەن تاغ ئاستىغا كېلىپ قالدۇق. بۇ تاغنىڭ ئۈستى قويۇق قارىغاي بىلەن، باغرى شىلۋە، زىرىخ ۋە چاكاندىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ يەر 7-، 8-ئايلاردا ناھايىتى گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشى يېرى شۇكى، تاغ ئۈستىدە جاننى راھەتلەندۈرىدىغان بىر ئىسسىق بۇلاقمۇ بار، ياز كۈنلىرى رازۋېتكىغا چىققان چاغلاردا ئانچە-مۇنچە چۆمۈلۈپمۇ قويىمىز. يەرلىك خەلق بۇ بۇلاقنى «شىپالىق بۇلاق» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تاغنى بويلاپ ماڭسا، قارا كۆل گۇڭشېسىغا بارىدىغان بىر چىغىر يول بار. بۇ چىغىر يولنى كىشىلەر «يۇنۇس يول» دېيىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇندىن نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرى يۇنۇس دېگەن كىشى قارا كۆلدىن كەڭسايغا كېلىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ماڭغان. كېيىنكى كىشىلەر شۇنىڭ ئىزى بىلەن ئات-ئېشەك ماڭالايدىغان قىلىپ ياسىغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يولنىڭ نامىنى ئاشۇ يۇنۇسنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ كەلگەن. «يۇنۇس يولى» چېگرا

لىنىيىسىگە بەك يېقىن بولغىنى ئۈچۈن كىشىلەر بەك ئاز قاتنايدۇ. يازلىقى مال بېقىشقا چىققان چارۋىچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئەسكەرلەر گۇڭشېغا بېرىش ئۈچۈنلا قاتنايدۇ. بۈگۈن بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دەل مۇشۇ تاغ باغرىدا بولغان بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەن يىلى يازدا ئات بېقىۋاتقان ۋاقتىم ئىدى. ئاتلارنىڭ كۆزى بولغان كۆل رەڭ قاشقا تۇيۇقسىزلا ئاغرىپ قالدى. ھەممىمىزنىڭ پىكىر-خىيالى شۇ ئات ئۈستىدە قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە كېرىم سوجاڭ مېنى چاقىرىپ، ئاتنى گۇڭشې مال دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بارغىن، دېدى. مەن ئاتنى يېتىلەپ، مۇشۇ «يۇنۇس يول» بىلەن يولغا چىقتىم. شۇ كۈنى چۈش بىلەن گۇڭشېغا يېتىپ باردىم. مال دوختۇرى ئاتنى كۆرۈپ، ۋاقتىدا ئېلىپ كەپسەن، دەپلا داۋالاشقا كىرىشتى. لېكىن نېمە كېسەل تەگكەنلىكىنى دېمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئات خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ. دوختۇر ماڭا:

— يەنە 15 — 20 كۈن چېگرىغا مىنىپ بارماڭلار، ئوبدان ئارام ئالدۇرساڭلار ياخشى بوپ كېتىدۇ. سەن مىنىپ ماڭساڭمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئاتنى مىنىپ ئاستا يورغىسىغا قويۇپ بېرىپ، «يۇنۇس يول» بىلەن گازارمىغا قايتتىم. شىپالىق بۇلاقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، كۆڭلۈمدە سۇغا چۆمۈلۈۋېلىش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ پەيچۇسودا تازا راھەتلىنىپ يۇيۇنغۇدەك مۇنچا يوق. ياتاقتا سەبداشلىرىڭدىن قورۇنۇپ پاكىزرەك يۇيۇنالمايسەن، بۇ يەردە بۈگۈن ئۆزۈم يالغۇز، ئالدىرايدىغان ئىش يوق، يۇيۇنۇپ كېتەي، دېدىم-دە، ئاتنى چىغىر يول بويىدىكى بىر چوڭ قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ، بۇلاقتا يۇيۇنۇشقا كىرىشتىم. ئەمدىلا كىيىمىمنى كىيىۋاتاتتىم، ئات تۇيۇقسىز ئەنسىز كىشنەپ كەتتى. نېمە بولغاندۇ؟ ھاپىلا-شاپىلا كىيىنىپ، مىلتىقىمنى ئېلىپ ئات تەرەپكە يۈگۈردۈم. ھەي، قارىمامدىغان ماۋۇ پېشكەللىكنى. توپاقتەك يوغان بىر قارا ئېيىق ئاتقا خىرىس قىلىپ، ئاتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. ئېيىقنى كۆرۈپ يۈرىكىم قارت قىلىپ كەتتى. ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە يولۋاستىن قالسىلا 1-ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى مەن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىكى ھايۋاناتلار باغچىسىدا كۆرگەن. بۈگۈن بۇ يەردە كۆرۈۋاتىمەن. تېخى يېقىندىلا يەرلىك خەلقتىن ئېيىق ئاتقان مەرگەنلەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى توغرىسىدىكى بىرمۇنچە قورقۇنچلۇق گەپلەرنى ئاڭلىغان. مېنىڭ قولۇمدا مىلتىق بار. لېكىن بۇ يەر ئوق چىقىرىش مەنئى قىلىنغان چېگرا لىنىيىسى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاتنى ئېيىققا تاشلاپ بېرىپ پىيادە كېتىپ قالايمۇ-يە، ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ۋىجدانىم ماڭا بۇيرۇق بېرەتتى. — ھەي جاسارەت، كۈمپاڭ بولسا كۆرسەت، بۈگۈن كۆرسەتمىسەڭ قاچان كۆرسىتىسەن؟ سەن چامباشچىلىقنى، سانجىش ھەرىكىتىنى نېمىگە ئۆگەنگەن؟ ئوق چىقىرىشقا بولمىسا ئۇر، سانجى، ئادەم ھەممىگە قابىل. ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قورقۇنچ دېگەننى ئۇنتۇپ، ھەيۋە بىلەن ۋارقىراپ، ئېيىققا ئوقتەك ئېتىلدىم، بۇ ۋەھشىي مەخلۇقنى ھەيۋەمدىن قورقۇپ قاچارمىكىن دېگەنىدىم، نەدىكىنى، ئۇ ئاتنى تاشلاپ بار كۈچى بىلەن ماڭا ئېتىلدى. ھايات ماماتلىق ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئېيىق ئېتىلىپ كېلىش بىلەن شارتتىدە ئۆزۈمنى يانغا

ئېلىپ، مىلتىقنىڭ نەيزىسىنى يوس قىلىپ بېقىنىغا بىر تىقىپلا تارتىۋالدىم. بار كۈچى بىلەن ماڭا ئۆزىنى ئۇرغان ئېيىق ئۆزىنىڭ زەلىمى بىلەن ئىككى مېترچە نېرىغا غولاپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە نەيزە تىقتىم. ئاللا ئىگەم بۇ مەخلۇقنى كۈچلۈك، ۋەھشىي ياراتقىنى بىلەن پۇت قولىنى چاقىغان ياراتمىغانىكەن. شۇندىن كېيىن قانچە قېتىم، قايسى يېرىگە نەيزە تىققانلىقىم ئېسىمدە يوق. مەن ھەم قېچىپ، ھەم قوغلاپ يۈرۈپ، ئالدى-كەينى، يان تەرەپلىرىگە سانجىۋەردىم. يا چىشلىۋالسا ياكى ئۆتكۈر تىرناقلىق پۇتلىرى بىلەن چاڭگاللىۋالسا ئىشىمىنىڭ تۈگىگىنى شۇ ئىدى. ئەمما بۇ پالاكەت مەخلۇقنىڭ ئالدىدا چاققانلىقىم غالىب كەلدى. يارىلانغان ئېيىقتىن چاچرىغان قان ئەتراپىنى ۋە باش-كۆزۈمنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى، قاننىڭ كۆپ ئېقىشى ۋە مېنىڭ قاتتىق ئۇرۇشۇمدىن بارا-بارا ھالسىزلانغان ئېيىق ماڭا ئېتىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئارقىغا چېكىنىپ، ئىككى مېتردىن ئارتۇقراق چوڭقۇرلۇقتىكى بىر جىراغا غولاپ كەتتى. خۇداغا شۈكرى! مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئاتنى شارتتىدە يېشىپ مىنىپلا قاچتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، ئارقامغا قارىسام ئاخىرقى قېتىم غەزەپكە كەلگەن قارا ئېيىق ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەنىدى. ئاتقا قامچا سالدىم. ئاتمۇ مېنىڭ نىيىتىمنى بىلگەندەك ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئۈچ كىلومېتردەك ماڭغاندىن كېيىن ئارقامغا قارىسام ئېيىق كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىم سەل جايىغا چۈشتى. پەيچۇسوغا قايتىپ بارغان چېغىمدا جەڭچىلەر تاماق يەۋاتقانىكەن. ئۇلار مېنىڭ قانغا بويالغان ئەپتىمنى كۆرۈپ، نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردىم.

— ساڭا ئاپىرىن، يىگىت! — دېدى كېرىم سوجاڭ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھەر ھالدا قارىمىلىق، تەۋەككۈلچىلىك قىلغان بولساڭمۇ غالىب كەپسەن، بۇ مەخلۇقنىڭ پايلاپ يۈرگەن ئوۋچىلارغا ئۇچرىماي ساڭا ئۇچرىغىنىنى دېمەمدىغان. يۇقىرى ماھارەت، ئەمەلىي ئۈنۈم دېگەن مانا شۇ.

شۇ كۈنى ئاخشىمى پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى. كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا ھېلىقى قارا ئېيىق ماڭا ئېتىلىپ كېلەتتى-دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. مەن قانداقلارچە ئېيىق بىلەن ئېلىشتىم، بۇ غەيرەت-جاسارەت ماڭا نەدىن كەلدى، بۇنى ھازىر پەقەت تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەتىسى قىيۇم، ئىمىنجان ۋە ياسىن بەنجاڭلار بېرىپ ئۆلگەن ئېيىقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئېيىق چاتقال تېغىدىن چۈشۈپ ئىككى كىلومېترچە قوغلاپ كەلگەندىن كېيىن قانسىراپ ئۆلگەنىكەن.

مانا، بۇلتۇردىن بۇيان بۇ رايوننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى كۆردۈم ھەم بىلىۋالدىم. ھەربىر يەرنىڭ ئىسمىنى ۋە يەر شارائىتىنى بىلىۋېلىش ئاسان ئىش ئەمەسىكەن. سەلەي پەيجاڭ داۋاملىق «قورال تۇتقان ھەربىر جەڭچى ئۈچۈن ئۆزى ساقلاۋاتقان چېگرا لىنىيىسىدىكى ھەر بىر جاينىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشىنى بىلىش ئەڭ مۇھىم» دەيتتى. مانا، بىز چاتقال تېغىنىڭ باغرىدىن ئۆتۈپ كەڭسايى تەرەپكە بۇرۇلدۇق. ئەنە كەڭ سايمۇ يېقىن

www.uyghurkitap.com


قالدى. ھاۋا يەنە بۇزۇلدى. قار ياغىدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچەيلەن ئاتقا ئەگىلا قامچا سال-
دۇق. قۇربانىيكنى رازۋېتكىدا ئەگەشتۇرۇۋېلىشتىكى مەقسەت بۇ يەرلىك يىگىتتىن تەبىئى
شارائىت ۋە يەر ناملىرىنى بىلىۋېلىش ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي لەپىلدەپ قار چۈشۈشكە
باشلىدى. كۈن چۈش بولۇپ قالغانىدى، سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. ئاتلارنىڭ بۇرۇن تۈ-
شۈكچىلىرىدە ئاپئاق مۇز چوكىلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن، بىزمۇ قار ئادەم تۇسىگە كىرىپ
قالغاندۇق. كونىيرۇۋا بىلەن سۇدانىدىكى سۇلىرىمىز مۇزلاپ قاپتۇ. مومىلارمۇ مۇزلاپ
تاشتەك بولۇپ كەتكەن. يېيىشكە ئامال بولمىدى.

— ماموت ئاكىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدىم مەن لى چياڭ بىلەن قۇربانىيككە، —
شۇ يەردە قايناق سۇ ئىچىپ قورساق تويغۇزۇپ، ئاندىن ماڭايلى. ئىككىسى ئەگىلا ماقۇل
بولۇپ ماڭا ئەگەشتى. مۇشۇ يەردىن شەرققە بۇرۇلۇپ ئازراقلا ماڭساق ئۆتكەندە پۈتۈمنى
ئاڭغان ماموت ئاكىنىڭ ئۆيىگە باراتتۇق. ماموت ئاكا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا «بالا باتۇر» دەپ
نام ئالغان. كېيىن باتالىيون كوماندىرى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، بىر
ئىدارىدا خىزمەت قىلغان كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىدا بىر پۇتىغا ئوق تەگكەن
بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇ پۇتى ئاجىزلاپ كەتكەن سەۋەبلىك ئەسلى پېنسىيىگە
چىقىش ۋاقتىدىن بۇرۇنراق پېنسىيىگە چىقىۋالغانىكەن. ئۇ قىش - ياز «ياغمىنىڭ قىياسى»
دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز قىيانىڭ باغرىدىكى جىلغا ئاغزىدا ئولتۇراتتى. ياز كۈنلىرى
چارۋىسىنى مۇشۇ ئەتراپتا باقاتتى. قىش كۈنلىرى ئوت - چۆپ قار ئاستىدا قالغان چاغ-
لاردا ئىككى ئوغلى چارۋىسىنى ھەيدەپ سەل تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتەتتى. ماموت ئاكا
كەمپىرى بىلەن قالاتتى. بىر كۈنى ماموت ئاكىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانىدۇق. ماموت
ئاكا مېنىڭدىن سوراپ قالدى:

— جاسارەت، بۇ رايوننىڭ يەر ناملىرى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بىلىپ
بولدۇڭمۇ؟

— ياق، ھەممىنى بىلىپ بولالمىدىم. شۇ قاتاردا ھېلىقى «ياغمىنىڭ قىياسى»
دېگەن نامنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا تېخى ھېچ نەرسە بىلمەيمەن.

— بۇ بىر تارىخ، — دېدى ماموت ئاكا، — مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىر قىسىم
چەت ئەل لەشكەرلىرى ئىسلام ئېيتىش ئۈچۈن بىزنىڭ زېمىنىمىزغا قەدەم تاشلاپتۇ ۋە
دەل مۇشۇ قىيا ئاستىدىكى جىلغىدىن ئۆتۈپ ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا
مۇشۇ ئەتراپتا قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىرى بولغان ياغمىلار ياشايدىكەن. چەت ئەل
لەشكەرلىرىنىڭ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ئاياغ - ئاستى
قىلىپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرىنى بىلگەن ياغمىلار بىرلىشىپ مۇشۇ
قىيا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئوقيا بىلەن ئوق ئېتىپ، پالاقمان بىلەن تاش ئېتىپ، تۈمەنلە-
گەن لەشكەرنى توسۇۋالغانىكەن. شۇ غەلىبىدىن كېيىن، باشقا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ ئىش-
نىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بۇ قىياغا «ياغمىنىڭ قىياسى» دەپ نام بەرگەنىكەن.

ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمىزگە ماموت ئاكا ئۆيىدىن چىقىپ بىزنى خۇشال كۈتۈۋالدى.
ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىمىزدىن ئېلىپ تاش تامغا ياندىشتۇرۇپ ئورناتقان ئات تاقىلايدىغان

دارغا باغلىدى. ئۆيگە كىرىشىمگە ئىسسىق بىر ھارارەت لاپپىدە يۈزۈمگە ئۇرۇلـ
دى. چويۈن مەشتە چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. مەن قورساقنىڭ ئاچقانلىقى بىلەن يەيـ
دىغان نەرسىلەرنىڭ مۇزلاپ قالغانلىقىنى دېگەچ، توڭلاپ كەتكەن موما بىلەن كونسېرۋا-
نى مەشنىڭ ئۈستىگە قويدۇم.

— قارا سېنى، — دېدى مامۇت ئاكا، — شۇنچىلىك سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمىدىڭمۇ؟ قورسىقىم ئاچ، دەيسەن تېخى. ھەي، بۈگۈننىڭ بالىلىرىنى نېمە دېسە بولاركىن تاڭ؟ تۆر، كىگىزگە كەل، — مامۇت ئاكا قولۇمدىن تارتىپ كىگىزگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، داستىخان سالدى. ھەر ۋاقىت مېنى قىزغىن قارشى ئالىدىغان بۇ بوۋاينىڭ بۈگۈن سەل سەپرايى ئۆرلەپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۆي ئىچىنى جىمجىتلىق باستى. مەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئېغىز ئاچتىم:

— مامۇت ئاكا، 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىدا پۇتىڭىزغا ئوق تەگكەن دەيدۇ، قەيەردە شۇنداق بولغان؟

— نەدە بولاتتى دەيسەن، دەل مۇشۇ ياغمىنىڭ قىياسىدا. بۇ 1945-يىلى 10-ئايدا بولغان ئىش. دۈشمەن مۇشۇ ياغمىنىڭ قىياسىنى بازا قىلىپ مۇشۇ رايوننى ئىگىلەپ ياتتى. مېنىڭ باتالىيونوم بىر قېتىملىق جەڭدە بۇ بازىنى تارتىۋالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بىزگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلدى. جەڭ كېچە-كۈندۈز داۋام قىلدى. ئوق-دورىلىرىمىز ئازلاۋاتاتتى. دۈشمەنگە ئارقا-ئارقىدىن ياردەمچى قوشۇن كېلىپ بىزنى پۈتۈنلەي قورشىۋالدى. ئوزۇقلىرىمىز تۈگىدى. شۇنداق بولسىمۇ بوي بەرمىدۇق. 6-كۈنى چۈش بىلەن بىزنىڭ قىسىملىرىمىز دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. پۇتۇمغا شۇ چاغدا ئوق تەگكەن. مېنىڭ ھاياتىم مۇشۇ «ياغمىنىڭ قىياسى» بىلەن باغلانغان بالام. ئۆز ۋاقتىدا ئوق تەگكەن يەر ساقايغاندى، ياشلىقتا بىلمىگەندىكەنمەن، ئەمدى يەنە جېنىمنى قىيناۋاتىدۇ. شۇ چاغدا بىز 3 كېچە-كۈندۈز ئاغزىمىزغا گىياھ سالمىغاندۇق. ھەر قېتىم «ياغمىنىڭ قىياسى» غا قارىغان چېغىمدا ئاشۇ كۈنلەر يادىمغا كېلىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن گېلىم غىققىدە بۇغۇلۇپ، ھېچنېمە ئۆتمەيلا قالدى. مامۇت ئاكىنىڭ ھەر بىر قارىشى ماڭا: مەن سەندەك چېغىمدا جەڭلەردە بولغان، بىرنەچچە كۈن ئاچ قورساق تۇرۇپمۇ جەڭنى داۋام قىلغان، سەن تېخى ئەتىگەن پەيچۇسودا تاماق يەپ چىققان بولغىيدىڭ، چۈشكىچە چىدىماي، قورسىقىم ئاچتى دەپ ھال ئېيتىپ كەلدىڭمۇ؟ سەن قانداق جەڭچى؟ قانداق رازۋېتچىك، چېگرانى موشۇنداق چارلامسەن؟ دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، بىردىنلا يۈزۈم قىزاردى. راست، مامۇت ئاكا بىزدەكلەرنىڭ بۈگۈنكى بەختى ئۈچۈن جەڭ قىلغان، ئوق تېگىپ يارىلانغان، ئاشۇ بىر تال ئوقنىڭ يارىسى ئۇنىڭ بەدىنىدە 40 يىلدىن بۇيان ساقايماي جېنىنى قىيناۋېتىپتۇ. ئەتىمۇ خەلقىمىزنى ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپىتىدىن ساقلاش، تىنچ-بەختىيار تۇرمۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن چېگرا ساقلاۋاتقان بىر جەڭچىمۇ! پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا، كېتىۋاتقان يولدىن قايرىلغىنىمغا پۇشايمان قىلدىم. مامۇت ئاكا قېرىغان چېغىدا تېخى ياغمىلار روھىغا ۋارىسلىق

قىلماقچى، مەن نېمىگە ۋارىسلىق قىلىمەن؟ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكتىن چىقىشىمغا سوغۇق
شامال نەشتەردەك يۈزۈمگە ئۇرۇلدى. مامۇت ئاكا ئاتنى يېشىپ، چۇلۋۇرنى قولۇمغا تۇت-
قۇزدى. ئىشىك ئالدىدىكى بۇلۇتقا باش تىرەپ، قامىتىنى كېرىپ تۇرغان «ياغمىنىڭ قى-
ياسى» ئۈستىنى ئاقۇش تۇمان، ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. قەدىمكى ياغمىلار ئىستىھكام قى-
لىپ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن، مامۇت ئاكاملار دۈشمەن قولىدىن تارتى-
ۋالغان، تا ھازىرغىچە كىشىلەر ئەزىزلەپ كېلىۋاتقان بۇ مەشھۇر گىگانت تاغقا بىر قاراپ
قويۇپ مامۇت ئاكام بىلەن خوشلىشىپ كەئىسايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

## قار ئۈستىدىكى ئىز

كەئىساي بىزنىڭ چېگرا لىنىيەمىزدىكى تۈپتۈز كەتكەن شېغىل ئارىلاش سېرىق
تۈپىلىك. يىراقتىن چېگرا سىزىقلىرىغا نەزەر سالسا، چېگرا سىزىقىدىكى مولۇ① تاش-
لار خۇددى زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يولۋاسقا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ھازىر ئاپئاق قار
ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان بۇ تۈزلەڭلىك ياز كۈنلىرى كىشىگە چەكسىز كەتكەن دولقۇن-
سىمان كۆك دېڭىزنى ئەسلىتىدۇ. بىز كەئىساينى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ئاقبەل
تېغىنىڭ باغرىغا كەلگەندە، قارشى تەرەپتىن بىزنىڭ چېگرا سىزىقىمىزنى ئاتلاپ كىر-
گەن ئىككى ئادەمنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتۇق. ئەسلىدىكى قېلىن قار ئۈستىگە چوڭقۇر
چۈشكەن ئاياغ ئىزلىرىنى يېڭىدىن ياغقان قار تېخى كۆمۈۋېتەلمىگەنىدى. تېخنىكىلىق
تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن بۇ ئىككى ئادەمنىڭ تەۋەيىمىزگە 25 — 20
كىلومېتىر ئۆپچۆرىسىدە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە سىرتتىن مەخپىي
كىرگەن ئىشپىيون ئىكەنلىكىنى بېكىتتۇق. بىز يولدىن قايرىلىپ، مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىدە
قورساق تويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگىچە ئۈچ سائەت ئۆتتى. ھازىر تۇرۇۋاتقان جايىمىز ئېگىز،
تەۋەيىمىزگە كىرگەنسېرى يەر تۈزۈلۈشى پەسلەپ بارىدۇ.
قېرىشقاندەك كەچ كىرىشكە باشلىدى. بەزىدە ئادەم كىچىككىنە بىخەس-
تەلىك تۈپەيلى ئۆزى ئۈچۈن ياكى باشقىلار ئۈچۈن ھەتتا ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى
ئۈچۈن تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان زىيانلارنىمۇ سالىدۇ. بەزىدە ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن
يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ سادىر قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭ ئىككى ئادەمنى باشلاپ
مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيىگە كېتىشىم مۇشۇ ئىككى ئىشپىيوننىڭ چېگرىدىن ئۆتۈپ بىز تە-
رەپكە بىمالال كىرىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مامۇت ئاكىنىڭ ئۆيى-
گە كىرمىگەن بولساق، ئىشپىيون بىلەن دەل مۇشۇ يەردە، مۇشۇ ئەتراپتا دوقىرىشىپ
قالاتتۇقكەن، ياكى ئىشپىيون بىزنى كۆرۈپ، ئادەم باركەن، دەپ قورقۇپ ئىچكىرىلەپ
كىرەلمىگەن بولاتتى. خەيرىيەت، ئەمدى نېمە دېگەن بىلەن كېچىكتۇق. ئىز قوغلاش
كېرەك. مۇندىن باشقا چارە يوق. «تورنى كەڭ يېيىش، بېلىقنى قاچۇرماسلىق»

---

① مولۇ — تاش. چېگرا سىزىقىدىكى 2 دۆلەت زېمىنىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بەلگە تېشى.

دەيدىغان مۇدا بولۇپ قالغان سۆزلىرىمىز بىلەن ئېيتقاندىمۇ بىز پەقەت ئۈچلا كىشى. بۆلۇنسەك ئۈچ ئېغىزلى، بىرلەشسەك تاغ ئېغىزىنى قامال قىلالايمىز. مۇنداق ئىكەن، تورلى كەڭ يېيىپ، بېلىق تۇتۇشتىن قانداق ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن، تاغ - دالا دېگەن شۇنچە كەڭ. يەرلىك خەلق ئولتۇراقلاشقان يەر تېخى تۆۋەندە. ھەي جاسارەت، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن؟ مەن ئۆزۈمنى شۇنداق ئەيىبلەيتتىم. ئەقىل تېپىشقا ئۇرۇناتتىم. پاراسەت بىلەن ئىش قىلىشقا تىرىشاتتىم. ئويلايتتىم، ئويلىناتتىم، شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدا، ئېگىز قىيا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۇيۇل تاشتەك ئۆيىزشىپ، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرگەن قەدىمكى قەھرىمان ياغمىلارنىڭ جەسۇر، غايىبانە سىيماسى بىلەن مامۇت ئاكا باشچىلىقىدىكى مىللىي ئارمىيە قوشۇنلىرىنىڭ بىرنەچچە كېچە - كۈندۈزلۈك شىددەتلىك جەڭدىكى جاسارىتى، دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن پىلىموت ئېتىۋاتقان جەڭگىۋار قىياپىتى نامايان بولدى.

ھەي جاسارەت، ئىرادە كەمرىگىنى بېلىڭگە مەھكەم باغلا. بۇ مۈشكۈل جەڭگە ئۆزۈڭنى ئات! ئەجدادلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئازات زامانىنى، ۋەتەنىنىڭ بەخت-تەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئەقىل - پاراسىتىڭنى ئىشقا سال، مۈشكۈللەرنى يەڭ، بىزنىڭ غەيرەت شىجائىتىمىزدىن ئەجدادلار روھى شادلانسۇن! ئىزدە، قوغلا، ئىز باستۇرۇپ قوغلا! توسقۇنلارنى بۆس، سەن ئىنسان بالىسىغۇ؟ دۇنيادا ئىنسان بالىسى قىلالمايدىغان ئىش يوق. ئىنسان بالىسىغا باش ئەگمەيدىغان مۈشكۈل يوق. ۋىجدانىم توختىماي بۇيرۇق قىلاتتى. بىز ئۈچىمىز ئىز قوغلاپ ماڭدۇق. ئات باققان ۋاقتىمدا چېگرىدا چارلاش ئېلىپ بېرىش ئات بېقىشتىن ئاسان، دەپ ئويلايتتىم، ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقاندا، ھەر كۈنى ئوچاق ئالدىدا كۆلگە بولغىنىپ، ئوت قالاپ قارا تەرگە چۆمۈشتىن، خېمىر يۇغۇرۇش، قاچا - قۇچا بىلەن ھەپىلىشىشتىن يەنىلا ئات مىنىپ چارلاشقا چىقىش ئاسان ئەمەسمۇ دېگەن تۇيغۇدا بولاتتىم. دۇنيادا ئىشنىڭ ئاسىنى بولمىسا كېرەك. ھەربىر ئىشنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەسئۇلىيىتى ۋە بىلىشكە تېگىشلىك قانۇنىيىتى باركەن. مەندەك بىر جەڭچىدە قارىسىغا ئىز قوغلاش ئەمەس، ئاشۇ قوغلاپ ماڭغان ئىزنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمىسا بولمايدىكەن. ئۈچىمىز ماڭا - ماڭا يىگىرمە كىلومېتىرچە يول يۈرۈپ ئاھالە بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان «بۇلاق» دېگەن يەرنىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ قالدۇق. ئىككى ئىشپىيون «قاراسۇ» دېگەن ئېقىننى بويلاپ ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. ماڭغاندىمۇ خېلى تېز مېڭىپتۇ. بىزمۇ ئىز يوقاتماي قوغلاپ كېلىۋەردۇق. «قارا سۇ» ئېقىنى بويىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ 2 كىلومېتىرچە ماڭساق، بۇلاق مەھەللىسىگە بارىمىز، بۇلاق مەھەللىسىگە بېرىش كېرەكمۇ؟ ياكى قاراسۇ ئېقىنىنى بويلاپ داۋاملىق قوغلاۋېرىش كېرەكمۇ؟

مانا كەچمۇ كىرىپ قالدى. بۈگۈن ماڭغان يولىمىز ئاز ئەمەسىدى. توختىماي يېغىۋاتقان قار بىلەن ئەتراپ ئاپئاق تۈسكە كىرگەن. سوغۇق جاندىن ئۆتمەكتە، قاراڭغۇ چۈشتىمۇ، بولدى ئىش تۈگىدى دېگەن گەپ. بۈگۈن بىز مۇشۇ يەرگىچە ئىزدەپ كەلگەن ئىزنى كېچىچە ياغقان قار كۆمۈپ تاشلايدۇ - دە، ئەتە ئىز قوغلاشتىن سۆز

www.uyghurkitap.com

ئېچىش ئاسمانغا چالما ئاتقانغا باراۋەر بولىدۇ. مۇشۇ يەردە ئاغزىمىزنى ھا قىلىپ ئېچىپ تۇرۇپلا قالىمىز، خالاس! پەيچۇسوغا خەۋەر بېرىشكە تېخى كېچىكتى. باياتىن ئاقبەل تېغىنىڭ باغرىدىلا پەيچۇسوغا ئادەم ماڭدۇرسام بولغانىكەن، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇزاق ئويلىنىپ مەسلىھەت قىلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئىشنىڭ بىردىنبىر يولى خەلقنى قوزغاش، تېز ھەرىكەتلىنىش! قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. «ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت» دېگەننى مانا ئۆز بېشىمغا كەلگەندە، مۇشۇنداق جىددىيلىشىپ تۇرغان ۋاقتىمدا بىلدۇۋاتىمەن. ۋاقىت دېگەننى پۇلغا سېتىۋالغىلى ياكى ئاللاغا تېۋىنىپ يالۋۇرۇپ ئارقىغا ياندۇرغىلى بولمايدىكەن. مەن لى چياڭ بىلەن قۇربانىبېكنى باشلاپ بۇلاق مەھەللىسىگە قاراپ ئات سالدىم... قار توختىماي ياغماقتا، شىۋىرغان سوقماقتا ئىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا قارشى تەرىپىمىزدىكى جىلغىدىن ئۇستىگە تاشلانمىغان جۇۋا، بېشىغا سالۋاي تۇماق كىيگەن ئاتلىق بىر كىشى چىقىپ كەلدى-دە، ئاتىنىڭ بېشىنى بىز تەرەپكە بۇرىدى.

— ئەسقەر ئاكىغۇ سەن؟— دېدىم مەن ئۇنى تونۇپ.

— شۇنداق ئۇكام. ئوبدان چاغدا ئۇچراشتۇق، سەرتاشنىڭ يان تەرىپىدىكى قۇم جىلغىدا ئىككى يوچۇن ئادەمنى كۆرۈپ خەۋەر قىلىشقا مېڭىشىم ئىدى. سىلەرنى كۆرمىگەن بولسام ئۇدۇل ئاقتاشقا قاراپ ئات سالاتتىم.

— ئۇلار سېنى كۆرمىگەندۇ؟

— بىلمەيمەن، ئىش قىلىپ مەن كۆردۈم.

— ئەسقەر ئاكا، راست كۆردۈڭمۇ؟

— خۇدا ھەققى ئۇكا، ساقال ئاقارغاندا مېنى يالغان ئېيتىدۇ دەمسەن؟

مەن لى چياڭغا بۇيرۇق قىلدىم:

— قاراتاغنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چىغىرىيول بىلەن بېرىپ پەيچۇسوغا خەۋەر قىل، مەن بۇ يەردىكى ئامما بىلەن يەتتەتاغ ئاغزى ۋە ئەتراپىنى قامال قىلىمەن.

— خوپ، يولداش بەنجاڭ،— لى چياڭ ئاتنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. مانا، قاراڭغۇ چۈشمەكتە، سەرتاش بىلەن بۇلاق مەھەللىسىنىڭ ئارىلىقى بەش كىلومېتىر، ئىشپىيونلار نېمىدېگەن تېز ماڭغان-ھە؟ سەرتاش بىلەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئارىلىقى × × كىلومېتىر، ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ كەينىگە چۈشكىنىمىزنى سېزىپ قالسا، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كېتىش ئېھتىماللىمۇ بار، ئۇلارنى ئەسقەر ئاكا كۆرۈپتۇ. ئۇلار ئەسقەر ئاكىنى كۆردىمۇ قانداق؟ بۇنى ھازىر بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ؟ ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا ئەلۋەتتە چۆچۈيدۇ. بىز ھازىر ئۇلارنى تۇتماقچى، ئۇلارمۇ بىزدىن قۇتۇلماقنى ئويلايدۇ. ئامال ئىزدەيدۇ. مەيلى قېنى، تۇتىشىپ باقايلى. يا ھەننان، يا مەننان! ئەسقەر ئاكا سەرتاشتىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگۈچە ئۇلار نەلەرگە يەتكەندۇ؟ ئەمدى قۇياشمۇ تاغ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. تەبىئەت زېمىنگە قارا سايە تاشلاۋاتىدۇ.

بۇلاق مەھەللىسىدىكى خەلق بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جىددىيلەشتى.

قېرى - ياش ھەممىسى بىردەك ھەرىكەتكە كەلدى. بىزنىڭ چېگرا رايون خەلقىمىز نېمە
دېگەن جەڭگىۋار خەلق - ھە؟ ھەش - پەش دېگۈچە 50 دىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى
سەپ تۈزدى. ئۇن نەچچە پېشقەدەم ئوۋچىمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ، شىراقلىق ئوۋ مىلتىق-
لىرىنى ئېسىپ مەندىن بۇيرۇق كۈتۈپ، ئالدىمدا تەييار بولدى. سەلەي پەيجاڭ، كېيى-
رىم سوجاڭلار بولمىغاندىن كېيىن، مەن كوماندىر بولۇپ قالدىم. بۇ خۇددى «تاغدا
يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. مۇنداق كوماندىر-
لىقنىڭ بۇگۈنكىدەك چاغدا نېسىپ بولۇپ قېلىشىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان-
كەنمەن. خەير، بوپتۇ. ۋاقىت، شارائىت ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئېھتىياجى مېنىڭ
كوماندىر بولۇشۇمغا موھتاج ئىكەن، مەن نېمىدەپ باش تارتىمەن؟ سەلەي پەيجاڭ،
كېيىرىم سوجاڭلارنىڭمۇ بېشىدا مۈڭگۈزى بار، ئاللا ئىگەم پەقەت كوماندىر بولۇشقىلا
ياراتقان ئادەملەر ئەمەسقۇ؟

خەلق ئەسكەرلىرىدىن 8 گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ 7 گۇرۇپپىنى يەتتە تاغ ئاغزىنى
قامال قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ سەرتاش جىلغىسىغا ئاتلاندىم.
قاراڭغۇ چۈشتى. ھەي، رەھىمسىز تەبىئەت. نېمە ئۈچۈن سەن كىشىلەرنىڭ ئىرادى-
سىگە باقمايدىغانسەن، قۇياشچۇ؟ قۇياشمۇ شۇنداق! بىز جەڭگە كېتىۋاتىمىز. بىز يورۇق-
لۇققا تەشنا. قۇياش بىردەم توختاپ تۇرماستىن، قاپقارا پۈركەنجىسىنى ئالەمگە يېيىپ،
قاپقارا سىياھدەك زۇلمەت پەردىسى بىلەن يورۇقلۇقنى يېپىپ، غېمىدە يوق ئۇخلاشقا
كېتىۋاتىدۇ، ئاھ، ھەممىگە قادىر خۇدا، سەن مېنى شۇنداق قۇدرەتلىك ياراتقان
بولساڭ - ھە؟ مەن شۇ تاپتا قۇياشنى غەربتىكى ئارامخانىسىدىن تارتىپ ئېلىپ، توپ-
توغرا شەرققە قارىتىپ ئاتقان، ئالەمگە قايتىدىن يورۇقلۇق بەرگەن بولاتتىم. لېكىن
مەن ئۇنداق قۇدرەتلىك يارالمىغانىكەنمەن... نېمىلا دېگەنبىلەن تەبىئەتنىڭ قانۇنى-
يەتلىرى ئۆز يولىدا بولىۋېرىدۇ. يەر شارىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرى بىلەن
نېمە كارى، ئۇ ھامان بىپەرۋالىق بىلەن ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىۋېرىدۇ. قۇياش
كېچىچە ئۇخلاپ، ئەتە ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئويقۇسىنى ئېچىپ شەرقتىكى مۇز
تاغ كەينىدىن چىققۇچە تاقەت قىلىش كېرەكمۇ؟ ياق! جەڭگىۋار ئىرادە بىلەن
قاراڭغۇلۇقنى، زۇلمەتنى بويسۇندۇرۇپ، پىلان بويىچە ھەرىكەت قىلىشىۋېرىش كېرەك.
ئادەم ھەممىگە قادىر. ھەممىگە بەرداشلىق بېرىدۇ. تەبىئەت ئۆز يولىدا ماڭسا، بىزمۇ
ئۆز يولىمىز بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرۇمىز...

...

**شىۋىرغانلىق بىر كېچە**

قار - شىۋىرغانلىق بىر كېچىنى ئوچۇق تاغ - دالادا ئۆتكۈزۈشنىڭ نەقەدەر قىيىنچى-
لىقنى مەن قەغەز يۈزىدە تەسۋىرلەپ ئولتۇرمىساممۇ، ھۆرمەتلىك كىتابخان ئۆزىڭىز
كۆڭۈل كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلەيسىز.

قۇياشنىڭ بىر كېچىلىك ئويقۇسى، بىزنى بىر كېچە مۇشەققەت ئىچىدە قويدى.

ئەنە، قۇياش چىقتى. قۇياش ئۈيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ «كەچۈرۈڭلار» دېگەندەك بىرلا يىلىلىق تەبەسسۇم قىلىشى بىلەن، بىر كېچىلىك مۇشەققەتنى، جاننى ئېلىپ چاقىڭالدا قويغان جاپانى پۈتۈنلەي ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتتۇق. قۇياشنىڭ تۇنۇگۈنكى تاش يۈرەكلىكىنى بۈگۈن كەچۈردۇق، ئىنسان شۇنداق كەڭ قورساق يارالغانمىكىن-تاڭ؟ لى چىڭ بىر بەن ئەسكەر بىلەن كېچىلەپ يېتىپ كەلدى. كېرىم سوجاڭ بىلەن سەلەي پەيجاڭمۇ ئىككى بەننى باشلاپ ھەرىكەتكە كەتتى. مېنىڭ ۋەزىپەممۇ ئېغىرلاشتى. كوماندىرلىقمۇ ئاسان ئەمەسكەن. كېچىچە ياغقان قار بىلەن چىققان شۇرىغان قاراسۇ ئېقىنى بويىدىكى تۇنۇگۈنكى ئىزنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىغان، سەرتاش جىلغىسىدىمۇ تۇنۇگۈنكى ئىزدىن دېرەك يوق. تاغلار ئېگىز، دالا شۇنچە كەڭ، ئىزدەش قولايسىز، ئىشپىيون يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك جايلارمۇ شۇنچە كۆپ. ئىشپىيون مۇداپىئەدە، بىز ھۇجۇمدا، لېكىن ھۇجۇم قىلىش نىشانىمىز ئايدىڭ ئەمەس. بىز تۇنۇگۈن ئۇلارنىڭ ئىزىنى كۆرگەن بولساقمۇ، بۈگۈن ئۇ ئىز يوق. بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ قايسى ئۆڭكۈر، قايسى تاشنىڭ كەينىدە مۆكۈپ ياتقانلىقىنى بىر خۇدا بىلىدۇ. ھۇجۇمچى قارام بولسا، مۇداپىئەدە تۇرغۇچى ھىيلىگەر بولىدۇ. ئىشپىيوندىمۇ ئەقىل-پاراسەت بار. «مانا مەن» دەپ ئالدىمىزغا چىقىپ قول كۆتۈرۈپ بەرمەيدۇ. قولىدا قورال، كاللىسىدا مۇئەييەن پىلان بار. مانا ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز. چوڭقۇر ھاڭلارغا چۈشۈشكە، قىلىچ بىسىدەك تاغلارغا چىقىشقا، تىك قىيالاردىن چۈشۈشكە توغرا كەلدى. ئادەم يوشۇرۇنۇشقا بولىدىغانلىكى يەرلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نەزەرىمىزدىن چەتتە قالمىدى. بىراق، ئىشپىيون تۈگۈل، ئۇنىڭ نە ئىزى، نە قارىسىنىمۇ كۆرمىدۇق. نەگە كەتتى؟ ئۇچۇپ كەتتىمۇ؟ ئۇچسا قايسى تەرەپكە ئۇچتى. قايسى يەرگە مۆكتى، ياكى بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ ياق! ياق! ھەرگىز چىقىپ كېتەلمىدى. شۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا بىرسى مېنى نوقۇدى.

— يولداش كوماندىر، تېخىچە ئىشپىيوننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرمىدۇق، ئاڭلىسام ئىشپىيون دېگەننىڭ پۇتىدا بىر خىل پۇرۇژىن بولارمىش، بىرلا سەكرىسە لەپ قىلىپ 20 — 30 مېتىر يەرگە بارىمىش. شۇڭلاشقا بىز يېتەلمەيۋاتساق كېرەك، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، يولداش. دۇنيادا ئۇنداق ئىشلار تېخى يوق، چەت ئەل ئىشپىيونلىرى ئۇنداق كارامەتلىك بولسا، بىزدەك چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ قولتۇقىدا قانات بولغان بولىدۇ. بىلىشىڭىز كېرەك، قىلىچقا قالىقان يارالغان، پوتەي بىلەن تانكىغا پارتلاتقۇچ دورا، بۇ گەپنى دېگەن كىشىدىن خاپا بولۇش كېرەكمۇ؟ ياق!... «ئۇمىدسىز شەيتان» دېگەن گەپ بار. تۇنۇگۈندىن بۇيان ئىزدىگەن نەرسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن شەيتان ئۇنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويغاندۇ. شۇڭلاشقا ئۇ مەندەك تۇمشۇقىغا تېزەك چىقمىغان كوماندىرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، جاپا چېكىۋېرىشنى راۋا كۆرمىگەندۇ. مەن ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي بىلەن چۈشەندۈردۈم، ئۇ ئۇمىدلەندى. ئۇمىد دېگەن غايە، غايە دېگەن كىشىگە ئۇمىد بەخش ئېتىدۇ. ھەي يولداش، ئالدىرىماڭ، غەلىبە بىزنىڭ، بىز ئىشپىيوننى چوقۇم تۇتىمىز.

بىز مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى تېز سۈرئەت بىلەن تارايتتۇق. ئالدىمىزدىكى قورام تاشلىق سايىنى پۈتۈنلەي ئاختۇرۇپ، يايغان تورنى يىغىشقا بۇيرۇق بەردىم. ئۆزۈممۇ تاغ ئۈستىگە ياماشتىم. مەن تېخى تاغنىڭ بېلىگە چىقىپ يان تەرەپتىكى جىلغىغا شۇنداق قارىشىمغا، ئۆيدەك بىر قورام تاش تۈۋىدىن بىر قولىدا تاپانچا تۇتقان ئوتتۇرا بويلۇق بىر ئادەم يىلاندەك سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، غەرب تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئارىلىقىمىز 60 — 70 مېتىرچە كېلەتتى.

— توختا!

— توختا! — يېنىمدىكى خەلق ئەسكىرى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ۋارقىراپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۇق. تۇيۇقسىز قارلارنى توزۇتۇپ چىرقىراپ كۆتۈرۈلگەن شىۋىرغان يولىمىزنى توسۇپ، كۆزىمىزنى ئاچقىلى قويمىدى. قار توزانلىرى كۆز ئالدىمىزدا قارا تۇمان پەيدا قىلىۋەتتى، ھەي...ي نەس باسقان شىۋىرغان. بىزگە پۈتلاشتىڭ، پۈتلاشقاندىمۇ تازا ھالقىلىق پەيتتە پۈتلاشتىڭ.

داۋاملىق قوغلاپ ماڭدۇق. خەلق ئەسكىرى مېنى جەينەكلەپ كۆرسەتتى:

— ئەنە ئۇ ئەبلەخ.

ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنى غەلەت قىلىپ، قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. قېلىن قار ئۈستىدە يىلانسىمان ئۆمىلەپ، ئۇ قورام تاش تۈۋىدىن بۇ قورام تاش تۈۋىگە ئۇستىلىق بىلەن سىلجىيتتى. خۇددى كىشىلەرنىڭ «قاچقانىمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانىمۇ خۇدا دەيدۇ» دېگىنىدەك، ئۇ، خۇدا، مېنى شۇلارنىڭ قولىغا قويما، دەپ خۇداغا نالە قىلىۋاتقاندۇر. بىزمۇ شۇ تاپتا ئۇنىڭغا پاناھ بەرمەسلىككە ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. ئۇ قېچىش كويىدا، بىز تۇتۇش كويىدا. ئىشپىيون دېگەن ناھايىتى ھىيلىگەر دۈشمەن. خاتىرجەملىكنى بۇزغۇچى، ئىنسانىيەت بەختىنىڭ دۈشمىنى. ئەگەر ھازىرلا ئامىتى ئوڭدىن كەلسە، مۇشۇ يەردىمۇ مېنىڭ سەپداشلىرىمنىڭ قېنىنى ئىچمەكچى. ياق، بىز ئۇنىڭغا يول قويمايمىز! غەزەپتىن ۋۇجۇدۇمغا بىر ئوت تۇتاشتى. ھۇ ئەبلەخ، بىزنىڭ زېمىنىمىزدا ساڭا نېمە بار؟ سەن تىنچلىقنى، خاتىرجەملىكنى خالىمامسەن؟ سېنىڭ دۆلىتىڭ خەلقى خاتىرجەملىكنى خالىمامدۇ؟ ئاتا ـ ئاناڭ تىنچلىقنى، خاتىرجەملىكنى خالىمامدۇ؟ دۆلىتىڭ خەلقى، ئاتا ـ ئاناڭ تىنچلىقنى خالايدۇ! دۇنيادا تىنچلىقنى خالىمايدىغان ئاتا ـ ئانا بولمايدۇ؛ پەقەت سېنىڭ دۆلىتىڭدىكى بىر قىسىم تىنچلىق دۈشمەنلىرى، ھەم سەن خالىمايسەن، نېمە ئۈچۈن خەلقىمىزنى ئارام خۇدا ياشىغىلى قويمايسەن؟ ھازىرقى دۇنيانىڭ يۈزلىنىشى تىنچلىق بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانىيەت بەختىنىڭ دۈشمەنلىرى تېخى شۈك ياتقىنى يوق. مەن ئاشۇ تىنچلىق دۈشمىنىگە مىلتىقىمنى قاراتتىم. بېگىز بارمىقىم مىلتىقنىڭ كىرۇكىدا، ئاشۇ ئۆزىنى غالىب چاغلاپ چېگرا سىزىقىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتكەن، تەۋەيىمىزگە يامان نىيەت بىلەن كىرگەن ئىشپىيوننىڭ تەقدىرى ئەمدى مېنىڭ بىگىز بارمىقىمنىڭ بىرلا مىدىرلىشىغا باغلىق بولۇپ قالدى. بارمىقىمنى بىرلا مىدىرلاتسام پاك قىلىنغان ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

بىلەن تەڭ ئۇ جەھەننەمگە سەپەر قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ مىنۇتتا تەقدىرىنىڭ مېنىڭ قولۇمدا ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ. بىلسىمۇ جان تالىشىدۇ، ئېلىشماقچى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تەۋەيىمىزگە جان بېرىشكە ئەمەس، جان ئېلىشقا كىرگەن. تەقدىرىنى بىزنىڭ قولىمىزغا بېرىشكە ئەمەس، بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى قولىغا ئېلىشقا كىرگەن. ئەگەر مەن مۇشۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ تاپانچىسىغا توغرا بولۇپ قالسام مېنى ھەرگىز ئاياپ قويمايدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى قان تۆكۈش، مېنىڭ مەقسىتىم قان تۆكۈشكە قارشى تۇرۇش. تىنچلىق ئۈچۈن كۆرۈشۈش، بىگىز بارمىقىم تىترىمەكتە. ۋىجدانىم ماڭا بۇيرۇق بەرمەكتە. بولدى قوي، جاسارەت بولدى قوي! سەن ئۇنىڭ قېنىنى تۆكمە، ئۇنىڭ قېنى ۋەتىنىڭنىڭ تۇپرىقىنى بۇلغىمىسۇن، بىر تال ئوق ئىشلەتمىسەڭمۇ ئۇنى تۇتالايسەنغۇ؟ يېنىمغا قارىسام ئەسقەر ئاكا مىلتىقىنى ئوقلاپ ئىشپىيوننى قارىغا ئېلىۋېتىپتۇ، ئات! دەپ بىرلا بۇيرۇق قىلسام، ئۇ بىر تال ئوق بىلەنلا دۈشمەننى دوم چۈشۈرىدۇ. ئەسقەر ئاكىدىن رازى بولدۇم. بىزنىڭ خەلقلىرىمىز ئۆز بەختىنى قوغداشنى بىلىدىكەن، ۋەتىنىنى قوغداشنى بىلىدىكەن. مانا ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

— ئەسقەر ئاكا، بىز ئۇنى تىرىك تۇتىمىز.

— ئايلىناي كوماندىر. تارتقان جاپالىرىم ئۈچۈن رۇخسەت قىل، پەقەت بىر تال ئوق. ئۇ بىزنىڭ ئۇقىمىزنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرسۇن. چېگرا قوراللىق ساقچىسىنىڭ ئوقىنى ئەمەس، خەلقنىڭ، ئۆز بەختىنى قوغداۋاتقان خەلقنىڭ ئوقىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن. ھېچ بولمىغاندا ئۆلمەيدىغان يېرىگە ئاتاي.

— بولمايدۇ، ئۇ يارىلانسىمۇ يەنىلا بىز ئۈچۈن ئاۋارىچىلىق. — ئەتراپتىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدىم:

— ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار!

مەن ئىشپىيوننىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتۈم، ئەسقەر ئاكا كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ ۋارقىرىدى:

— قورال تاشلاپ تەسلىم بولساڭ ئاتمايمىز!

ئىشپىيون كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئەسقەر ئاكىغا قارىتىپ پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ ئىككى پاي ئاتتى. ئوق ئەسقەر ئاكىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ قورام تاشقا تېگىپ ۋال ـ ۋۇل ئوت چاقناپ كەتتى. ئىشپىيون ئۆزىنى ئالدى تەرىپىگە ئاتتى، ئۇ مەن ئۆزۈمنى دالدىغا ئالغان تاشنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ، تاپانچا تۇتقان قولىنىڭ جەينىكىگە قارس قىلىپ بىرنى تەپتىم. تۇيۇقسىز تەگكەن تېپىكتىن ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچا قاڭقىپ چىقىپ، 10 نەچچە مېتىرچە يەرگە بېرىپ چۈشتى. ئىككىمىز ئاۋۋال بىر ـ بىرىمىزگە خىرىس قىلىشتۇق، كېيىن بازغىنىشىپلا مۇشتلىشىپ كەتتۇق. ئۇ قورالى تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. مەن ئالدىنى توساتتىم، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىشپىيوننىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى ماكچايتىۋەتتىم، مېنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىممۇ ئۇنىڭ مۇشتىنىڭ زەربىسىدىن ھۆررەك ـ ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى خېلى چەبدەس چامباشچى ھېسابلايتتىم. ئۇ ئەينىلەمدۇ چەبدەس نەرسىكەن، تاس ـ تاماس قالدى مېنىڭ كۆڭپام ئۇنىڭ كۆمپىسى ئالدىدا يىنىپ ئېشىپ قالغىلى. ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان ئىككى مۇشت بىلەن ئۇ

ئۆگەدىسىغا چۈشۈپ دالىيىپلا يېتىپ قالدى.

— تۇرە ئورنىدىن!

بىز ئۇلىدىن شېرىكىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىدۇق، ئۇ بىزگە مۇنۇلارنى دېدى:

— ئۇنىڭ بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرىلا تونۇشقان. ئەسلى ئىسمىنى بىلمەيمەن، ماڭا ئۆزىنى «غىجىر» دەپ تونۇشتۇرغانىدى، بىر سائەت ئىلگىرى ئايرىلىپ كەتتۇق، بەلكىم يېقىن ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ غىجىر دېگەننى قانداق قىلىپ بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن چىقىپ كەتكەندۇ؟

## غەلىبە شادلىقى

«غىجىر» ناملىق ئۇ ئەبلەخ بىزنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىمىزدىن قانداق چىقىپ كەتتى؟ بىز نېمىشقا كۆرەلمىدۇق، ھەي ئېسىت! ھەر ئىككىسىنى مۇشۇ يەردىلا تۇتقان بولساق ئاۋارىچىلىق بىر يولى ئاخىرلاشقان بولاتتى. غىجىر ئارقىغا قاراپ مېڭىپ، تەۋەيىمىزدىن ئۆز تەۋەسىگە چىقىپ كەتتىمۇ-يە؟ ياق! ياق! ئۇ تېخى يىراققا بارالمىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۈگۈن كەچ كىرگىچە ئۇنى چوقۇم تۇتۇشىمىز كېرەك.

پېشىن بولغان چاغدا ئالاقىچى ئەكبەر كېلىپ كېرىم سوجاڭنىڭ «تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ‹ياغمىنىڭ قىياسى› ئالدىدىكى قىزىل جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى قامال قىلسۇن!» دېگەن بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى. ئاندىن قۇلىقىمغا: ساڭا چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ، ھەربىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپسەن، ئىمتىھان نەتىجەڭ زىدۇي بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىكەن، كېرىم سوجاڭ سەندىن بەك خۇشال، ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىكەنسەن، دېدى. ئەكبەر شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى. مەن ھاياجانلاندىم. مانا، ئۈرۈمچى قوراللىق ساقچى كوماندىرلار مەكتىپىگە بېرىش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى، بۇ بىرىنچىدىن ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بولسا، ئىككىنچىدىن ئامانگۈلنىڭ يېتەكلىشىدىن بولدى. مەندىن زادى بىر ياخشى ئوفىتسېر چىقارمۇ؟ بولدىلا، ھازىرچە بۇ خىياللارنى قويۇپ تۇراي. مەن ئىككى نەپەر جەڭچىنى باياتىن تۇتۇلغان ئىشپىيوننى يالاپ پەيچۇسوغا ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇپ، ئۆزۈم بىر بەن جەڭچى بىلەن بىر بەن خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ يولغا چىقتىم، ھەربىي مەكتەپكە مېڭىشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن تۈنۈگۈندىن بۇيان تارتقان جاپالار ئېسىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ئاتلار ئۇچقاندەك ماڭماقتا. «ياخشى ئات يىگىت ئۈچۈن جەڭدە قانات» دېگەن راست گەپكەن. بۇ تاغ يوللىرىدا ئاتتىن باشقا نەرسە سېنى دېگەن ۋاقىتتا نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ. مەن بىردەم سائىتىمگە قارىسام، بىردەم كۈنگە قارايتتىم. شىۋىرغان يەنە چىقماقتا. بۇ تەبىئەتنىڭ مۇشۇ زېمىنغا ئاتا قىلغان سوۋغىتى ئىكەن. نېمە ئامال؟ سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تەنلىرىمىز تىترەۋاتىدۇ. ئاتلارمۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى بىلگەندەك، قېلىن قارنى كېچىپ، قامچا سالدۇرمايلا ماڭماقتا. ئىككى سائەت ئىچىدە 20 كىلومېتىر يولنى بېسىپ، بۇيرۇق

www.uyghurkitap.com

بويىچە قىزىل جىلغىنىڭ غەربىي تەرىپىنى قامال قىلىپ ياتقىنىمىزغىمۇ بىر سائەتتىن ئاشتى. بىز بۇ يەرگە كەلسەك مامۇت ئاكا شىراقلىق ئۇۋ مىلتىقىنى ئوقلاپ بۇ يولنى توسۇپ ياتقانىكەن. قاراڭ بۇ ئىشنى، بۇ پېشقەدەم باتالىيون كوماندىرى شۇ تاپتا بىز بىلەن بىر ئاكوپتا ياتىدۇ. مامۇت ئاكا ئالدى تەرەپكە قاراپ يىراقلارنى كۆزىتىشكە باشلىدى. نامازدىگەر بولغاندا، قىزىل جىلغا ئىچىدىن ئىككى پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، مامۇت ئاكا مېنى نوقۇپ:

— جاسارەت ئوغلۇم، رۇخسەت قىلغىن، سەندىن مىلتىق، ئوق تەلەپ قىلمايمەن، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئۇۋ مىلتىقىم بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىر پاي ئاتاي، — دېدى.

— خاپا بولماڭ مامۇت ئاكا، بىز ئۇنى تىرىك تۇتماقچى.

— مەن باتالىيون كوماندىرى ۋاقتىمدا ئات! دەپلا بۇيرۇق بېرەتتىم.

— ئۇ دېگەن 40 - يىللار، ئۇ چاغدا سىلەر ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكەن. بىز 80 - يىللاردا ۋەتەننى قوغداش، تىنچلىق ئۈچۈن كۈرەشىمىز، — مامۇت ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ يېنىمدا يانپاشلاپ ياتتى. ئۇنىڭ مىيىقىدا كۈلۈشى مېنى مەسخىرە قىلغىنىمۇ ياكى ماڭا ئاپىرىن ئوقۇغىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي جىلغا ئىچىدە ئىككى قولىدا ئىككى تاپانچا تۇتقان، ئۇزۇنتۇرا بىر ئەبلەخ پەيدا بولدى. ئۇ ھەم جىددىيلەشكەن، ھەم ھولۇققان ئىدى.

— غىجىر دېگەن نېمە مۇشۇ ئىكەن - دە، — دېدى، ئارقامدا تۇرغان ئەسقەر ئاكا.

شۇنداق، دەل ئۆزى شۇ! كىيىم سوجاڭ بىلەن سەلەي پەيجاڭ غىجىرنىڭ دەل مۇشۇ جىلغا بىلەن ئۆز تەۋەسىگە قېچىپ ئۆتۈپ كېتىشىنى ئالدىنئالا پەملەپ، بىزنى مۇشۇ يەركە توسۇشقا ئەۋەتكەن ئىكەن. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئادەم پەيدا بولدى. دېمەك، كىيىم سوجاڭ غىجىرنى قىزىل جىلغىدىن ئىبارەت بۇ تاغارغا سولاپ، بىزنى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە بۇيرىغانىكەن - دە، مامۇت ئاكا ماڭا قاراپ:

— سىلەر كەلمىگەن بولساڭلارمۇ، بۇ بىر ئەبلەخقە مەن ئۆزۈم تېتىيدىكەنمەن، سەن كېلىپ مەن ئۇنى ئاتالمىدىم، — دېدى خورسىنىپ.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمىز مامۇت ئاكا، تىرىك تۇتۇش يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، بولمىسا 1 - پاي ئوقنى ئېتىش ھوقۇقىنى سىزگە بەرگەن بولاردىم.

غىجىر لەقەملىك ئىشپىيون بىزگە يېقىنلاپ كەلدى، 100 مېتر، 80 مېتر، 50 مېتر، مانا 30 مېتىردەك ئارىلىق قالدى.

— كۆتۈر قولۇڭنى! — ھەممىمىز تەڭلا ۋارقىراپ، مىلتىقلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى غىجىرغا قاراتتۇق. غىجىر ھولۇققان ھالدا بىزگە قارىتىپ پاڭ، پاڭ قىلىپ بىر نەچچە پاي ئوق ئاتتى. قورقۇنچ ئىچىدە ئاتقان ئوقلىرى باش ئۈستىمىزدىن خېلىلا ئېگىز ئۆتۈپ كەتتى. غىجىر پۈتۈنلەي قورشاۋ ئىچىدە قالغان، ئەمدى قانتى بولسىمۇ ئۇچۇپ كېتەلمەيتتى. كۆتۈر قولۇڭنى! دېگەن جەڭگىۋار سادا قىزىل جىلغا ئىچىنى لەرزىگە سالدى، يىراق - يېقىندىكى تاغلار ۋە ياغمىنىڭ قىياسىدىن ياڭراق ئەكس سادا قايتاتتى. بۇ ئەكس

سادا بەلكى ئاشۇ قەدىمكى ياغىلار روھىنىڭ بىزگە ھەمدەم بولۇپ توۋلاۋاتقان ئاۋازىدۇر، بەلكى...

مانا قورالىق ساقچى قىسىم چېكـرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى بىلەن چېگـرا رايون خەلقى غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ، ھەممىنىڭ چىرايىدا كۈلـكە، غەلـبە شادلىقى ئەكس ئەتمەكتە. كېرىم سوجاڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ يولداش جاسارەت، بۇ قېتىمقى كۆرەشتە سەن خىزمەت كۆرسەتتىڭ، سېنى تەبـرىكلەيمەن.

ــ ياق، كېرىم سوجاڭ، مەن پەقەت بىر جەڭچىنىـڭ قىلىشقا تـېگىشـلىك ئىشىنى قىلدىم.

ــ كەمتەرلىك ياخشى خىسلەت، لېكىن ساڭا تېگىـشلىك شەرەپنى قـوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. ئالاقىچى ئەكبەردىن ئەۋەتكەن خۇش خەۋەر ئېسىڭدىدۇر؟

ــ ئېسىمـدە سوجاڭ، ھەربىـي مەكتەپكە بېرىش، ئوفىتسېر بولۇش ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى!

ــ ساڭا بەخت تىلەيمەن.

ــ رەھمەت سىزگە.

كېـرىم سوجاڭ، سەلەي پەيـجاڭـلار ماڭـا يانـدىشىپ كەلـمەكتە. مامۇت ئاكا، ئەسقەر ئاكا، ما داگازا، ئەنۋەرلەرنىڭمۇ چىرايلىرىدا خۇشاللىق كۈلكىسى جىلۋىلەنمەكتە. ھەممە كىشى بۇ كۆرەشـنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكـلەۋاتىدۇ. چاۋاك چېـلىش، پوجاڭزا ئېتىـپ، داقـا ـ دۇمـباق بىلەن ئەمەس، بىر ـ بىرىنى يىلـلىق كۈلۈمـسىـرەش بىلەن تەبـرىكـلەۋاتىدۇ. ئارمىيە ـ خەلق بىر ـ بىرىـگە قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتىـدۇ. ھەممىـنىڭ چىرايىدا يىللىق تەبەسسۇم.


مەن قۇياشقا باقتىم. قۇياش ئارامخانىسىغا كېتىۋاتىدۇ. بۈگۈن كەتـسە كەتسۇن، كەچكى شەپەقنىڭ ئالـتۇن نۇرىدا ياغـمىنىڭ قىياسى قىزىللىققا پۈركەنـگەن، تاغـلار كۆزۈمگە كۆنـدىكىدىنمۇ قامەتلىك، مۇقەددەس كۆرۈنۈۋاتىدۇ. قار ياغماقتا، شىۋىرغان ھۇشـقىيـتماقـتا. ھەي، بەرىكەتلىك قار. ئەمدى قانـچىلىك ياغساڭ شۇنـچىلىك ياغ، ھەي شىۋىرغان، قانچىـلىـك ھۇشقىيتساڭ شۇنچـىلىك ھۇشـقىيت، بار ئاۋازىڭ بىلەن ھۇشـقىيت! بىزنىڭ غەلـبە خەۋىـرىمىزنى يىراق ـ يىراقـلارغا ئېلىپ بار. غەلىبـىمىزدىن دوستلار شادلىنىپ، دۈشمەنلىرىمىز قان يۇتسۇن!

(تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

www.turkitap.com

# كىچىك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ



توختى ئايۇپ

(ئەدەبىي ئاخبارات)*

3

بىر ئىقتىدارلىق رەھبىرىي كادىر ئالدى بىلەن جەمئىيەتكە، دەۋرگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دەۋر ئالدىدىكى ۋەزىپىسى مەۋجۇت زىددىيەتلەردىن قېچىش ياكى ئۇنى سۇنئىي هالدا پەيدا قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاش ۋە هەل قىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەمما ئارىسىغا چۆكۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كېرەك. ئەترەت مەسئۇلى هەر كۈنى ئاشخانىدا ئەتىگەنلىك ئۇماچنى ئىچىپلا (ئۇ سالامەتلىكىگە پايدىلىق بولغىنى ئۈچۈن ئەتىگەنلىكى ئۇماچ ئىچىشكە ئادەتلەنگەنىدى) كەنت، گۇرۇپپىلار بويىچە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. مەسىلىلەر ئاز ئەمەس ئىدى: بىر مەزگىل پارتىيىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلاملىرىغا بولغان رەھبەرلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى تۈپەيلىدىن كەنت

پارتىيە ياچېيكىلىرى پالەچ ياكى يېرىم پالەچ هالىغا چۈشۈپ قالغان، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى مەسچىتنىڭ ئىخلاسمەن نامازخانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن، نۇرغۇن ئادەم پۇلغا بېرىلىپ، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش ۋە ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىدىغانلار ئاز بولغان. ئەترەت مەسئۇلى يەنە ئېلېكترلەشكەن كەنتلەر بىلەن ئېلېكترلەشمىگەن كەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنىڭ ناهايىتى چوڭلۇقىنى هېس قىلدى. كەنت-مەهەللىلەرنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئادەملەرنىڭمۇ، هايۋانلارنىڭمۇ بىر كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆردى. ئات، كالا، ئېشەكلەر كۆلگە پۇت، تۇمشۇقلىرىنى تىقىپ سۇ ئىچەتتى، لەش باغلاپ كەتكەن سۇ ئۈستىدە هايۋان تېزەكلىرى لەيلەپ يۈرەتتى. دېهقانلار

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

يازلىقى ئەشۇ كۆللەرنىڭ سارغىيىپ، قۇرتلاپ كەتكەن سېسىق، مەينەت سۇلىرىنى ئىچىشكە، قىشلىقى هايۋان تېزەكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن مۇزلارنى چوقۇپ قازانلىرىدا ئېرىتىپ ئىچىشكە مەجبۇر ئىدى، بۇ يېزا خەلقى ئاپتونوم رايون رەئىسى تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئۇچقات يېزىسى سەيپۇڭتېرەك كەنتى دېهقانلىرىنىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسىدىكى قىيىنچىلىقىغا ئالاهىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، 1988 ـ يىلى ئۆزى بىۋاسىتە قول سېلىپ، ئۇلارغا زامانىۋى سۇ ئىچىش ئەسلىهەلىرىنى هەل قىلىپ بەرگەنلىكىنى هېكايە قىلىپ سۆزلەيتتى. سەيپۇڭتېرەك كەنتى ناهىيىدىن 45 كىلومېتىر، سۇ بېشىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئەڭ چەت جايغا جايلاشقان. سۇغىرىش لىنىيىسى بەك ئۇزۇن بولغاچقا، كەنتكە هەر يىلى ئەتىيازدا، ياز ۋە كۈز پەسلىدە 3 قېتىملا سۇ كەلگەن. كەلگەن سۇمۇ كەنت ئېرىقلىرىدا ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاقمىغان. نەتىجىدە دېهقانلار يىل بويى كۆلدە نەچچە ئاي تۇرۇپ، سېسىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن سۇلارنى ئىچىشكە مەجبۇر بولغان، پاسكىنا سۇ دېهقانلارنىڭ سالامەتلىكىنى بۇزۇپ، هەر خىل يۇقۇملۇق كېسەل يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، كەنتتىكى 279 ئائىلىلىك 1583 نەپەر دېهقان تۆمۈر داۋامەتكە خەت يېزىپ، سۇ ئىچىش مەسىلىسىدىكى بۇ قىيىنچىلىقنى هەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان. رەئىس تۆمۈر داۋامەت سەيپۇڭتېرەك دېهقانلىرىنىڭ بۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خەتكە دەرهال تەستىق سېلىپ، سۇ ئىشلىرى تارماقلىرىغا بۇ ئىشنى كېچىكتۈرمەي هەل قىلىشنى تاپشۇرغان، نەتىجىدە سەيپۇڭتېرەك دېهقانلىرىنىڭ بۇ ئارزۇسى تېزلا ئەمەلگە ئېشىپ، ئۇلارنىڭ ئادەم بىلەن هايۋان بىر كۆلنىڭ سۈيىنى تالىشىپ ئىچىشتەك ئېچىنىشلىق هالىتىگە خاتىمە بېرىلگەن...

ئەتىرەت مەسئۇلى دېهقانلارنىڭ ئاغزىدىن بۇ تەسىرلىك هېكايىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ئىلهاملاندى. توغرا، ئۈلگىنىڭ كۈچى چەكسىز ئىدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت خىزمىتىنىڭ شۇنچە بەك ئالدىراشلىقىغا قارىماي، ئۆگەن ۋادىسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بۇ نامرات، قاقاس كەنت دېهقانلىرىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىپ بېرىشنى ئۇنتۇمىغان يەردە، ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەۋجۇت رېئاللىق ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرالايتتىمۇ؟ ياق، ئۇ، مەنمۇ ئېچپىرىق دېهقانلىرىنى خۇددى سەيپۇڭتېرەك دېهقانلىرىغا ئوخشاش سۈزۈك، پاكىز يەر ئاستى سۈيىدىن بەهرىمەن قىلىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتى رەهبەرلىرى بىلەن باشقا يېزا ـ كەنتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېتىۋېتىپ، مەكتەپلەرنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. گەرچە مەكتەپلەرنىڭ بۇرۇنقى كونا، خەتەرلىك ئۆيلىرى چېقىلىپ، ئورنىغا خىشتىن ئازادە، يورۇق سىنىپلار سېلىنىغان بولسىمۇ، سۇ قىسلىقى تۈپەيلىدىن مەكتەپ مەيدانلىرىدا، دەرسخانىلاردا توپا توزۇپ تۇراتتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى توپا ـ چاڭدىن بىر پارچە چالمىغا ئوخشاپ قالغانىدى. سىنىپتا توپا ـ چاڭنىڭ دەستىدىن نەپەس ئالغىلى، نە بىرەر نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قىسقىسى قەيەرگىلا كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سالىسىڭىز سىزنىڭ ھەل قىلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان بىرمۇنچە ئىشلار كۆزىڭىزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئەترەت مەسئۇلى سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ، جۈملىدىن ئىچىئىرىق دېھقانلىرىنىڭ سۇ ئىچىش قىيىنچىلىقىنى قانداق ھەل قىلىش، ئىچىئىرىق يېزىسىنىڭ ئېلېكترلەشمىگەن كەنتلىرىنى ئېلېكترلەشتۈرۈش ۋە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، قوشۇمچە ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى يولداش ۋاڭ جىڭسەن بىلەن كېڭىشىپ كۆرمەكچى بولدى.

ـــ سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى بىز پارتكومدا كۆپ قېتىم مۇزاكىرە قىلغان، ـــ دېدى ۋاڭ جىڭسەن پەرىشان ھالدا، ـــ بىراق ناھىيىمىزنىڭ مالىيە كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قۇربىمىز يەتمىدى. بۇلارنى ھەر قېتىم ئويلىسام قانچىلىك ئىچىم پۇشىدۇ دېمەيسىز، چۈنكى بىز خەلقنىڭ ئارزۇ ـ تەلىپىنى ھازىرغىچە ئورۇندىيالمىدۇق ئەمەسمۇ... ناھىيىنىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان يەنە مۇنداق بىر ئىشمۇ بار: ناھىيىلىك قاتناش بېكىتى بىلەن ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭ تاشيولى مەسىلىسى. بېكەتنىڭ ئۆيلىرى كونىراپ، خەتەرلىك ئۆيلەر قاتارىغا كىرىپ قالدى. تاشيولنىڭ تارلىقى تۈپەيلىدىن ھەر يىلى ئېغىر قاتناش ھادىسىسى تۇغۇلۇپ، ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ۋاڭ جىڭسەننىڭ كۆزى ئەترەت مەسئۇلىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەنىدى. ئەترەت مەسئۇلى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. قارىغاندا يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقمىسا بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ـــ ئەمىسە مەن بۇ ئىشلارغا مېڭىپ باقاي، چامامنىڭ يېتىشىچە مىدىرلاپ باقاي، ـــ دېدى ئۇ قىسقىلا قىلىپ.

قىلىدىغان ئىشلار كۆپ ئىدى. قارىغاندا بەزى ئىشلار ئۇنىڭ بۇقېتىمقى ۋەزىپە دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ مەسئۇلىيەتچان بىر رەھبىرىي كادىرغا خاس جۈرئەت بىلەن بۇ رامكىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئالىي ئىنژېنېر لى شىڭجۇڭنى كۇچا، شايار، توقسۇ ۋە باي ناھىيىسىنىڭ تاشيول ۋە بېكەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. لى شىڭجۇڭ بىر مەزگىللىك ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن كېيىن يۇقىرىقى جايلاردا دەرھال ھەل قىلىمىسا بولمايدىغان ئالتە قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئىنكاس قىلدى. ئەترەت مەسئۇلى مۇشۇ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئاساسىدا قاتناش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىغا بىر تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ، بۇ ئالتە تۈرنى 1991 ـ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

## 4

زىمىستان قىش ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئىچىئىرىق يېزىسىدا بىرنەچچە كۈن توك توختاپ قېلىپ، پارۋاينى ئىسسىتىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر مۇزدەك سوغۇق ئۆيدە يېتىپـ

قوپۇشقا مەجبۇر بولـدى. كۈتۈلـمىگەندە
ئەترەت مەسئۇلىغا سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ
يېتىپ قالدى. ئاسـما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى
ئۇنىڭ تومۇرىغا بىر تامچە بىر تامچىـ
دىن قۇيۇلماقتا. لېكىن ئۇ يەنىلا سوتسىـ
يالىستىك تەربىيە خىزمىتىنى قانداق
قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئېلىپ بارغىلى
بولىدىغانلىقى، قايسى چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق
نامراتلارنى ئورتاق بېيىش يولىغا باشلىغىـ
لى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا باش
قاتۇرۇپ ياتاتتى. ئۇ يولداش سۇڭ خەنـ
لىياڭنىڭ 1990 - يىلى 12 - ئاينىڭ
15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سوتسىيا-
لىستىك تەربىيە خىزمەت يىغىنىدا
سۆزلىگەندە، ھەرقايسى خىزمەت ئەترەتـ
لىرى جايلارغا ئۆز سىستېمىسى بويىچە
ياردەم بېرىش توغرىسىدا بەرگەن يولـ
يورۇقىنى ئەسلەپ، بىردىنلا قەلبى يورۇپ،
خۇددى كېسەلدىن ساقىيىپ قالغاندەك
بولدى، كۆڭلىگە بىر قاتار پىلانلار
تىزىلىپ كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئېلېكـ
تىرلەشمىگەن كەنتلەرنىڭ توك قىيىنچىـ
لىقىنى ھەل قىلماقچى بولۇپ، ئەخمەت
رەخمەتنى يېنىغا چاقىرتتى ۋە نەچچە
كەنتتە توك يوقلۇقىنى سورىدى.

— قاراتاش، مىنەر، قىزىلتام، چارشەنبە
مۇشۇ تۆت كەنتتەتوك يوق، — دېدى ئەخمەت
رەخمەت ئەترەت مەسئۇلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى
تۇيغان ھالدا خۇشال بولۇپ.

— ئۇلارنىڭ توك قىيىنچىلىقىنى
نېمىشقا ھازىرغىچە ھەل قىلىپ
بېرەلمىدىڭلار؟

— پۇل يوق ئەمەسمۇ، ھەر قېتىمـ
لىق خەلق قۇرۇلتىيىدا دېھقانلار مۇشۇ توغرىـ
لىق دەرد تۆكىشىدۇ. 40 يىلدىن بېرى
توك دىدارى كۆرمەي، جىن چىراغ
تۈۋىدە ياشاپ كەلدۇق، ھۆكۈمەت بىزنىڭ
بۇ قىيىنچىلىقىمىزنى قاچان ئويلىشىدۇ،
بىزگە قاچان غەمخورلۇق قىلىدۇ، دەپ
سوئال قويۇشىدۇ. بىز بۇلارنىڭ ئەرز-
تەلەپلىرىنى ناھىيىگە نەچچە قېتىم
ئىنكاس قىلدۇق، ياردەم تىلىدۇق.
ناھىيە قايسى بىر يىلى 30 مىڭ يۈەن
پۇل بېرىشكە ماقۇل بولغان، لېكىن بۇ
پۇل ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشمىدى، —
ئەخمەت رەخمەت سۆزلىگەنسېرى قىزىشىپ
ھاياجانلانماقتا ئىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ
بۇ توغرىلىق ئېغىر قورساق كۆپۈكى
باردەك قىلاتتى.

— يېزا بىلەن بۇ كەنتلەرنىڭ ئارىلىقى
قانچىلىك كېلىدۇ؟ — سورىدى ئەترەت
مەسئۇلى:

ئەخمەت رەخمەت ئويلىنىپ قالدى.
يەتتە كىلومېتىر، دەپ ئېنىق سانىنى
ئېيتسا، ئەترەت مەسئۇلىنىڭ ئۆز پىلانىـ
دىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ يالغان
ئېيتتى:

— تۆت يېرىم كىلومېتىر.

— قانچىلىك پۇل كېتەر؟

ئەخمەت رەخمەت تۆت كەنتكە
توك تارتىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى
ئاللىبۇرۇن ھېسابلاپ كۆرگەن. ئازدېگەندە
يۈز مىڭ يۈەنسىز بۇ پىلاننى ئىشقا
ئاشۇرغىلى بولمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ يەنە
راستىنى ئېيتىشقا يۈزى كۆيدى.

— 30 - 40 مىڭ يۈەنچە پۇل
بولسا يېتەر، — دېدى دۇدۇقلاپ.

— دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە سىملىق
رادىئو كارنىيى بارمۇ؟ — يەنە سوراپ
قالدى ئەترەت مەسئۇلى.

— يوق.
— بەللى! — دېدى ئەترەت مەس-
ئۇلى چاقچاق ئارىلاش، — دېھقانلارنىڭ
ئۆيىدە سىملىق رادىئو كارنىيى بولمىسا،
ئۇلار پارتىيىنىڭ فاكچېن، سىياسەتلىرىنى
بىلمىسە، ھېلىمۇ مۇشۇ خەق سىلەرگە
بويسۇنۇپتۇ جۇمۇ، ئەخمەت قارىي!
ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدە قانچىلىك
ئېچىنىش، خەيرىخاھلىق ۋە مېھرىبانلىق
بار ئىدى - ھە؟
— ھە، 30 — 40 مىڭ يۈەن دەۋا-
تامسىلەر، يالغان ئېيتىۋاتىسىلەرغۇ دەي-
مەن، — دېدى ئۇ يەنە كۈلكىسىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، — بوپتۇ، بۇنىڭغا يېتەرلىك
پۇلنى مەن ھەل قىلىشقا تىرىشاي، سىلەر
دەرھال ئۆلچەش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ،
سىم يوللىرىنى لايىھەلەڭلار.
بۇ خەۋەر خۇددى كۆزنى يۇمۇپ
ئاچقۇچە كەنت، گۇرۇپپىلارنىڭ بۇلۇڭ-
پۇچقاقلىرىغا تارقالدى:
— خۇش خەۋەر! كەنتىمىزگە توك
سىمى تارتىلىدىغان بوپتۇ!
— ئىنشائاللا... ئەمدى قارا چىراغ-
دىن قۇتۇلغۇدەكمىز.
بوۋاي - مومايلار ھاسىلىرىغا تايىنىپ
كوچىلارغا چىقىشتى. ئاغرىقلار ماغدۇرىغا
كېلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. قىز - يىگىتلەر
خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن تە-
رەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. كۈلرەڭ بۇلۇت
قاپلىغان جىمجىت يېزا ئاسمىنى ئاشۇ
ياڭراق سادا ئەۋجىدىن تىترەپ كەتتى.
يېزىلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى
يەن خۇڭ ۋە يېزا كادىرى غوپۇر ساماساق
باشچىلىقىدىكى ئۆلچەش، لايىھىلەش گۇ-
رۇپپىسى 7 كىلومېتىر ئارىلىقنى بىر يېرىم
كۈندە ئۆلچەپ، ئىستولبا ئورنى ئۈچۈن
82 دانە قوزۇق قېقىپ بولدى. 82 دانە
تۆشۈكنى 2 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاش
كېرەك ئىدى. پارلاق كېلەچەك ۋە بەخت
ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىدە جان پىدالىق ۋە
ئۇلۇغۋار روھ تەنتەنە قىلدى. بۇ روھ
پۇل ئۈستىدىن غالىب كەلدى! نەچچە
يۈزلىگەن دېھقان ئۆزلۈكىدىن جوتۇ، پالتا،
كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيلىرىدىن چى-
قىپ، قاتتىق جۇت - زىمىستانغا قارىماي،
مۇزلاپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن يەرلەر-
نى چېپىپ ئورەك كولاشقا كىرىشتى.
بەزى جايلاردا ئورەكلەر دېھقانلارنىڭ
بوغدايلىقلىرى، باغ - ۋارانلىرى ئارىسىدىن
كولىنىشقا توغرا كەلگەن، كىچىككىنە زىيان
ئۈچۈن پالتا، كەكە كۆتۈرۈشتىن، ياقا سى-
قىشىشتىن ئايانمايدىغانلار ئەمدىلىكتە ئۇچ-
رىگە كەلگەن خېلى كۆپ زىيان ئۈچۈنمۇ
چىن قەلبىدىن رازى بولۇشتى. ئۇلار كو-
لىنىۋاتقان ھەربىر ئورەكتىن ئۆز كەنتىنىڭ
ئەتىكى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى، كېلەچەك-
نى كۆرۈۋالغانىدى. بۇ يەرلەرگە توك
تارتىلىدىغانلا بولسا 20 دىن ئارتۇق
سۇ قۇدۇقىنى يۈرۈشتۈرگىلى بولاتتى.
تۆت كەنتتىكى 727 ئائىلىلىك 3365
نەپەر دېھقان ئېلېكتىر چىرىغىدىن بەھرى-
مەن بولالايتتى، رادىئو ئاڭلىيالايتتى،
تېلېۋىزور كۆرەلەيتتى، كىچىك تىپتىكى
يەرلىك زاۋۇت، كارخانىلارنى قۇرالايتتى.
شۇ كۈنلەردە ئەترەت مەسئۇلى
ھەممىدىن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى.
كۆڭلىدىكى پىلانلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش
ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى. ئۇ دەر-
ھال ئاقسۇغا بېرىپ، ۋىلايەتلىك قاتناش، سىي-
تېمىسىدىكى ھەرقايسى ئىدارە مەسئۇللىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ يېزى-
لارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش،
نامرات دېھقانلارغا يار - يۆلەك بولۇش
ئۈچۈن پۇل ئىئانە قىلىشقا چاقىردى. نە-
تىجىدە ۋىلايەتلىك قاتناش باشقارمىسى
30 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك تاشيول ھەق-
قىنى يىغىش ئورنى 10 مىڭ يۈەن، ۋى-
لايەتلىك تاشيول باش ئۆچاستكىسى 10
مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك ترانسپورت
بازارلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى 10 مىڭ
يۈەن ئىئانە قىلدى.

ئۇ بۇ يىل باھار بايرىمى مەزگىلىدە
ئۈرۈمچىگە كەلدى. قاتناش نازارىتى پارتى-
گۇرۇپپىسى شۇجىسى يولداش جۇاڭ سەي-
چىڭ ۋە ئاساسلىق رەھبەردي يولداشلار
ئۇنىڭ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھ-
ۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ ئىلگىرى يوللىغان كۇچا،
باي، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ تاشيول،
بېكەتكە دائىر ئالتە قۇرۇلۇش تۈرىنى
1991 - يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈ-
زۈپ، بۇنىڭغا يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىقان-
لىقىنى ئۆزىگە ئۇقتۇرغاندىن باشقا، يول-
داش جۇاڭ سەيچىڭ نەق شۇ يەردىلا توقسۇ
ناھىيىسىدىكى نامرات دېھقانلارغا ياردەم
بېرىش ئۈچۈن قاتناش نازارىتىنىڭ 100
مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىشىنى تەستىق-
لىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاپتونوم رايون-
لۇق يولۇچىلار توشۇش شىركىتى 10
مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - ترانس-
پورت شىركىتى 25 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم
رايونلۇق ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدا-
رىسى 15 مىڭ يۈەن، قاتناش نازارىتى
تاشيول ھەققى يىغىش باشقارمىسى 10
مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى.

ئىئانە قىلىنغان بۇ پۇللار ئاددىيلا
پۇل ئەمەس، بەلكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ
ئىسسىق قان - تەرى ئىدى. ئىشچىلار سى-
نىپىنىڭ پاك مېھرى - مۇھەببىتى ۋە مېھ-
رى - شەپقىتى نامراتلىقتا قالغان دېھقان-
لارنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا ئاقتى! نەچچە
ئون يىلدىن بېرى بەختىيار كۈنلەرنى
ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئۆگەن ۋادىسىدىكى
بۇ نامرات زېمىندا باي - باياشاتلىقنىڭ
تۇنجى پارلاق سۈرىتى نامايان بولماقتا
ئىدى. ئىئانە ئۈچۈن يىغىلغان پۇل 220
مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ پۇلنى
ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار
كۈتۈپ تۇراتتى. يېزىلىق رادىئو ئۇزېلىنىڭ
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كونا ئۆيى، ئادەم بىلەن
ھايۋان سۈيىنى تالىشىپ ئىچىشىۋاتقان،
ئۈستىدە ھايۋان تېزەكلىرى لەيلەپ تۇر-
غان كۆل، مەكتەپلەردە چاڭ - توزان ئارى-
سىدا بۇرۇختۇم بولۇپ يۈرگەن ئۆسمۈر
باللار... بۇ ئەترەت مەسئۇلىنىڭ زادىلا
كۆز ئالدىدىن كەتمىدى. ئۇ ئىئانە قىلىن-
غان بۇ پۇللارنى ئىچىېردىق يېزىسىدىكى
تۆت كەنتنى ئېلېكترلەشتۈرۈشكە ئىشلى-
تىشتىن باشقا، قالغان قىسمىنى ناھىيىدىكى
92 تۇقتىلىق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ-
لەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن باسما قۇدۇق،
ئىچىېردىق يېزىسىدىكى 21 كەنت ھەم ئىش-
لەپچىقىرىش مەيدانىغا بىردىن يۇقىرى بې-
سىملىق سۇ قۇدۇقى ئورنىتىپ بېرىش ۋە
يېزىلىق رادىئو ئۇزېلىنىڭ خىزمەت بىنا-
سىنى سېلىپ، يېزا تەۋەسىدىكى 4400
ئائىلىنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن سىملىق را-
دىئو كارنىيى ئورنىتىپ بېرىش قاتارلىق
ئىشلارغا سەرپ قىلىشنى قارار قىلدى.

5

مانا، ئۈمىد ۋە شادلىق گۈل-

www.uyghurkitap.com

چېچەكلىرى بىلەن تولغان نەۋ باھار! بىپا-
يان دالا، ئېتىز - باغلارلا ئەمەس، يېزى-
دىكى 23 مىڭ ئەر - ئايال، ياش - قېرى-
لارنىڭ قەلبى ھاياتبەخش باھار يىلىلىق-
لىقىغا تولغانىدى.

كەنت، گۇرۇپپىلاردا داغدۇغىلىق
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك تەربىيە
ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنىڭ ئاۋانگارت-
لىق، نەمۇنىلىك رولىنى، قەدىر - قىممى-
تىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئاسا-
سىي قاتلام كادىرلىرىغا قارىتا ئىجابىي تەربى-
يىنى ئاساس قىلىپ، بىر - بىرىگە چاتماس-
لىق، ئىدىيە جەھەتتە قاتتىق بولۇش،
تەشكىلىي جەھەتتە كەڭ بولۇش پرىنسىپى
يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇلار بۇرۇن ئۆتكۈز-
گەن خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىنىڭ زىيانلىق
ماھىيىتىنى تونۇپ، ئىدىيە جەھەتتىن
ئازاد بولۇپ، خىزمەتنى يېڭىچە روھ ۋە
شىجائەت بىلەن ئىشلەشكە ئاتلاندى. سىيا-
سەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى دېھقانلارنى
غەم - ئەندىشە ۋە تەشۋىشلەردىن خالاس
قىلدى. پارتىيە ئەزالىرى ئورنىدىن دەس
تۇردى، كادىرلار ئورنىدىن دەس تۇردى،
دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشەن-
چىسى تۇرغۇزۇلدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا پار-
لاق بىر كېلەچەك نامايان بولماقتا ئىدى!

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزىلىق ھۆ-
كۈمەت خىزمەت بىناسى ئالدىدا تولىمۇ
تەسىرلىك بىر ئىش يۈز بەردى. شۇ كۈنى
قىزىلتام كەنتىدىكى 678 نەپەر دېھقانغا
ۋەكالىتەن 18 نەپەر پېشقەدەم پارتىيە
ئەزاسى ۋە دېھقان ۋەكىلى يېزىلىق ھۆكۈ-
مەتكە كېلىپ، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرگە
بىر پارچە رەھمەت تاختىسى تەقدىم قىلدى.
قايىسى بىر سەنئەت ئۇستىسىنىڭ ماھىر
قولىدا ياسالغان نەقىشلىك ئەينەك رامكا
ئىچىدە «نۇرلۇق چىراغ ئېلىپ كەلگۈچى-
لەرگە تەقدىم» دېگەن خەت ئالاھىدە چاق-
ناپ تۇراتتى. كەنتنىڭ پېشقەدەم شۇجى-
سى مەخمۇت ئالىم كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق
يېشىنى توختىتالمىغان ھالدا بۇ رەھمەت
تاختىسىنى ئەترەت مەسئۇلىغا سۇنۇپ تۇ-
رۇپ مۇنداق دېدى:

— خېلى كۈنلەر بولدى، قىزىلتام
كەنتىدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە
دېھقانلار خۇشاللىقىمىزنى باسالماي قالدۇق.
ھەرقايسىلىرىنى كالا، قوي سويۇپ ئۆيمۇ-
ئۆي مېھمان قىلغۇمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆزى-
مىزنىڭ ھەرقايسىلىرىغا ھەم پارتىيىگە
بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار قىلغۇ-
مىز كەلدى، لېكىن سىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ
بىر سىقىم گۈلە - قېقىغا ئېغىز تەگكۈزمە-
گىنىڭلارنى بىلىپ، كەنتىمىزگە چاقىرىپ
ئاپىرىپ مېھمان قىلالىشىمىزغا كۆزىمىز يەت-
مىدى. شۇڭا ھەممىمىز كۆڭلىمىزدىكى رەھ-
مەت - تەشەككۈرىمىزنى مۇشۇ بىرلا سۆزگە
يىغىنچاقلاپ ھەرقايسىلىرىغا سۇندۇق.
دېھقان خەق ئۆمۈر بويى تۇپا، تەرگە
چۈمۈلۈپ يۈرگىنى بىلەن، نېمىنىڭ ياخشى،
نېمىنىڭ يامانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. دېھقان-
لىرىمىز ئۇزۇن يىلدىن بېرى نامراتلىقتىن
قۇتۇلالمىغان، بىز پارتىيە ئەزالىرىمۇ دېھ-
قانلارغا ھېچقانچە ئىش قىلىپ بېرەلمىگەن.
ھەرقايسىلىرى يېزىمىزغا كەلگەنىدىن كې-
يىن پارتىيىنىڭ مېھر - شەپقىتىنى، پار-
تىيىنىڭ جان دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن
ئىشلەيدىغان رەھبىرىي كادىرىنىڭ رولىنى
ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. راس-
تىنى ئېيتسام، بىزنىڭ ئەمدى سوتسىيا-
لىزمغا بولغان ئىشەنچ، ئېتىقادىمىز

باشقىدىن كۆچەيدى...

بۇ قارىماققا ئاددى، ئەمما نەقەدەر مەنىلىك، چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆزلەر - ھە؟! بۇنى كۆرەك جۇۋىسلىق ياشانغان بىر دېھقان، نەچچە ئون يىللىق پېشقەدەم بىر كوممۇنىست ئېيتماقتا، ئۇ بۇ ئاددىي سۆزى، بىر رەھمەت تاختىسى ئارقىلىق مىڭلىغان دېھقانلارنىڭ پارتىيىگە بولغان ئوتلۇق مېھرىنى، رەھمەت - تەشەككۈرنى ئىزھار قىلماقتا. ئەترەت مەسئۇلىنىڭ رەھمەت تاختىسىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى تىترىدى. ۋۇجۇدىدا بىر پارچە ئوت لاۋۇلداپ ياندى. ئۇ شۇ تاپتا بىر ياغاچ رامكىلىق ئاددىي ئەينەك تاختىنى ئەمەس، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغان ئۆزگەن ۋادىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئوتلۇق يۈرىكىنى باغرىغا تېڭىپ تۇراتتى. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى جۇمە ساۋۇت ئىدى.

ئەنە ئۇنىڭ ياتقىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك جايغا ئېسىپ قويۇلغان ئاشۇ ئەينەك رامكا... دېھقان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ چىن سۆيگۈ خۇددى نۇرلۇق مەشئەلدەك ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە كەلگۈسىنى يورۇتماقتا. ئەنە، ئۇنىڭ ماشىنا ھەيدەپ يۈرگەن ئاددىي شېپۇرلۇق چاغلىرى... بىر كۈندە ئون نەچچە سائەتلەپ رولدا ئولتۇرۇپ، ھېرىپ - ئاچقاندا يالغۇز تونەپ قالغان سۇسىز چۆل - دالا... قايسىبىر ئۆتەڭ - كەپىلەردە زېرىكىپ قالغان تاشيول ئىشچىلىرى بىلەن تۇزلۇق سۇ ئىچىشىپ، تاماكا چېكىشىپ، ئۇلپەتلىشىپ، مۇڭدىشىپ چىققان تالاي كېچىلەر... ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆزىنىڭ بىر كۈنلەرگە كېلىپ قاتناش نازارىتىنىڭ مۇھىم بىر رەھبىرىي بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان بولغىيدى! پارتىيە ئۇنىڭغا شان - شەرەپ بەردى. ئۇنى مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈردى. قىسقا مۇساپىلىق، ئەمما تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان مۇشۇ خىزمەت تارىخىدا ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلەنگۈدەك ئىشلارنى قىلغان، خىجىل بولىدىغان، ئۆكۈنىدىغان ۋە قەلبىنى ئازابلايدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويغان، ئۇ بۇلارنى ھەر قېتىم ئويلىغاندا ئاچچىق ساۋاقلارنى چوڭقۇر قوبۇل قىلىشىم، پارتىيە ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىدا بولۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئەينەك رامكىدىكى چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق جۈملىلەر ئۇنىڭغا تەربىيە بەرمەكتە: بىر رەھبىرىي كادىر ئۈچۈن پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، پاك، ئادىل بولۇپ، خەلق ئۈچۈن جان دىل بىلەن خىزمەت قىلىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە شان - شەرەپ يوق، دېمەكتە ۋە ئۇنى كەلگۈسىدىكى تالاي مۇشەققەتلىك خىزمەتلەرگە باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىشقا ئۈندىمەكتە.

ئۆرۈكلەر ھۇپپىدە چېچەكلەپ، باغلار باھار قۇشلىرىنىڭ شوخ ناۋاسى بىلەن تولغان خاسىيەتلىك كۈنلەردە، قاراتاش، مىنەر، قىزىلتام، چارشەنبە - تۆت كەنتكە رەسمىي توك بېرىلدى. 40 يىلدىن بېرى چىن چىراغ تۇتەپ يېنىپ، نامراتلىق ۋە قالاقلىق ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن بۇ زېمىندا سوتسىيالىزم ئەۋزەللىكىنىڭ گېگانت رېئاللىقى تەنتەنە قىلدى. تارىخ يېڭىلاندى، دەۋر يېڭى سەكرەشكە قەدەم قويدى!

ئۇ دېھقانلارنىڭ ئالقىش - تەشەككۈرىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خىجىل بولدى، قارا تەرگە چۆمۈلدى. ئۇ پەقەت خەلقنىڭ ئاددىي بىر چاكىرى، پارتىيە ئۇنىڭغا مەدەت بەرمىسە، ئىشچىلار سىنىپى يار - يۆلەك بولمىسا، قاتناش نازارىتى پارتگورۇپپىسى ئۇنىڭ خىزمىتىنى كۈچلۈك قوللىمىسا، ئۇ تۇقسىمۇ ناھىيىسىدە قانداقمۇ مۇنچىلىك

www.uyghurkitap.com

زور ئىشلارنى قىلالايتتى؟!
ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيە تەۋەسىدىكى
92 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھەر
بىرىگە بىردىن باسما قۇدۇق ئورنىتىلغان-
لىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر ۋە ئۇنىڭ
بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ
نۇرغۇن تەشەككۇر - مىننەتدارلىق سادالىرى
يېتىپ كەلدى. ئەترەت مەسئۇلى شادلىق
ۋە ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ، ئۆزىگە ئېيتىل-
غان سانسىز يۈرەك تەشەككۇرى ئۈچۈن
ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ توپا - چاڭ
ئازابىدىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن خۇشال
ئىدى. لېكىن ئۇ ئىچىمرىق دېھقانلىرىنىڭ
سۇ ئىچىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقىنى كۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ خۇشاللىقنى ئۇنتۇدى،
قەلبى ئازاب ۋە ھەسرەت بىلەن ئۆرتەن-
دى. ئۇ ئىچىمرىق يېزىسىدىكى 21 كەنت
ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەيدانلىرىغا يوقىرى بې-
سىملىق سۇ قۇدۇقى ھەل قىلىپ بېرىشكە
ئۈلگۈرەلمىگەنىدى.

خىزمەت ئەترىتىنىڭ قايتىدىغان ۋاقتى
يېقىنلىشىپ قالدى. تۆت ئاي قانچىلىك تېز
ئۆتۈپ كەتكەن - ھە؟ ئۇ بۇ قىسقىغىنە
ۋاقىتنىڭ ئۆز ھاياتىدا مەڭگۈ سىڭىنىپ
ئەسلەشكە، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلىشقا،
ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغان ۋاقىت بولۇپ
قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. پارتىيىنىڭ
بىر رەھبىرىي كادىرى ئۆز خىزمىتى ئار-
قىلىق خەلقنىڭ پارتىيىگە بولغان مېھرى-
مۇھەببىتىنى، سوتسىيالىزمغا بولغان ئى-
شەنچ - ئېتىقادىنى كۈچەيتەلىسە، ئاخىرقى
ھېسابتا ئۇ ئۆزىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق
ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى شەرەپ بىلەن
ئادا قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەم-
لەر ئۆزىنى چىن قەلبىدىن بەختلىك ھې-
سابلاشقا ۋە ئىپتىخارلىنىشقا ھەقلىقتۇر.

جۈمە ساۋۇتنىڭ ئىلگىرىكى كۆپ ۋاقىت-
لىرى ئىشچىلار ئارىسىدا ئۆتكەن، ئۇلار-
دىن تەربىيە ئالغان، ئۇ بۇ قېتىم دېھقانلار
ئارىسىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ
بېرىش بىلەن بىللە، ئۆزىمۇ دېھقانلاردىن
تەربىيە ئالدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى
تەسىراتلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە ھەر تە-
رەپلىمە ئىدى. ئۇ دېھقانلارنىڭ نامرات-
لىق ۋە ئېغىر جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە
ياشاۋېتىپمۇ پارتىيىگە بولغان ئەقىدە - ئې-
تىقادىنى، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىنى
يوقاتمىغانلىقىنى ئەبەدىي ئېسىدىن چىقى-
رالمايتتى. دېھقانلاردىكى بۇ ئەقىدە - ئېتىقاد
ھەرگىزمۇ بىردەملىك ھېسسىياتنىڭ ئەكس
ئېتىشى ئەمەس ئىدى. ئەجىبا، كۆرەك تو-
ماق، نىمكەش چاپانلىق نامرات دېھقانلار-
نىڭ قەلبىدە لاۋۇلداۋاتقان مۇشۇنداق بىر
ئۇلۇغ خىسلەت زامانىۋى شەھەر، ئېسىل
ئۆيلەردە راھەت - پاراغەت ئىچىدە ياشاپ،
سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ھەممىدىن
بەكرەك بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆ-
گىنىش قامۇسى بولۇشقا ئەرزىمەسمۇ؟

## 6

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەن شۇ
كۈنلەردە خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر، ناھىيە
ۋە يېزىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى،
دېھقانلار بىر - بىرىنىڭ قولىنى زادىلا قويۇ-
ۋەتكۈسى كەلمىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى بىر
ئۈچى ئۆگەن ۋادىسىدىكى بۇ سۆيۈملۈك
زېمىن بىلەن باغلانغان ئۈزۈلمەس ئوتلۇق
رىشتە بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى.
ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،
ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىز-
مەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھامۇت
مەخمۇت قاتناش نازارىتى خىزمەت ئەترى-
تىنىڭ ئىچىمرىق يېزىسى ۋە پۈتۈن ناھىيە
خەلقى ئۈچۈن ئىشلىگەن جاپالىق خىزمەت-
لىرىنى، كۆرسەتكەن تۆھپە - نەتىجىلىرىنى
تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن باشقا، ئاپ-
تونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى

خىزمەت ئەترىتىنىڭ تاشقىرىق يېزا
دېھقانلىرى ئۈچۈن جان دىل بىلەن ئىشلەپ،
كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقىنى ماختاپ:
— بۇ يولداشلار پارتىيىنىڭ تاشقى-
رىق دېھقانلىرىغا بولغان مېھرى - مۇھەب-
بىتى ۋە شەپقىتىنى يەتكۈزدى، ئۇلار دېھ-
قانلار ئارىسىدا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىيا-
سەت - فاڭجېنلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇ-
لارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام
بەرگەندىن تاشقىرى، نامراتلارغا يار - يۆ-
لەك بولۇش يۈزىسىدىن نامرات دېھقانلارغا
1756 ياقىلىق كىيىم - كېچەك تارقىتىپ
بەردى، يەنە ئون مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە
قىلىپ، يېزىدىن 25 كىلومېتىر يىراق-
لىقتىكى چەت، نامرات جاي - تامتوغراق
كەنتىگە بىر دوختۇرخانا سېلىپ بەردى،
ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ
تۆھپىنى ئەسلا ئۇنۇتمايدۇ! — دېدى.

خىزمەت ئەترىتىدىكى يولداشلار بۇ
سۆزدىن ئارتۇقچە خىجىللىق ھېس قىلىش-
تى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئى-
چىدە ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تۆھپە دەپ
ئېيتالمايتتى، ئەلۋەتتە. راست، بۇ ئارتۇق-
چە. بۇ يەردە ھەقىقىي تۆھپە يارىتىۋاتقان-
لار كىم؟ نەچچە ئون مىڭ ئەمگەكچان ھەر
مىللەت خەلقى، كوممۇنىستلار ۋە بۇلار-
غا باشلامچىلىق قىلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك
پارتكوملارنىڭ قاۋۇل رەھبەرلىرى. خىز-
مەت ئەترىتىدىكىلەر ئىختىيارسىز ئۈچقات
يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى تۇردى نىيازنى
ئەسكە ئېلىشتى.

تۇقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم 1984 -
يىلى ئۇنى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئۈچقات يې-
زىسىغا پارتكوم شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتكە-
نىدى، تۇردى نىياز ئۇ يەرگە باردى - يۇ،
كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، قۇمۇش ۋە
يۇلغۇن، كۈۋرۈكلەر باغجانلاپ ئۆسكەن
ئېدىر - دۆڭلەر ۋە ھەيۋەت قۇم بارخان-
لىرى ئارىسىدا تۆت توما ۋە لەڭگەر كەنت-
لىرىنىڭ نامرات، قالاق مەنزىرىسى كۆزگە
تاشلىنىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ يەرگە ئۈچ-
قات يېزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك ئىدى.
ئۇ، پارتىيىنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرغان بۇ ۋە-
زىپىسىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىش ئۈ-
چۈن، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان شى-
جائەت ۋە باتۇرلۇق بىلەن بۇ خىزمەتكە
ئاتلاندى. بىر يىل ... ئىككى يىل ... ئۈچ
يىل ... ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتتى. ئالتە
يىلدىن كېيىن بۇ يەرگە كەلگۈچىلەر
ئەلمىساقتىن ياۋا توڭگۇز بىلەن تۈلكە،
توشقانىنىڭ پىنھان ئۇۋىسى بولۇپ كەلگەن
بۇ قەدىمىي جاڭگاللىقتا يېڭى دەۋر روھى-
غا خاس سېلىنغان رەت - رەت بىنالارنى،
مەكتەپ، دوختۇرخانا، كىنوخانا، قىرائەت-
خانا ۋە سودا دۇكانلىرىنى، ئاسفالىت يول-
لارنى كۆرۈشتى. تەكلىماكان بويىغا جاي-
لاشقان بۇ چەت — خىلۋەت يېزىدا سوتسى-
يالىزمنىڭ كۆركەم بىناسى ئاستا - ئاستا
قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى.

ئۈچقات يېزىسىنىڭ 1990 - يىللىق
يازلىق ئاشلىق مەھسۇلاتى 13 مىليون 500
مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1989 - يىلدى-
كىدىن 11 پىرسەنت ئاشقان، پاختىنىڭ
كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى
300 يۈەنگە يەتكەن، يېزا بويىچە 11
كەنت توكتىن پايدىلىنىش، يېزا
مەركىزىدىكى ئاھالىلەر تۇرۇبا سۈيى
ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن. تۇردى
نىياز پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئالا-
ھىدە چىڭ تۇتقان. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ

ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇلۇپ، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىغا بىردىن نامرات ئائىلە ھۆددىگە بېرىلگەن. تۇردى نىياز شەخسەن ئۆزىمۇ خەلق ئەسكەرلىرى مەشقىدە مېيىپ بولغان نامرات دېھقان ئابدۇللا موسانى ھۆددىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا قۇربىتى يېتىدىغان تىجارەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. نەتىجىدە ئۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپلا قالماي، 2 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىقتىسادىي بار ئائىلىگە ئايلانغان... تۇردى نىياز چۆللۈكنى كۆكەرتىش يولىدا دېھقانلارنى باشلاپ ھارماي - تالماي ئىشلىگەن. بىنام يەرلەرگە، چۆللەرگە ۋە يول بويلىرىغا تىكىلگەن ئورمان 3 مىليون 315 مىڭ تۈپكە يېتىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 93 پىرسەنتكە يەتكۈزۈلگەن. يېزا بويىچە يېڭىدىن 7016 مو ھەر خىل مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىنىپ، مەھسۇلاتى 6 مىليون 218 مىڭ 105 كىلوگىرامغا، ساپ كىرىمى 862 مىڭ 431 يۈەنگە يەتكۈزۈلگەن...

مەن شاخلىرى يالىڭاچلانغان، ئەمما تۈپلىرى رەت - رەت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىزارلىق ئارىسىدىكى يولدا كېتىۋېتىپ، بۇ يەرنىڭ ياز پەسلىدىكى جەننەتتەك گۈزەللىشىپ كېتىدىغان ئىلھامبەخش مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىر چاغدا ھامۇت مەخمۇت ماڭا:

— ئەمدى بەخت ساناتورىيىسىنى كۆرۈپ چىقايلى، — دېدى.

— بەخت ساناتورىيىسى؟ — ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن، — تۇردى شۇجى، ئۇچقاتتا بەخت ساناتورىيىسىمۇ قۇردىلىمۇ تېخى؟

يېنىمدا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان تۇردى نىياز ئۆز ئادىتى بويىچە ئۈنسىز كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىز ئالمىزارلىقتىن چىقىپ، كەڭرى كەتكەن بىر باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاپئاق ئاقارتىلغان بىرنەچچە كورپۇس ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. ئۆي ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا بىر بوۋاي ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىزنى كۆرگەن ھامان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ياشىسۇن پارتىيە! پارتىيە مىڭ - مىڭ ياشىسۇن! — دەپ توۋلاشقا باشلىدى. راستىنى ئېيتسام، مەن شۇ چاغدا بۇ بوۋاي ئالدىن مۇشۇنداق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەمەسمىكىن، دېگەن گۇماندا بولغانىدىم. لېكىن ھايال ئۆتمەي مېنىڭ بۇ گۇمانىم يوققا چىقتى. 16 نەپەر باشپاناھسىز بوۋاي - موماي ۋە مېيىپ باللار ئىسسىق، ئازادە، ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەردە ئولتۇرۇشاتتى. بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرگەن ھامان ئۇلار ئالدى بىلەن تۇردى نىيازنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئۇنىڭغا رەھمەت - تەشەككۈر ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. قايتىش ئالدىدا تۇردى نىياز ماڭا بۇ ساناتورىيە توغرىلىق تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى: ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ساناتورىيىنىڭ 21 ئېغىزلىق ئۆيى، يېتەرلىك باغ - ئارامىلىرى بار ئىكەن. ساناتورىيىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس بىر پارتىيىلىك كادىر ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇ ساناتورىيىدىكىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، داۋالىنىش، ئىسسىنىش ۋە يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇش قاتارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن. ساناتورىيىگە كېتىدىغان بارلىق ئىقتىسادىي چىقىم يېزىنىڭ مالىيە كىرىمىدىن ئاجرىتىلىدىكەن.

مەن ئۇچقاتتىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇردى نىياز بىلەن ئادەتتىكىچىلا خوشلاشتىم. لېكىن ئۇنىڭ توغرىسىدىكى تەسىراتىم ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى، مەن يول بويى كېلىۋېتىپ، رەت ـ رەت سوزۇلغان سالا ئېتىزلاردا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان مۇزلارغا نەزەر سالدىم.

— بۇ قىشلىق ئۇسا، — دېدى ھاموت مەخمۇت، — مۇشۇنداق ئۇسا قىلىنغاندا يەرلەرنىڭ شورلىششى ئاز بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەتىيازلىق سۇنىڭ جىددىيلىكىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

— بۇ تۇردى شۇجى ئويلاپ تاپقان تەدبىرمۇ؟

— ياقەي، بۇنى ھەممە دېھقان بىلىدۇ. گەپ بۇنىڭغا ئەمەلىي قول تىقىپ ئىشلەشتە. تۇردى شۇجى ئالدى بىلەن مۇزلۇق سۇغا سەكرەپ چۈشمىسە، باشقا خەق ئۆتۈك سالامدۇ؟

ئۇ ماڭا يەنە تۇردى نىيازنىڭ ئېتىرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئاجايىپ ئىش ـ ئىزلىرىنى ھەۋەس ۋە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— بۇ ئادەم سىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرىڭلار ئىچىدىكى گۆھەر ئىكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن ئىلھاملىنىپ.

— شۇنداق دېگۈچىلىكى بار، — دېدى ئۇ گېپىنى تەستىقلاپ، — يېقىندا ناھىيىلىك پارتكوم قارار چىقىرىپ، ئۇنى پارتكوم يېزا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا بەلگىلىگەنىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇچقات يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن دېھقانلىرىغىچە نۇرغۇن ئادەم ماڭا ئەرز قىلىپ كەلدى، يۆتكەپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ تەسلىكتە قايتۇردۇم.

مەن كەچتە ياتاققا قايتىپ كېلىپ، بۇ ناھىيىنى بىرنەچچە كۈن زىيارەت قىلىش جەريانىدىكى تەسىراتىم ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىدىم. ئۇچقات يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنى كىشىلەر كۆرگەن ھامان نېمە ئۈچۈن ئىختىيارسىز: «كومپارتىيە ياشىسۇن» دەپ توۋلايدۇ ۋە ئۇنى يۇقىرىغا يۆتكەپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ؟ بۇ پاكىت بىزگە ئاشۇلارغا ئوخشاش خەلق ئۈچۈن جان ـ دىلى بىلەن ئەمەلىي خىزمەت قىلىدىغان پاك، ئادىل رەھبىرىي كادىرلارغا خەلقىمىزنىڭ شۇنچىلىك موھتاج بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى، قەلبىدىكى ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى ۋە بېيىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇنداق كىشىلەرگە باغلاۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى ۋە بۇ قېتىم جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مۇنداق يېڭى چۈشەنچىنى شەكىللەندۈردى: پارتىيىنىڭ ھازىرقى سىياسەت ـ فاڭجېنلىرىنىڭ توغرىلىقىغا نىسبەتەن گۇمان ـ شۈبھىگە ئورۇن قالمىدى. لېكىن ئەمدىكى گەپ، ئۇنى ئېغىشماي ئەلتۆكۈس ئىجرا قىلىدىغان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۆپلەپ بولۇش ـ بولماسلىقىدا. پارتىيىنىڭ پاك، ئادىل، شىجائەتلىك كادىرلىرى قەيەردە كۆپ بولسا، پارلاق كېلەچەك شۇ يەردە بالدۇر چېچەك ئاچىدۇ.

(تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

خېۋىر تۆمۈر

## ئۆمۈر قەسىدىسى

ئۆلچەم يوق قولۇمدا، لېكىن بار تارىخ،
ھاياتلىق يوللىرى سىزىلغان ئاڭا.
يېزىلغان ئىزالار، يىراق دەۋرلەر،
ئۆتمۈشنىڭ ئەينىكى ئۇ جاھانىمىزدا..

ئۆلچەم يوق قولۇمدا، باردۇر سەرگۈزەشت،
ھاياتنىڭ قىممىتى ئىسسىق - سوغ ئەبجەش.
بىر دەمدە باھاردىن بولىدۇ دېرەك،
بىر پەستە زىمىستان، شىۋىرغانلىق دەشت.

ئۆلچەم يوق قولۇمدا، لېكىن بار رەقەم
چېكىلگەن ئەسىر ھەم يىل، ئاي، كۈنلەرگە.
چېكىلگەن ھەممىگە قالدۇرماي ھەتتا،
يەتمىشنى نەقىشلەپ ئۆتتى چېكەمگە.

ئاز كۈنمۇ يەتمىش يىل، چارەككەم ئەسىر،
قانچە ئون ياز، باھار، زىمىستان قىشلار.
ئاز گەپمۇ كۆرگەن كۈن- ئۆتمۈش سەر-
گۈزەشت
ھېسابسىز ھادىسە، يۈز بەرگەن ئىشلار.

ئۆلچەم يوق قولۇمدا لېكىن بار رەقەم
رەقەملەر كۆرسەتتى بەش مىليارد ساننى.

ھەر ھالدا بىلىپ قوي دېگەندەك قىلىپ،
ئۆمرۈمدە تۇغۇلۇپ كۆپەيگەن جاننى.

ئۇزۇنلۇق ئۆلچەمگە بېشارەت بۇ سان،
سىلكىنىپ ئەتراپقا تاشلىدىم نەزەر.
كۆپەيگەن ئادەملەر گۈللەنگەن جاھان،
قۇلاقنى يارماقتا شاۋقۇن - سۈرەنلەر.

كۆپەيگەن گۈل - گىياھ، چېچەك، خۇش پۇراق
كۆپەيگەن ئادەملەر، ئەقىل ۋە ئىدراك.
ئىدراكى ئىزدىنىش رىئال دۇنيانىڭ
كۆرسەتتى كەلگۈسى مۇقەررەر پارلاق.

تىرىشچان - ئەمگەكچان ئادەم زور ئامىل،
ھەر تامچە ئەجرىدىن ئالۇر مول ھوسۇل.
تەبىئەت باش ئېگەر ئەقىل، ئىدراكقا،
بوستانلىق شەھەرگە ئايلانماقتا چۆل.

نارازى ئەمەسمەن يەتمىش يىلىمدىن،
باستىم مەن بۇ يولدا مەزمۇت قەدەملەر.
ئاسماننى تىرەجەپ ماڭغاندەك قولدا
كۆپ جاپا چەكسەممۇ تاپتىم لەززەتلەر.

ئوتتۇلچى بولدۇممەن جاڭگالدا، ھەتتا
تىكەنلەر قىلسىمۇ قولۇمنى زېدە.
بىر قالام ئوتتۇننى كۆپرەك ئالغاندا
لەززەتلەر رەڭلىرى چاقنار يۈزۈمدە.

رازىمەن ئۆمرۈمدىن، كۆپ نەرسە بىلدىم،
كۆرگىنىم ئۇنىڭدىن كۆپتۈر مىڭ ھەسسە.
بىلگىنىم ـ كۆرگىنىم لەززەتسىز ئەمەس،
ھەر لەززەت بىر داستان ياكى بىر قىسسە.

رازىمەن ئۆمرۈمدىن، كۆپ سەپەر قىلدىم،
قالمىدى باسمىغان لاداق يوللىرى.
مەن ياياق دەريالار بويلىدىم كەچتىم،
قالمىدى خالىستەن ـ تارىم بويلىرى.

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

تويۇنۇش مۇمكىنمۇ شېرىن ھاياتقا،
ئاھ ھايات، شېرىن جان، ئاھ سۆيگۈ ـ
لەززەت...
تويۇشى مۇمكىنمۇ مىڭ يىل ياشىغان،
ھەر تىنىق ھەر سېكۇنت ئالتۇندىن
قىممەت!

قەسىدە يازغىنىم ئۆمرۈمگە ھەرگىز
تويۇنۇپ قالغاندىن بەرمەيدۇ دېرەك.
تىلەگلا، تىلەيلى، ئاق كۆڭۈل دوستلار،
ھەر ئادەم مىڭ يىللاپ ياشىشى كېرەك!

## دېرىدزەمدە تۇنگەن ئىلھام

### بىر كۈن لىرىكىسى

گۇگۇم تېگەپ باشلاندى ئاخشام،
ئۆتتى بىر كۈن قۇيۇندەك گويا.
تۈن يوپۇقى يېيىلدى ئاستا،
ئەتراپىمدا مىڭ تۈمەن غەۋغا.

بىر چۆكىلەپ يۇمدى كۆزىنى
پەرۋانىدەك قۇياش بېشىمدىن.
ئادەملەرنىڭ شادلىقى، غېمى
بىر دەقىقە كەتمەي قېشىمدىن.

ھېچكىم ماڭا بەرمىدى ئازار،
شادلىق جامى سۇنمىدى، ھېچكىم.
لېكىن يۈرەك سوققاچ تىنىمسىز،
پىكىرلىرىم ياتقۇزمىدى جىم.

بىر كۈن كەتتى، بىر ھەسرەت كەتتى،
شادلىقىمنى كەتتى ئۇ باشلاپ.
ئۆمرۈم تۆكتى بىر ياپراق شۇ دەم،
قۇياش كەتتى ئۇنى ھاپاشلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كۈن كەتتى، بارمىقىم چىشلەپ،
ھەسرەت بىلەن ئارقىدىن باقتىم.
بىر كۈن ئۆتتى، قۇيۇلدى ئاخشام،
تۈنگە كۆلۈپ باغرىمنى ياقتىم.

بىر كۈن كەتتى، باقتىم ئەينەككە
كۆپىيىپتۇ چاشلىرىمدا ئاق.
كۈن كەيىدىن باقسەن مەيۇس،
يۈرىكىمدە ئەلەملىك پىراق.

## دېرىزەمدە تۈنگەن ئىلھام

ئۈيقۇ بەرمەس، زىم - زىيا تۈندە،
دېرىزەمنى چېكەر بىر ئاقىت.
دەيمەن كىمدۇ ئارام بەرمىگەن،
ئازابلاردىن بولمەن تىت - تىت.

دېرىزەمنى چېكەر بىر ئاقىت
باھار ھىدىن ئۇرۇپ دىماغقا.
يۈرىكىمنى ئۈينىتار تىنماي
ئەجەب شېرىن تۈيغۇ، پىراقتا.

چاچلىرىمنى سىلايدۇ ئاستا،
يۈزلىرىمدە ئاتەش نەپىسى.
تولغىنىمەن گويا كى قىلدەك،
پاتقىنىدا خەنجەرنىڭ بىسى.

قەلەم چاپار قەغەز ئۈستىدە،
يۈرىكىمگە بېغىشلاپ ئارام.
بىلدىم، ئاشۇ دېرىزە چەككەن
مېنى ساقلاپ تۈنىگەن ئىلھام.

## تۈن قوشىقى

ئايدىڭ كېچە، دىلنى قىلىپ رام
كۆز قىسىدۇ سامادا يۇلتۇز.
ماڭا ناخشا قىلىدۇ ئىنئام
ئايىنى قىلىپ قولىدا پانۇس،
ئايدىڭ كېچە دىلنى قىلىپ رام.

تۈننىڭ باغرى قوشاققا تولغان،
شاۋقۇنلايدۇ جىلغىلاردا سۇ.
ئەركە شامال قىيغىتىپ ھەر يان،
ئويغىتىدۇ دىلدا شوخ تۇيغۇ،
تۈننىڭ باغرى قوشاققا تولغان،

بۇلبۇل سايرار باغلاردا تىنماي،
قوغۇن ھىدى كىرەر دىماغقا.
يېڭى قوشاق كۈيلەر، دەريا، ساي
ئەللەي كۈيى كىرەر قۇلاققا،
بۇلبۇل سايرار باغلاردا تىنماي.

قوشاق كۈيلەپ سېھىر بىلەن تۈن،
ئۇخلىتىدۇ بارچە ئادەمنى.
قارا چېچىن يايىدۇ پۈتۈن
تاڭغا باشلاپ پۈتكۈل ئالەمنى،
قوشاق كۈيلەپ سېھىر بىلەن تۈن.

ئالتۇن تاڭدۇر تۈن ئېيتقان قوشاق،
شۇ قوشاقتىن يورۇيدۇ تاڭلار.
بۇ قوشاقلار نەقەدەر ئويناق،
ئاتەش ياقار دىلغا ئاھاڭلار،
ئالتۇن تاڭدۇر تۈن ئېيتقان قوشاق.

ئوسمانجان ساۋۇت

# يېڭى كۈن قەسىدىسى

جامالىڭدەك يورىدى بىر كۈن،
جامالىڭدەك ئۆتسكەن تامام.
نۇر ۋەسلىدە بولمايدۇ تۈتۈن،
چاقناپ تۇرار مەڭگۈ بۇ كالام.
يېڭى كۈندە سەن يېڭى پۈتۈن،
نۇرلىرىڭنى قويۇمەن تالام.

قەدەملىرىڭ ئاستا، خىرامان،
ئىزلىرىڭدا يېڭى مەنە بار.
كۆزلىرىڭگە باقتىم بىئامان،
لەۋلىرىڭدە يېڭى رەنا بار.
دىلنى چۇلغار يېڭى ھاياجان،
يېڭى كۈنگە ھەمدۇ - سانا بار.

قايتىلانماس ھەتتاكى بىردەم،
يىغلاپ تۇرۇپ خوش دەيمىز ئاڭا.
بىردەمگىمۇ ئەسىر مۇجەسسەم،
ئوخشاپ كەتتى ئەجەبمۇ ساڭا.
بىر نىگاھىڭ مىڭ كېسەلگە ئەم،
نېسىپ بولماي كەلمەكتە ماڭا.

سۆيگەن دىلنىڭ مىڭبىر نازى بار،
يېڭى كۈننىڭ مىڭبىر قارارى.
دىلبەرلەرنىڭ دىلبەر سازى بار،
كارۋانلارنىڭ ئاستىدا نارى.
زىمىستاننىڭ جەننەت يازى بار،
كۆي تىلەكىدۇ يۈرەكنىڭ تارى.

ھەسرەتلەرگە نەدىكى نۇۋەت،
ئۆسەكلەرگە قىلسۇن كىم پىسەن.
يېڭى كۈنۈڭ يېڭى مۇھەببەت،
تەلىيمگە بولغايسەن ئېسەن.
ئاچچىق يۇتما ھاياتتا پەقەت،
غالىبلاردىن بولىمەن دېسەڭ.

خوپ ئۆزۈندۇر ۋىسالدىن ھىجران،
ئەقىدەڭنى چېكىپ كۆرىدۇ.
تاغدەك چىدام ياردىتار ۋىجدان،
جاپالارنى ئۆرۈپ - چۆرىدۇ.
ئاشىق بولساڭ چەكمىگىن پىغان،
ۋايساشلاردىن سۆيگۈ ئۆلىدۇ.

جۇشقۇن، خوشال ياشا، ئەي جانان،
غەم قوندۇرما ھەرگىزمۇ ئەسكە.
ھەممە نەرسە يېڭىدۇر ھامان،
تەلقىن قىلىپ كۆرەيلى بەسكە.
بۇ كېسىمىم گەر چىقسا يالغان،
مەيلى مېنى يىگىت ئەمەس دە!

چىمەنلەردە نازۇك گۈللەر بار،
ھېلى مەندىن سورىدى سېنى.
گۈل سورىغان ئادەم بەختىيار،
پەرى ھېسلار ئۇرىدى مېنى.
گۈلگە تولغان بۇ ئانا دىيار،
ئىپار ھىدلار تورىدى مېنى.

قاشلىرىڭنى دوراپ ھىلال ئاي،
كۆك يۈزىگە ئەگىم قادالدى.
يۇلتۇز ئېچىپ ساڭا خوش چىراي،
ئاقتى ئوقتەك، مەيىن تارالدى.
قارا رەڭگە قارىچۇقۇڭدەك باي
ئەجەب ئېسىل كېچە يارالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مازىقىڭغا قالىمەن گاھى
گاھ بولۇمەن مېھرىڭ بىلەن مەس.
كېسىم كەسكەن سۆيگۈ ئىلاھى:
چىدىماسلار چىن ئاشىق ئەمەس.
ئاڭلا، بىزنىڭ ئىشق دەرگاھى،
راھەت ئەمەس، ئازابقا پەۋەس.

ئازاب بىلەن يۈرسەممۇ كۆپ چاغ،
جۇشقۇن كۈيلەر كۈيلەيمەن دائىم.
يۈرىكىمدە يوقتۇر زەررە داغ،
قورقىتالماس قىيامەت قايىم.
يۆلەنگىنىم ۋاپا ـ ئېگىز تاغ،
تاغ يانىدۇ، يانمايدۇ رايىم.

ئەقىدىسىز ياشماق ئوڭاي،
قوشۇلىسەن خەسكە تىز پۈككۈپ.
دەيسەن ياۋغا قولۇڭغا قوناي،
ھەم كېتىسەن پاتقاققا چۆككۈپ.
دەيسەن ئاڭا سۆزۈڭگە ئۇناي،
ياشايسەنكى يۈزۈڭنى تۆككۈپ.

تۈيغۇلاردىن ئىزدەيسەن جەۋھەر،
جەۋھەرلەردىن بوپقالىسەن لال.
ئىزگۈلۈكلەر كۆپتۇر نەقەدەر،
پارلاق، چەكسىز چىرايلىق، ھالال.
رەزىللىكلەر كېزەر دەر ـ بەدەر،
ئەمما دىلنى قىلالماس مالال.

ئارمىنىڭغا يەتمەكچى بولساڭ،
ئۆز يولۇڭنى بەرمە ھېچكىمگە.
كامالەتتە تولۇن بوپ تولساڭ،
مەن ئالەمدە يېگانە دېمە.
جۇدۇن تەگسە بىر مەھەل سولساڭ
كۆز كەلدى دەپ زىنھار غەم يېمە.

خىياللارغا باي بولۇپ ئۆتتۈم،
مىكىرلەرگە تەبىئىي گاداي.
ھېكمەتلەرگە مەيلىمچە چۆكتۈم،
ھېكمەتلەرگە تۇغۇمنى قاداي.
يېڭى كۈنگە نۇرۇمنى تۆكتۈم،
يان يېڭى كۈن، مەنمۇ ھەم ياناي.

1991 ـ يىل 19 ـ مارت ئۈرۈمچى.

ئابلەت ئابدۇللا

# ياشىسۇن كۆڭلى گۈل باھار ئادەملەر

## چەرەنبۇلاق

چەرەنبۇلاق چەرەنلىرىڭ قەيەردە؟
شەھەر كۆردۈم چەرەن يۈرگەن بۇ يەردە.
دىلغا تېگىپ كەتتىم يېڭى ناخشاڭنى،
سەن ئۇزاتقان ئاشۇ قۇتلۇق سەھەردە.
كۆز ئوڭۇمدا گۈزەللىكىڭ جىلۋىسى،
چەرەنلەرنىڭ قەدىم ئىزى كۆلەڭگە.
ھەر قورام تاش، ھەر قۇمىڭنىڭ زەررىسى،
نۇر ـ ئىسسىقلىق بېرىپ يۇرتداش بەدەنگە،
سۆيگۈسىنى تارقىتىدۇ ئالەمگە!

## ئالۋاستى شەھىرىدىكى تەپەككۇر

ئادەم،
ئالۋاستى،
تېگىر قايدۇ، تەبىئەت.
ئۇلۇغ قايسىسى،
كىم كىمنى يېڭەر بۇ جاھاندا!؟
ئادەملەر قېنى،
ئايلاندىمۇ ھورغا
ئالۋاستىلار،
ئالۋاستى شەھىرىدە بەزمە قۇرغاندا.

ھۆۆلايدۇ ئالۋاستى،
يالىڭاچ قىيالار ئارىسىدىن
قۇم چىچىپ،
ئوت چىچىپ!
يەر تىنىشايدۇ بىر ناخشىنى:
كىم ئۇ،
ئالۋاستى شەھەرگە كېلىۋاتقان
ناخشىسىدىن گۈل چىچىپ!
ھەر ئادەمنىڭ ئۆز ناخشىسى بار،
ئۇ كۈيلەيدۇ،
كۈيلەيدۇ قەلبىنى پىنھان.
ئالۋاستىنىڭمۇ ئۆز ناخشىسى بار
چاغلار ئۆزىنى.

بۇلبۇل — غەزەلخان.
مانا شۇنداق جاھان،
مانا شۇنداق جاھان.
ئادەم — گۈل، مېۋە، دان.
كۆز ئاچار بۇلاقلار،
ياشنار كائىنات...
ئالۋاستى —
گۈزەل، ھەسەتخور،
بۇلاقلار ئەما،
گۈللەردە
سىرىق داغ قات - قات...
چۆل سىرىق قۇشقاچى كۈيلەر:
ئارامبەخش ھاۋا،
ياشنار گۈزەل تەبىئەت،
جان.
مانا شۇنداق جاھان،
مانا شۇنداق جاھان.
ھەر قىسمەتتە سىر،
پىنھان، پىنھان...

سېيتنىسا لوقمان

## كۆك يۈزىدە بىرسىرلىق ئىلاھ

1

كۆك يۈزىدە بىر سىرلىق ئىلاھ،
چاقىرىدۇ توختىماي ھامان.
مايسا ئاستا كۆتۈرمەكتە باش،
تومۇرىدا ئاقار يېڭى قان.
قۇياش نۇرى ئەمەس مەڭگۈلۈك
مايسا ئۇچۇن پەقەت ئارىيەت.
ھايات ئۆزى بىرلا تەڭلىمە —
قۇدرەتلىكتۇر تەبىئەت پەقەت.

2

باھار!
ئەسلىتىسەن باھار كۆڭۈلنى،
قەلبىمدە ئۇ باھاردەك دەملەر.
زىمىستان كۆڭۈلدىن دىللار بىزارى،
ياشىسۇن كۆڭلى گۈل - باھار ئادەملەر.

3

يەنە قانچە باھار نېسىپ بولاركىن،
ئاھ، باھار ئىنسانغا چەكلىنىكسەن پەقەت.
كىم تۇنجى سۆيگۈسىدىن لەززەت ئالاركىن،
ھىجرىڭدىن كىم يىغلار،
كىم تۆكەر ھەسرەت.

## رەپىق

مەن ساڭا بەرسەم كۆڭۈل بولدۇڭ سىتەمكار، ئەي رەپىق،
ئىشقى - ھىجران داغىغا قىلدىڭ گىرىپتار، ئەي رەپىق؛
مەن نىتەي ھالىم خاراب، ئۆزۈڭ سەۋەبكار، ئەي رەپىق،

دەرد بىلەن ئۆلتۈرگىلى بولدۇڭ تەرەپدار، ئەي رەپىق،
كۆيدۈرۈپ قىلماققا كۈل، چىقتىڭ تەلەپكار، ئەي رەپىق.

كەلگىنىڭدە گۈل تۇتۇپ، چىققان ئىدىم ئالدىڭغا مەن،
كەل ئىگارىم، دەپ سېنى باسقان ئىدىم باغرىمغا مەن،
خۇش ناۋا بىرلەسېنى باشلاپ گۈزەل باغىمغا مەن،
ئىپتىخار بىرلە شېرىك قىلسام قىران چاغىمغا مەن،
ئەمدى سەن بولدۇڭ ماڭا سىرتماق بىلەن دار، ئەي رەپىق.

سەن ئۆزۈڭ كۆڭلۈڭنى بەرمەي، ماڭا ئەمخان بول دېدىڭ،
بىرلا مەن ياشناي جاھاندا سەن قۇرۇپ ھەم سول دېدىڭ،
ئەۋلىيا چاغلاپ ئۆزۈڭنى، مېنى رايىشە كول دېدىڭ،
مەن كۈلەي جەننەت ئارا، سەن ئال دوزاخقا يول دېدىڭ،
كىملىكىڭنى ئۇنتۇدۇڭ، بىلمەي نومۇس ـ ئار، ئەي رەپىق.

«مەن ساڭا مەپتۇن» دېگەن بۇزغاچقا سەن شۇ ئەھدىنى،
قاپلىدى مۇدھىش ـ زىمىستان سۆيگۈنىڭ گۈل پەسلىنى،
بىلمىگەچ سەن بىۋاپانىڭ كۆڭلى كۆمۈردەك نەسلىنى،
قالدىما ھەسرەتتە مەن، سۆيگەچكە سەن نائەھلىنى،
شۇل سەۋەبلىك سەن مېنى قىلدىڭ ئەيىبكار، ئەي رەپىق.

خۇش كۈلۈپ ئاغزىڭدا سەن، كەلدىم دېسەڭ ئىشق بولۇپ،
ئىختىدا قىلدىم يۈرەكتىن مەنمۇ ھەم سادىق بولۇپ،
بارلىقىم، جان گۈلشىنىم بىرلە ساڭا تالىق بولۇپ،
كۆيلىسەممۇ بىر ئۆمۈر بۇلبۇل كەبى ناتىق بولۇپ،
ئاخىرى ئالداپ مېنى، بولدۇڭ رىياكار، ئەي رەپىق.

بىر جۇنۇن قىلدى مېنى قوشــماق بولاي دەپ كەلگىنىڭ،
ئۇغا چىقتى مانــا ئاخىر، ماڭا بال دەپ بەرگىنىڭ،
پاتتى جانغا تاش بولۇپ گــۈل دەپ بېغىمغا تەرگىنىڭ،
زەردىگۆش قىلدى مېنى ماڭا قىلغان، ئەتكىنىڭ،
كەڭ جاھاننى مەن ئۈچۈن قىلدىڭ ئەجەپ تار، ئەي رەپىق.

ساتقىنى بولدۇڭ ئىشىقىنىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنى ئاقلىما،
«مەن گوياكى شەھرىيار، ئەرش مېنىڭ» دەپ چاغلىما،
ناز قىلىپ، جىلۋە قىلىپ قايتا دىلىمنى داغلىما،
قىلمىشىڭ يانغاي ئۆزۈڭگــە، ئۈمىدنى زىنھار باغلىما،
پەدىزىڭ ئاقماس، ساڭا چىقماس خېرىدار، ئەي رەپىق.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت



# ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ

ئەۋكېرىم ھاشىم

(ھېكايە)

## 1

تام ئۈيۈقىغا قويۇلغان ساپال چىراغىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان شولىسى ئېيىق ئۆڭكۈرىدەك قاراڭغۇ، گۆرۈستان جىمجىتلىقى باسقان ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆيدە ئىككى كىشى بار ئىدى. بىرى، 40 ياشلار چامىسىدىكى بېجىرىم دېھقان يىگىتى بولۇپ، ھېلىلا ئېتىزدا سۇ تۇتۇپ ھېرىپ-ئېچىپ قايتقاچقا ھۆل ۋە پاتقاققا مىلەنگەن كىيىمى بىلەنلا ئۆزىنى پەگاغا تاشلاپ ئۇخلىسىغا ياتاتتى. ئۇ، تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېغىر تىناتتى. يەنە بىرى، ئاپئاق چاچ موماي بولۇپ، ۋىجىككىنە بەدىنىگە كىيىۋالغان ئاق چىت كۆينىكى ئۇنى چۆكۈرۈۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ياشاڭغىراپ تۇرغان، خۇددى ئاشۇ چىراغتەك خۇنۇك ۋە نۇرسىز كۆزلىرىنى بىردە ئوغلىغا، بىردە ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇق بېسىپ تۇرغان ئاللىقانداق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تىكىپ ئولتۇراتتى. بەزىدە ئوغلىدىن بىرەر ئېغىز گەپ كۈتۈپ، ئەتەي يۆتىلىپ قوياتتى. ئۇ، قازان ئاستىدىكى قوقاس-چۇچۇلىنى ئالدىغا تارتىپ، كۈيمىدەك قارىداپ، ئىسلىشىپ كەتكەن چۆگۈندە ئېتىزدىن كەچ قايتقان ئوغلىغا چاي دەملەۋاتاتتى. ئۇمۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى. ئانا ئوچاق بېشىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، قاراڭغۇلۇقتىن زارلاندى:

— تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرىۋالغاندەك قىلىۋاتىمىزغۇي بالام. لامپا بولغان بولسىمىغۇ، — دېدى ئۇ تام ئۈيۈقىدىكى ساپال چىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەۋېتىپ، — شۇنىڭدا جاھاندارچىلىق قىلىپ تۇرغان بولساق، مۇنچىلا گۆر ئىچىدە قالماس ئىدۇق.

— ئۇنىڭغا پۇل نەدە، ئاپا، — يىگىت قوپۇپ ئولتۇردى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئانا ئۇنىڭ ئېسىدە يوق بىر نەرسىنى يادىغا كەلتۈرگەندەك قىلاتتى، — نۇرەك بانكىرمۇ قېتىۋالدى، قەرزنى قايتۇرغانلارغا پۇل بېرىمەن، دەپ ھۆركىرەپ يۈرمەمدۇ، مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ ئېغىز ئاچالمىدى، پۇلى باردىن تاغمۇ قورقىدۇ، دېگەن يېرى شۇدە، ئۇنىڭغا يالۋۇرغىچە ساپال چىرىغىمىزمۇ ياخشى، بىزمۇ ئۇنىڭ خىرە نۇرىغا ئادەتلىنىپ قاپتۇق.

— راست دەيسەن، ئوغلۇم، — ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىۋېتىپ داۋام قىلدى، — كىشىدىن سوراپ ئاش يېگىچە، ئۆيىمىزدىن چىققان تاشنى يېگىنىمىز ياخشى.

ئانا بىر چوڭ ناننى ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويدى، ئاندىن ئىككى ئاپقۇرغا تولدۇرۇپ چاي قۇيدى.

ئانا - بالا ئىككىيلەن ئەمدىلا چايغا ئېغىز تەگكۈزگەنىدى، ئۆي ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، كەنتنىڭ باشلىقى كىرىپ كەلدى.

— كەل، غوپۇركا.

— كەلگىن، بالام، يۇقىرى ئۆت.

ئانا - بالا ئىككىيلەن ئورۇنلىرىدىن تەڭلا تۇرۇشتى. ئانا كۆرپە سېلىشقا يۈگۈردى. ئوغۇل قول باغلاپ پەگادا تۇردى.

— نېمانداق قاراڭغۇ بۇ ئۆيۈڭ؟ — بوسۇغىدىلا تۇرۇپ غاراڭ - غۇرۇڭ چىقىدىغان بوم ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى غوپۇر.

ئانا كىگىز ئورنىدا سۇپىغا سالغان پالازنىڭ ئۈستىگە قارا چىبەرقۇت كۆرپىنى سالدى.

— بىزنىڭ بوسۇغىمىزغىمۇ دەسسەيدىكەنسەن، غوپۇر بالام، تۆرگە ئۆت، بىر پىيالە چاي قۇيۇمەن. ئەزالارنى ئۆي - ئۆيدىن چاقىرىمەن، دەپ گېپىڭمۇ قۇرۇپ قالغاندۇ، ھېچبولمىسا كالپۇكىڭنى نەمدىۋالغىن.

— ياق، ئۆتەلمەيمەن.

غوپۇر قارا بورۇتلۇق تومپاي ئادەم ئىدى، ئۇ بۇ گەپنى ئادەتتى بويىچە چورتلا كېسىپ ئېيتتى. ئۇنىڭ جىم تۇرمايدىغان سول قولى يەنىلا قارا بورۇتىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلاپ تۇراتتى.

— مەتۋاقى، سۇ كېرەكمۇ؟

— نېمىشقا كېرەك بولمىسۇن، — جاۋاب بەردى مەمەت باقى.

— ماۋۇ جىن چىراغتىن قۇتۇلۇشنى ئويلىمىسەن؟ — يەنە سورىدى غوپۇر بېگىز قولىدا ئويۇقتا پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان ساپال چىراغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ئويلىمامدىغان غوپۇركا، لېكىن، نېمە ئامال.

مەمەت باقىنىڭ كۆڭلىدە نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى. لېكىن، بۇ گەپلەرنى ھېيىقماي ئېيتىشقا ئۇ پېتىنالمىدى.

— ئۇنداق بولسا يىغىنغا بار، — دېدى غوپۇر سول قولىدا ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى قاماللاپ تۇرۇپ، — كونا ماخوغا بېرىڭلار.

— مۇشۇ كەچتە؟ — ھەيران بولدى مەمەت باقى.

— كەچ قالما.

غوپۇر بوسۇغىدىنلا قايتتى.

— چاي ئىچكىن، — دېدى ئانا ئۇنى ئاخىرقى قېتىم زورلاپ، — كەمبەغەلنىڭ چېيى چىدىشقا دورا.

غوپۇر كەينىگە بورۇلۇپ قارىدى.

ئۇنىڭ رايى بويىچە، ئەزالار ماخوغايىغىلىغىچە بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ تازا قېنىپ چاي ئىچىۋالغۇسى بار ئىدى. ئەمما، كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ، ئولتۇرىدىغان ئۆي بۇ ئەمەس، ئۇنىڭ كۆڭلىنى گىلەم، شىرداقلار بىلەن تولغان ھەشەمەتلىك ئۆي، قوتاندا مۆرەپ تۇرغان سېغىن كالا، قۇيرۇقىنى كۆتۈرەلمەي ئېغىر پۇشۇلداپ ياتقان بورداق قوي تارتىدۇ.

غوپۇر ئالدىرايتتى. ئۇ، ئىشىكنى ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ يۈزىگە ياپقاندەكلا شۇنداق قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى. غوپۇرنىڭ ھازىرقى سۆزى نېمىشقىدۇر ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىپ قويدى. ئانا ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. مەمەت باقى سوۋۇپ قالغان چېيىدىن بىر يۇتۇم ئۇتلىدى. بايا سېلىۋەتكەن، كونىراپ ھېچ ھالى قالمىغان چىبەرقۇت چاپىنىنى قېقىشتۇرۇپ ئۇچىسىغا ئارتتى.

— مەجلىسنى ئاڭلاپ كېلەي، ئاپا، — دېدى مەمەت باقى ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ، — بەك كەچ قالغۇدەك بولسام ئەنسىرىمەي يېتىۋەرگىن.

— ھايال بولما، بالام، — دېدى ئانا ئوغلىغا يالۋۇرغاندەك تەلمۈرۈپ، — داداممۇ سەن، ئاناممۇ سەن، بىر تۇغقىنىممۇ سەن، ئەتىدىن كەچكىچە ئېتىزدا ئىشلەيسەن، بوسۇغىدا مۇساپىرنىڭ كۈچۈكىدەك بويىنۇنى قىسىپ يولۇڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرىمەن. سېنى تۈپتۈز يولدا بىرەر پىشكەللىككە يولۇقۇپ قالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم سۇدەك ئاقىدۇ. ئاھ، خۇدا، پەرۋەردىگارىم، ساڭا تىلەك كەلگەن ھەر قانداق بالا - قازا ئەگىلىپ ماڭا كەلسۇن، دەپ كېتىمەن، ئۇنداق دېمە بالام، يامانلىق ئويلىمىغىچە ياخشىلىق يوق. بىزگە خاتىرجەملىك كېرەك، بالام، بىر كۈنلۈك خاتىرجەملىك بىر مىسقال ئالتۇنغا تەڭ. ئاۋايلاپ ئىش قىل.

— ئاپا، دائىملا شۇنداق دەيسەن، ئاۋايلاپ ئۇچقان قۇش قانىتىدىن ئايرىلىدۇ جۇمۇ، ئەنسىرىمە، مەن كىچىك بالا ئەمەسقۇ، ئەر يەتكەن ئادەممەنغۇ، چۈمۈلىمۇ تېخى ئۆز جېنىنى ساقلاشنىڭ كويىدا بولىدىغۇ.

— ياق - ياق، سەن ساددا، ئاق كۆڭۈل، بىزنىڭ سەھراغا چۈشكەن بىرەر ئالۋان-ياساق بولسا ھەممىسىگىلا ئۆزەڭنى لاچىندەك ئۇرۇپ تۇرىسەن، پايدا بولسا غوپۇر قوساقنىڭ، زىيان بولسا مەتۋاقنىڭ بولمىسۇن يەنە بالام.

ئانا بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئورۇق بارماقلىرىنى جۈپلەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— قىزىقسەن - دە ئاپا، — مەمەت باقى كۈلدى، — خۇددى مەن سەندىن ئايرىلىپ، بارسا كەلمەس يولغا كېتىۋاتقاندەك قىلىسەن.

— ھەي، بالام، بىلمەيسەن، — ئانا گويا يۈرىكى كۆكسىگە سىغمايۋاتقاندەك ئۆرىدەپ تىنىپ گەپ قىلدى، — ئويلىمىغان يەردىن ساڭا بىرەر تۈلكە يولۇقۇپ يۈرمىسۇن، مىڭغا كەلمەي، يەنە بىزگە كەلمىسۇن دەيمىنا.

ئانا شۇ گەپلەر بىلەن ئوغلىنى ھويلىنىڭ تېمىغىچە ئۇزىتىپ باردى.

— ماڭا قارا، بالام، — ئانا ئۆزىدىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن ئوغلىنىڭ كەينىدىن يەنە ۋارقىرىدى، — ئۇ يەردە بولغان ياخشى گەپلەرنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا، ئىشلارغا

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل قوي، ماڭا كېلىپ دەپ بېرىسەن.

مەمەت باقى يىراقتىن ۋارقىرىدى:

— ماقۇل، ئاپا.

ئانا يىراقتىكى تاغ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، مىس تاۋاقتەك قىزىرىپ چىقىۋاتقان ئايغا قارىدى. ئۇنىڭغا مەمەت باقى گويا ئاشۇ ئاينىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئوغلىنى — دۇنيادا بىردىن بىر ئارزۇلۇق يۈرەك پارىسىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى.

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم، — ئانا ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈنلۈك نىدا قىلدى، — پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغان قۇدرىتىڭ بىلەن يالغۇزۇمنى ساقلارسەن. ياخشىلىقتىن ئاغزىمىزغا ئاش يەتكۈزەرسەن، سېنىڭ ھىممىتىڭ كەڭ، سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم، ئاشۇ بالامنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن.

2

مەمەت باقى كونا ماخوغا كەلگەندە ئەزالار يىغىلىپ بولغانىدى.

— مەتۋاقى ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ — غوپۇر مەمەت باقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن ئۈن قاتتى.

مەمەت باقى ئۆي ئىچىدە سانجاق ئولتۇرغان ئەزالارغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەققەتەنمۇ كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئىچىدە ئانىسىغىمۇ كايىغاندەك قىلدى. ئانا ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپلەرنى تاپىلاپ بولغىچە خېلى بىر ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. غوپۇرنىڭ ئاچچىقىنى بىلىدىغان مەمەت باقى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىرەر ئېغىز گەپ چىقىپ بولغىچە ئورۇنداپ بولمىسا ئۆزىنىڭ نەپرەتلىك تىل - ئاھانەت، ئاچچىق كىنايە ئارىسىدا قېلىشىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ، گۇناھ ئۆزىدە بولغاچقا ھىجىيىپلا قويدى. ئۆينىڭ نېرىسىغا، ئەزالارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۆزىنى يوشۇرۇشقا كۆزى يەتمەي بوسۇغا ئالدىدىلا چۆكتى. بىردەمدىن كېيىن، يەنە ھەممە نەرسە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. ئوتتۇرىدىكى ئۆپۈر - تۆپۈرچىلىقمۇ بېسىقتى. مەمەت باقى شۇ چاغدىلا ئۆي ئىچىگە زەن سالدى.

ئىككى تام ئۈيمىقى ۋە ئەزالار ئالدىدا تۇرغان سىرلانغان كونا ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە خىرە يېنىپ تۇرغان ساپال چىراغ نۇرى ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەر ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان بىلەن تېخىمۇ غۇۋالىشىپ يېنىپ تۇراتتى. ئۇ، خىرە چىراغ نۇرىدا ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭغا دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان تونۇش چىرايلار. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ تۇرسىمۇ ئاسانلا تونۇۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداق يېقىملىق، مېھرىبان چىرايلار ئۆز يۇرت، ئۆز مەھەللىسىدىلا ئۇنىڭغا قەدىرلىك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ يۇرتتىن مېھرىنى ئۈزۈپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇشۇ زېمىنغا كۆمۈلگەن. مۇشۇ مەھەللىنىڭ چېتىدىكى دۆڭلۈكتە. ئەسلىدە، دەل مۇشۇ ماخونىڭ ئورنى كونا زاراتگاھلىق ئىدى. بۇ يەرگە مەمەت باقىنىڭ بوۋىسى، مومىسى كۆمۈلگەن، كېيىن، تۈزلىنىپ كەتتى. بىر زامانلاردا ئاتىسى باقىكام ئۇنىڭغا: «ئوغلۇم، مازار بولمىغان دۆڭ قالمايدۇ، شەھەر بولمىغان مازار، دەپ مانا بۇ ماخونىڭ ئورنىدا بوۋاڭ بىلەن موماڭ ياتقان مازار بار، مۇبادا بىزدىن كېيىن قالساڭ ئالدىڭغا ئۇچرىغان سۆڭەكتىن

ھېزى بول، ئېلىپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەت» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋىدى. مانا ئەمدى شۇ ماخونىڭ ئىچىدە ئۆزى ئولتۇرىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۆزى ئولتۇرغان مۇشۇ بوسۇغىنىڭ تىۋىدە بوۋىسى ياتامدۇ تېخى، ئانىسىنىڭ ماخو ئىچىدە قالايمىقان تىزگە ئولتۇرۇپ قويماسلىقىنى تاپىلايدىغان ئىشى بىكار ئەمەستە...

ئەزالارنىڭ پىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارغا يەنە باشقىدىن زەن سالدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆز ئوقتى بىلەن بولغان بۇ كىشلەرنى ئۇچراتماق قىيىن، ھەتتا تۇرۇپ ئۇلارنى سېغىنىپ قالسەن، ئىككى ئېغىز مۇڭداشقىڭ كېلىدۇ، لېكىن، پەيتىنى تاپالمايسەن. ھەممىسى تىرىكچىلىك بىلەن ئۇيان - بۇيان چېپىشىپ يۈرىدۇ. بۈگۈنكىدەك كۈندە كەچ بولسىمۇ ئىش بولغاچقىلا بىرگە جەم بولۇشىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردىلا ئۇلارغا ئوبدان زەن سالغىلى، قىزىق كۆيۈك ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگە سېغىنىپ قاراشقا ۋاقت تاپقىلى بولىدۇ. نېمىشقىدۇ، مەمەت باقىغا ئۆز يۇرتىنىڭ ھەر بىر تال گىياھى، ئېتىزدا تەرگەن ھەر بىر تال ئاشلىقى، تاش توپىلىرىغىچە ناھايىتىمۇ ئەزىزدەك، بىر مىنۇتمۇ كۆز قىيالمايدىغاندەك، مېھرى - مۇھەببەت بىلەن يۈرىكىگە، تومۇردىكى قېنىغا سىڭىپ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. راست، شۇنداق بولۇش كېرەك. ئۇ، ئۆز يۇرتىنىڭ ئادەملىرىنى ئەنە شۇنداق ئۆلچەيتتى. ئۇنىڭ ئېتىزنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئىنتىلىپ، جان قېقىپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى.

مەمەت باقى ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئادەملىرىگە قاراپ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ كەتتى.

ئۇ، بۇ خىياللاردىن خالى بولۇشنى ئويلاپ، يېنىدا پىچىرلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالدى. ئۇلار دەل مەمەت باقىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار قۇرۇپ كېتىۋاتقان زىرائەتلىرىنى سۇغىرىۋېلىش ئۈچۈن سۇ نۆۋىتىنىڭ تېخىچە يېتىپ كېلەلمەيۋاتقانلىقى ھەققىدە زارلىنىپ ئولتۇراتتى.

— ئەزالار، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — غوپۇر دىققەت ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. ئەزالار جىممىدە بولۇپ، قۇلاق سېلىشتى، — مانا، بىزنىڭ توغرىلىققىمۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ياسىماقچى بولۇۋاتىمىز، قانداق، قۇلاققا ياقىدىغان گەپمىكەن؟

— ۋاي، شۇنداق بولمامدىغان! — ئەزالار غوپۇرنىڭ ئارقىسىدىنلا شۇنداق دەپ ئەگەشتى. بىزنىڭ مەمەت باقى ھەتتا ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئالدىغا سىلجىپ قويدى. ئالدىدا ئولتۇرغان لەيلىنامانىڭ مۆرىسىگە پاققىدە بىرنى قويۇپ:

— ئاجايىپ ياخشى ئىش بوپتۇ. جۇمۇ، ئاداش! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى. ئۆزىدىن كىچىك بىر يىگىتنىڭ «ئاداش» دەۋاتقىنىنى، يەنە كېلىپ شۇ گەپنىڭ مۇنۇ مەتىۋاقىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقىنى لەيلىنامانىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۆرلەتتى.

— دەرمانىڭ يوق ئارمان قىلامدىكىن، دېسەم، دەرمانىڭمۇ بار ئىكەن جۇمۇ سېنىڭ، — لەيلىنامان كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا گۈركىرىدى، — بازغاندەك قوللىرىڭ بىلەن شۇنچىلا قاتتىق ئۇرۇپ سەندەل كۆرۈۋىدىڭمۇ مېنى؟

مەمەت باقى خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئادەمنى، يەنە كېلىپ ئون - ئون بەش ئادەمنى ئۆزىنىڭ 500 مولۇق ئېتىزىدا ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان ھازىرقى بايىنى «ئاداش» دېگىنى تازا

uyghurkitap.com



دۇرۇس بولمىدى.

ــ خاپا بولما، لەيلىنامانكا، ــ دېدى مەمەت باقى خىجىل بولغىنىدىن گەدىنىنى قاشلاپ قويۇپ، ــ بۇ يەردە ھەممىمىز خۇشالغۇ، سەنمۇ خۇشال ئولتۇرساڭچۇ، بىزمۇ مانا مۇنداق چىراغپايلاردىن قۇتۇلساق، سەنمۇ لامپىلىرىڭدىن قۇتۇلساڭ قانداق ياخشى بولاتتى.

ــ ئالدىرىما تېخى، ــ دېدى لەيلىنامان بايىقى تەرىنى بۇزماي تۇرۇپ. ئۇ يېچىرلاپ سۆزلىسەمۇ، مەتۋاقى، ئېنىق ئاڭلىدى، ــ ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمە، مەتۋاقى، ئاڭلاپ تۇر. باشتا سۇيى بولىدۇ، ئايىغىدا پۇلى بولىدۇ تېخى. ئۇ چاغدا ئەتىكى ھالىڭ نېمە بولىدۇ، دېسەڭ ئاڭلايدىغان قۇلاق چىقماي قالىدۇ. ئۇ چاغدا مۇنۇ غوپۇر قورساقلىرىڭ دولىسىنى...

ــ خوش، مانا بۇ ئىستانسىغا سۇ باشلايدىغانغا، ــ ئارىدىكى ۋاڭ ـ چۇڭنى غوپۇرنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئۇنى بېسىپ چۈشتى. لەيلىنامانمۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئۈزۈپ ئالدىغا بۇرۇلدى. غوپۇر سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ يۇرتىمىزنى توغرا كېسىپ ئۆتىدىغان مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر غول ئۆستەڭ ئالىمىز. ئۆستەڭنىڭ تېگىنى قورام تاشلار بىلەن تىزىپ چىقىمىز. ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئەزالار، بۇ قېتىم بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىز ئۇ يۇرت بۇ يۇرت بويىچە ئىنتايىن كاتتا ئىش، بۇنداق قۇرۇلۇشنى ھەرقايسىڭلار جاھانغا كۆز ئېچىپمۇ كۆرمىگەن. ئەگەر بۇ ئىشىمىز قىرغاققا دەسسەپ قالسا، بىزنىڭ توغراقتىچۇ، ئىككى مىڭ بەش يۈز كېلىۋاتلىق توك چىقىرىدىغان جابدۇقلىرى بار بىر ئىستانسا قۇرۇلىدۇ. بۇ، بىر يىلدا...

ئۇ، دۇدۇقلاپ قالدى. يېنىدىن تىتلىسىپ پۈرلىشىپ كەتكەن قىزىل سۇلياۋ تاشلىق بىر خاتىرىنى چىقىرىپ ئۇنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن ۋاراقلاپ، يېرىم يېزىلماي قالغان بەتتە قاغا پۇتىدەك ئۇڭغۇل ـ دوڭغۇل يېزىلغان خەتلەرنى ھەجىلەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ــ مانا خالايىق، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، ــ داۋام قىلدى غوپۇر قورساق ئېسىلىپ چۈشكەن قورسىقىدا توختىمايۋاتقان تاسمىسىنى سىلىكىپ ـ سىلىكىپ قويۇپ، ــ بۇ بىر يىلدا ئون ئىككى مىليون سەككىز يۈز ئوتتۇز مىڭ ۋاتلىق توك چىقىرىپ بېرىدىكەن. ئۇ چاغدا ئاۋۇ ساپال چىراغتىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز. ئىككىنچى مۇھىم ئىش: دېھقانچىلىقتا سۇمۇ تارتىپ بېرىدىكەن. ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈۋاتىسىلەر، بۇغدايدىن مو بېشىغا بىر يۈز ئاتتە جىڭدىن ئالغىنىمىز نېمىلىكتىن؟ سۇنىڭ قىسلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بىزگە تەقسىم قىلىنغان ئاقئۆستەڭنىڭ سۇيى ئون بىر مىليون كۇب تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن توغراق، ئويىتوغراق، دۆڭتوغراق، ئاۋۇ يۇقىرىقى مەھەللە ئېتىزىدىكى ئىككى مىڭ ئوتتۇز بەش مو بۇغداينى سۇغىرىشنى قانداق قىلغۇلۇق، بۇ تۆكۈرگەنچىلىكمۇ نەم بولمايدىغان گەپتە. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ مۇنۇ تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدىكى نەچچە ئون مېتىر، ھەتتا نەچچە يۈز مېتىر قارا يەر باغرىدا گۈرۈلدەپ ئېقىۋاتقان سۇنى يەر يۈزىگە چىقىرىش كېرەك بولۇۋاتىدۇ، سۇنى قانداق چىقىرىمىز، سۇنى ئاۋۇ بېشىنى تاتىلاپ ئولتۇرغان مەتۋاقىنىڭ كۆك چامبۇل ئېشىكىنى چاقپەلەككە قېتىپ چىقىرىمىزمۇ؟ ياق، ھازىر ھەممە ئىش توك بىلەن، ماشىنا بىلەن بولۇپ كەتتى. توك نەدىن كېلىدۇ، ئىستانسىدىن...

ـــ مانا شۇ.. ـــ غوپۇر قورساق، كۆپچـ
لىك كېلىكدىن توختىغاندىن كېيىن داۋام
قىلدى، ـــ ئىستانىنى قۇرساق، ئېرىقىڭـ
دا سۇ تولۇپ ئاقسا، زىرائىتىڭنىڭ جېنى
ياشىرىدۇ. ئۆيىڭىمۇ يورۇيدۇ، مانا ئەمدى
ئاشۇ ئىستانىسىغا بىر مىليون بەش يۈزمىڭ
كوي پۇل كېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئون
نەچچە مىڭ كۇب مېتىر توپا، تاش، باشقا
لازىمەتلىكلەر لازىم بولىدىكەن، بۇنىڭغا توغـ
راق، دۆڭتوغراق، ئويتوغراق، يۇقىرىقى مەـ
ھەللىدىكى ئاشۇ سۇنى ئىشلىتىدىغان مۇشۇ ئولـ
تۇرغان قارا كۆزلەرگە ئوخشاشلار ئىشلەيـ
دىغان گەپ ئىكەن. قېنى، ئەزالار بۈگۈن
بىر نېمە دېيىشىپ باقىلى. شۇڭا سىلەرنى
كەچ بولىسىمۇ بۇ يەرگە يىغىپ كېلىپ
ئولتۇردۇق.

يېزا باشلىقى سۆزىنى تۈگىتىپ،
يېنىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ، تاماـ
كىسىنى پىنەكچە ئوردى، قېنىپ بىر شوـ
رىغاندىن كېيىن، كۆزىنى ئولتۇرغان ئەزاـ
لارغا بىگىزدەك تىكتى. مەجلىسخانا ئىچى
سۈكۈتكە چۆكتى. دېھقانلار قىيىن بىر
مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك يەرگە قاراشقىنـ
چە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

ـــ ھە، قېنى، تاڭغا چىشلىۋالغاندەك
ئولتۇرماي بىر نېمە دېيىشىپ باقمامسىلەر،
ئىشلەمدۇق - ئىشلىمەمدۇق، سۇ، توك لازىمـ
مۇ - يوق؟ ئادەم كۈچىنى چىقىرىش ـــ بۇ
بىزگە نەيزىدەك قادىلىپ تۇرغان بىردىنـ
بىر ۋەزىپە.

غوپۇر قورساقنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئەزاـ
لارغا ئېغىر بىر تەھدىتتەك تۇيۇلدى. ئۇـ
نىڭ: «سىلەرگە سۇ، توك لازىممۇ - يوق؟!»
دېگىنى ئەزالارنىڭ قۇلىقىغا سىلەرگە جان
كېرەكمۇ - يوق؟! دېگەندەك ئاڭلىنىپ،
يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قېلىشتى. بۇنداق
سەزگۈ ئالدى بىلەن مەمەت باقىدا كۆرۈلـ
دى. ئۇ، بەكمۇ ئىتائەتسەن، ياۋاش ئەـ
زالارنىڭ بىرى بولغاچقا ئەزەلدىن ئەترەتـ
نىڭ ئىشىدا بولسۇن، يۇقىرىدىن كەلگەن
«ۋەزىپە» ئاتلىق ھاشاردا بولسۇن، ئوخشاشلا
ساختىلىق قىلماي ئىشنى جانپىدالىق بىلەن
ئورۇندايتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بىر بۇرـ
دا نان، بىر چىمدىم ئۇن قالمىغان تەقدىرـ
دىمۇ، شۇ كۈنى «ھاشار» غا چىقىپ، ئۆـ
زىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپە- ئەمگەك
قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىكىنى ئورۇندىۋېـ
تىپ كېلەتتى. ئۇ، بۇنداق ئىشلاردا ھېچـ
كىمنىڭ تاپا - تەنە، ئاھانىتىنى ئاڭلاپ باقـ
مىغان. ئەمما ئۆزىنىڭ مىسكىن، ھېچكىمدىن
ۋە ھېچنېمىدىن سۇ ئىچمىگەن كۆڭلىنى بىـ
رەرسىنىڭ رەنجىتىپ، ئازار بېرىپ قويۇشىـ
دىن بەكمۇ قورقاتتى. مۇشۇ قورقۇنچ
ئۇنى ھەممىگە، جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشـ
نى يېڭىشقا، ئۆيىدە بىر چىنە داغ سۇ
ئوتلىسىمۇ، مۇبادا سوراپ قالغانلار بولسا،
ھازىر باياشات ئۆتىۋاتىمىز، دەپ جاۋاب
بېرىشكە ئۆگىتىۋەتكەن ئىدى. بۈگۈن يەنە
ئۆزىگە سىڭىپ كەتكەن ئاشۇ ئادەت، ئاشۇ
خىسلەت بويىچە ئىش تۇتماقچى بولغان
مەمەت باقى ئورنىدىن دەس تۇرۇشتىن ئىلـ
گىرى ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراپ باقتى.
ھەممە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىمجىت
ئولتۇراتتى، ھەتتا مۇنۇ لەيلىنامان دېگەنـ
لىرىدىمۇ، قېنى، باشقىلار ئېغىز ئاچسۇن،
دېگەننى قىلىپ بارماق قولى بىلەن يەرنى
جىجىلاپ، قانداقتۇر بىر ھېساب كىتاب
ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. مانا،
ئالدىدا سۆزلىسە، مۇشۇ سۆزلىسە بولاتتى.
ئۇنىڭ نېمىسى كەم. ھاشارغا ئادەم كۈچى

www.uyghurkitap.com

چىقىرالمىسا پۇل چىقارسىمۇ بولىدۇ. ئىشلىتىۋاتقان يىلىلىقچىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. قولىنى شىلتىپ قويسىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ كېلىدىغان دېھقان مۇشۇ مەھەللىدىنلا چىقىدۇ. يېڭى زاماننىڭ پۇلدار دېھقىنى نېمىدېگەن خەسىس بولۇپ كەتكەن. كىشى بېيىغاندا ئۆز مەھەللىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندىمۇ ئۆتەر كۆپۈرلۈق بارمۇ جاھاندا؟!

مەمەت باقى شۇلارنى ئويلىدى. قېنى قىزىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ ئۆزى سەزمەي قالدى.

— بىزگە بايا دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كېرەك، — دېدى ئۇ ئەتراپىغا يەنە بىر قۇر بويۇنداپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، — بۇ تېخى بىزگە سۇ، توك ئەكىلىپ بېرىدىغان ئىش تۇرسا بارمايدىغان ئىش بولامدۇ-ھە، لەيلىنامانكا، ئېيتىپ باقە؟

— يىگىتنىڭ تاۋىنى ياندۇرۇش ئەركەكنىڭ ئىشى ئەمەس، ئۇكا، — دېدى لەيلىنامان دەرھال جاۋاب بېرىپ، — بارغىن، ئىشلە. ئەردىن قالغان ئەر ئەمەس، بىزمۇ سەندىن قالىمىزمۇ ئۇكا، بېرىپ ئىشلەيمىز. ئۆزۈم بارالمىسام پۇل بېرىمەن. پۇل.

مەمەت باقى ئىچىدە خۇشال بولدى. تىنچ ئولتۇرغىنى بىلەن لەيلىنامانمۇ مەرد ئادەم ئىكەن. مەمەت باقىدەك «يالاڭتۆش» لەرنىڭ قول ئىلكىدە ھېچنېمە يوق تۇرۇپمۇ جان قېقىپ ئىشلەيمىز، دېگىنى ئۇنى مەيدانىغا سۆرەپ چۈشتى.

— ئاتام زاماندىن تارتىپ ئۆز يېزىمىزغا كەلگەن ھاشارغا جان قېقىپ ئىشلەپ كېلىۋاتىمىز، — داۋام قىلدى مەمەت باقى، — ئىشلىمەيدىغان نېمە ھەددىمىز.

— مەتۋاقى ئوغالبالىدەك گەپ قىلدى، — ۋارقىرىدى غوپۇر قورساق قوپاللىق بىلەن، — ھەرقايسىلىرى كۆن چىقمىسىمۇ كەچ بولىدۇ، دېيىشىۋاتاملا قانداق؟ قېنى ئىدىيىدە نېمە گەپ بار. مۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىمىز، ھاشارغا چىقمايمۇ قۇتۇلۇپ كەتكەن كۈنىمىز بارغۇ، دەپ ئويلىماڭلار. بۇ قېتىم كىمكى ئەمگەك كۈچى چىقارمايدىكەن، ۋەزىپىسىگە قىزىل تىيزا سانىسىمۇ بولىدۇ. ھە، قېنى، گەپ قىلىڭلار، ئېشىكى ئالتۇن سارايغا تېزەكلەپ قويغان كىشىدەك بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرماي گاچ-گۇچ گەپ قىلىڭلارچۇ؟!

ئۆي ئىچىدە يەنە بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەزالارنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى، كۆك تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىس تۈتۈنىدىن قىسقا، قاتتىق يۆتەلگەنلەرنىڭ ئۇنىدىن باشقا ھېچقانداق شەپە چىقمايتتى. ھەممە ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى. مەمەت باقى بايىقى ھاياجانلىق سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، جايىغا ئولتۇرۇپ ئەتراپىغا بىر قۇر كۆز قىرىنى تاشلىدى. ئولتۇرغانلاردىن بەزىبىرلىرى، ھەتتا لەيلىنامانىنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا كىنايە، تاپا-تەنە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدە قادىلىپ بىر قارىۋېتىپ، يېنىغا قاتتىق تۈكۈرۈپ قويدى. يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭغا ناھايىتى ھېسداشلىق قىلغان، ئېچىنغان قىياپەتتە بېشىنى ئىڭغاڭلىتىپ، ئېسىت، ئالدى بىلەن سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، جېنىڭنىڭ ئامانلىقىنى ئويلىساڭچۇ، سەھرالىق دېگەن ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چېلىشقا ئالدىرايدۇ، دېگىنى شۇدە، قېرى ئاناڭنى تاشلاپ قايسى ھاشارغا بارارسەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىپ، ئاستا پىچىرلىشاتتى. نېمە ئامال؟ ئۇنىڭ قولىدىن

كېلىدىغىنى شۇ. ھەر نېمە بولسىمۇ يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان ئىش ئىكەن. ئۇنى قوللاش بۇ بىرىنچى ئىش، ئاندىن پىداكارلىق بىلەن بېلىگە بىر توقاچىنى تۈگۈپ، ھۆرىسىگە چولاق كەتمەندىن بىرنى سېلىپ چىقىپ، بېلىنى چىڭ باغلاپ، قولىغا جىغراق تۈكۈرۈپ تۇرۇپ ئىشلەش كېرەك، بۇ ئىككىنچى ئىش. مۇشۇ ئىككى ئىش مەمەت باقى ئۈچۈن ئۆزگەرمەس ئادەت بولۇپ كەتكىنىگە يىگىرمە يىل بولدى. ئۇ، ئاتىسىغا ئەگىشىپ ئېتىز ئارىلاپ يۈرگەن بالا كۈنلىرىدە، ئاتىسىنىڭ، باشقا ئەزالارنىڭمۇ مۇشۇ ھەقتە سۆزلەشكەنلىرى قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ئون يىل ئۆتتۈپمۇ بۇ ئىشلار ئۇنىڭ ئېڭىدىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، ھەتتا تەقدىرىگىچە سىڭىپ كىرگەچكە، تەقدىر - پېشانىمىز شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئۇزۇل - كېسىل تەن بەردى. مەمەت باقىنىڭ بۇ تەرىپىگە كىشىنىڭ ئەقلى ھەيران بولمايتتى. ئۇ، بۇ ھەقتە ئويلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ بالا چېغىدىن بىللە ئويناپ ئۆسكەن، كېيىن ئوقۇپ يېزىلىق مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى بولغان مەردانىنىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالماي تۇرالمايتتى. مەردان گەرچە ئۆزى بىلەن تەڭ بولسىمۇ لېكىن، ئاشۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ ئۇنى ئەپەندىكا، دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭغا مەردانمۇ كۆنۈك ئىدى. مەمەت باقى بايا نامازشام ۋاقتىدا يىغىنغا كېلىۋېتىپ ئۇنى يولدا يولۇقتۇرغان. ئۇلار يازنىڭ كەچلىك سالقىن ھاۋاسىدا، يېشىللىققا پۈركەلگەن يول قىرىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكەن. ئۇ، مانا شۇلارنى ئېسىگە ئالدى.

— كەچ بولغاندا نەگە ماڭدىڭ؟ — سورىدى مەردان قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى بۈركۈتتەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ سۆزلەپ، — مەجلىس؟ بۇنداق كەچتە يىغىۋالىدىغان شۇنداق زۆرۈر ئىشمىكەن ئۇ. بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە يەنىلا بارالمايدىكەنسەن، بولمىسا رادىئودىن دۇنيا خەۋەرلىرىنى ئاڭلايتتۇق، ئۇنىڭدىن زېرىكسەڭ گېزىت ئوقۇپ بېرەتتىم. مەدەنىي ھايات دېگەن كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچىدۇ. بۇنى غوپۇر قورساق بىلەمدۇ؟ ئۇ، قاچانغىچە زامانىنىڭ رايىغا باقماي تۇلۇقىنى تەتۈر چۆگىلىتىپ يۈرۈيدىكىنە؟

مەمەت باقى ئۈنچىقمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ دېگەنلىرىدىن بىر كۆڭۈل خوشلۇقى سەزدى.

— گېزىتتە كۆردۈم، — داۋام قىلدى مەردان، — ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ھۆججەت چۈشۈرۈپ دېھقانلارغا تۈرلۈك سېلىق سېلىشقا بولمايدۇ، تۈرلۈك ناملار بىلەن ئىئانە توپلاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، دەپتۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— راستمۇ، — ھەيران بولۇپ سورىدى مەمەت باقى، — ھازىر غوپۇر قورساق ھەدېسىلا نامى ئېنىق بولمىغان قالدۇقلارنى يىغىپ يۈرۈيدۇ. بەرمىسەڭ پۇل دەيدۇ. ۋاھ، ئۇنىڭ قەدىمى يەتكەن يەردە پۇل تۆكۈلۈپ تۇرسا كۆڭلى ئېچىلامدىكىن؟

— بىزمۇ سەھرا بالىسى، قولىمىزدىن كىتاب چۈشمىگىنى بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە خەۋىرىمىز بار، دېھقانلارنىڭ ئېتىز - ئېرىقتا ئىشلەتكەن جۇغلانما كۈچى مەجبۇرىيەت كۈچىگە كىرمەيدۇ. كوللېكتىپ قالدۇق ئاساسەن ئائىلە ئىقتىسادىدىن كىرگەن كىرىم بويىچە چېچىلىدىغان گەپ،

بىلىسەنغۇ، يەرنىڭ مۇ سانى، ئەمگەك كۈ-
چۈڭگە قاراپ ھېسابلىنىدۇ...ماڭ تۇرە، ئەم-
دى مەجلىسىڭگە بار، كېچىكىپ قالساڭ
يەنە غوپۇر قورساق ئۆكتە قوپمىسۇن، يەنە
ئۇ چاغدا كۆڭلۈڭمۇ ئازار يەيدۇ ...

— مەتۋاقى، قوپمامسىلەر، ھەققىڭلار
قالمىغاندۇ ئەمدى، — دېدى باياتىن مە-
مەت باقىنىڭ نېرىسىدا ئولتۇرغان بىر مە-
ھەللىلىك ئىمام دۇمباق كۈلۈپ، — ئۇخ-
لاپ قالدىڭلارمۇ ـ يە؟

مەمەت باقى چۆچۈپ بېشىنى
كۆتۈردى.

— ئەتە يەنە كۈن بىلەن تەڭ كەت-
مەننى دولىغا ئالىدىغان ئىش چىقتى
مەتۋاقى، — ئىمام دۇمباق يەنە گەپ
قىستۇردى.

ئۇلار چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىق-
قاندا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە مەھەللى-
نىڭ چېتىگىچە بىللە بارىدىغان ئىمام دۇم-
باق، كېپى دارادىن باشقىلىرى ئاللىمۇ-
قاچان تاراپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۈچى بىر
ھازاغىچە جىمجىت مېڭىشتى. كېچە جىم-
جىتلىقىغا چۆككەن يېزا يوللىرىدا ئاياغ
تاۋۇشلىرى بارغانسېرى يىراقلاشقا باشلى-
دى. ئۇلار ئۆتكەن دەرۋازا ئالدىدا كېچى-
نىڭ ئويغاق قاراۋۇلى بولغان قورۇ ئىتلىرى
ھاۋشۇپ، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى.

— قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاداش، —
دېدى ئىمام دۇمباق ئارىدىكى گەپنى تېشىپ، —
دېھقان خەق دېگەن زادى بېكىرىسىغا
ئىشلەمدۇ، ئۆزىگە تەگكەن ئالقانچىلىك يەر-
دىن ئالىدىغان دارامىتىمىزمۇ توخۇغا دان
بولمايدۇ. ھەي، دېھقاننىڭ چاپىنى تىزى-
دىن ئاشىدىغان كۈنلەر كېلەرمۇ؟

— ئاچچىق ئۈچەيدىكى گەپنى قىلى-
دىڭ دۇمباق، — گەپكە قېتىلدى كېپى دا-
را، — مۇشۇ ئىشلارنى ناھىيە، شەھەردىكى
ئاغىنىلەر بىلەمدىغاندۇ، ئاڭلىشىمچە،
ئۇلار سىياسەتنى خېلى كەڭتاشا قىلىپ
ئەۋەتىدۇ دەيدۇ، بىزنىڭ مۇشۇ سەھراغا
كەلگەندىلا غوپۇر قورساقنىڭ يانچۇقىغا قاچى-
لىنىپ كېتىپ، ئاندىن ئۇ بىزگە سىقىمداپ،
چىمداپ يۇرۇپ خۇددى قۇرۇق ئۇن سەپ-
كەندەك قىلىپ گوللاپ قويىدۇ.

مەمەت باقى بۇ ئىككى ئاغىنىسىنىڭ
گېپىنى ئاڭلاپ چۈشىنىكسىز غودۇڭشۇپ
قويدى. ئۇ ئىچىدە بايا غوپۇر قورساقنىڭ
گەپلىرى بىلەن مەرداننىڭ گېزىتتە يازغان
گەپلەرنى ئوقۇپ بەرگىنىنى سېلىشتۇرۇپ
بىر خۇلاسىگە كېلەلمەي كېتىپ باراتتى.

ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇقالمىغان
ئىمام دۇمباق بىلەن كېپى دارا بىر ـ بىرى-
گە قارىشىپ قويدى. ئۇلار ئۆيلىرىگە كەل-
گەندە خوشلىشىپ كىرىپ كېتىشتى.

مەمەت باقى ئىشىك ئالدىغا كېلىشى
بىلەن تەڭ ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ
بوسۇغىدا ئولتۇرغان ئانا ئوغلىنى كۆرۈپ،
يېنىك تىن ئالدى.

3

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتمەي ناھىيە
بويىچە داغدۇغىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى
قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى. بۇ قۇرۇلۇشقا
يېزا ـ يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلار خۇددى
ئەتىياز كۈنلىرى ساي ـ سايدىن چۈشكەن
قىيان سۇلىرى بىر جىلغىدا قىسىلىپ ئاق-
قاندەك بۇ جىلغىغا جەم بولغانىدى. يىراقتىن
قارىغاندا سايىنىڭ تېشىدەك نۇرغۇن كۆرۈنگەن
دېھقانلار ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئىدى. ئەنە

شۇلارنىڭ ئىچىدە مەمەت باقىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى قاق سەھەردىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ شۇ كۈنى ئىشنىڭ باش بۇرنىغا كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن تۈن يېرىمىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈن بىلەن تەڭ بۇ ئورۇنغا يېتىپ كەلگەن. شۇ كۈنى ئۇنىڭ كەتمەن چېپىشمۇ باشقىچە بولغان. ئۇنىڭدا يول ھاردۇقىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ گىرسىلدىتىپ كەتمەن چېپىشى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. جان قېقىپ ئىشلەيدىغان بۇ يىگىتكە كىشىلەر زوق بىلەن قاراشقانىدى.

مانا بۈگۈن مەمەت باقى ئالدىدا توختىغان ئېشەك ھارۋىسىنى توپا بىلەن توشقۇزۇپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، بېلىنى بىر پەسكە رۇسلاپ، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۆزى ئىشلەۋاتقان بۇ يەر خۇددى سانسىز ھەرىلەر ئۆز كۆنىكىگە غۇژمەكلىشىپ غۇڭۇلداۋاتقانىدەك شاۋقۇن سۈرەنلىك ئىدى. ئۇ، ئۆتكەن ۋاقىتلاردىكى تالاي ھاشارلارغا قاتناشقان. ئۆستەڭ چېپىش، يول ياساش، ئورمان تىكىش، زەيكەش چېپىش، ۋاھاكازا، بۇ ئىشلارنىڭ، بۇ ھاشارلارنىڭ تولىقىدىن قايسى بىرىنى سۆزلەپ تۈگىتىدۇ. ئەمما ئۇ، ئۆز رازىلىقى بىلەن قاتناشقان بۇنداق نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرمىگەنىدى. بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلارنىڭ تەڭدىن تولىسى دېھقانلار ئىدى. ئۇ، شۇنچىلىك نۇرغۇن دېھقانلار قاتناشقان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ چوڭلۇقى زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە قىزىقتى. ئۇ، ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا غوپۇر قورساق بىلەن بىللە مەيداننى ئارىلاپ يۈرگەن كۆزەيىنەكلىك ئادەمدىن بۇ توغرىلىق ئەيمىنىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ يەرنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىر بىلگۈڭ كەپتۇ ـ دە، — دېدى كۆزەيىنەكلىك ئادەم ئۇنىڭغا مىيىقىدا كۈلۈپ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان غوپۇر قورساق، مەمەت باقىغا ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى بىلمەي، يەنە نېمە دەپ ئاتىكاچىلىق قىلىپ يۈرىسەن، دېگەنىدەك ئالىيىپ قويدى. لېكىن، كۆزەيىنەكلىك ئادەم ئۇنىڭغا ئېرەڭشىمىدى. مەمەت باقىغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلدى. ھەممىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويدى.

— ياسىلىۋاتقان بۇ سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى كۆلىمى زور، مۇرەككەپ، قۇدۇق شەكلىدە بولىدۇ. مانا دەل سەن كەتمەن چېپىۋاتقان جاينىڭ يەر يۈزىدىن سۇ چۈشۈش پەرقى 192 مېتىر بولىدۇ.

— ۋاھ ـ ھا! — ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇشتى.

— گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشساڭچۇ! — ۋارقىرىدى غوپۇر قورساق.

— بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، — داۋام قىلدى كۆزەيىنەكلىك سىپايىلىق بىلەن غوپۇر قورساقنى جىملەپ قويۇپ، كۆپچىلىككە قارىغان ھالدا، — قاتمۇ قات شەكىلدە ياسىلىدىغان سۇ باشلاش ئۆستىڭىمۇ بار. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئايىغىغا بىر مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك تۆت مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تەشمە تېشىلىدۇ. تەشمە چوققىسىنىڭ يېپىلىش قېلىنلىقى 25 مېتىر، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ يەنە 600 مېتىر ئۇچۇق ئۆستەڭمۇ بار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاش ياتقۇزۇش لازىم. بولمىسا ئىستانسا چۈشۈرگىسىگە قۇم توشۇپ كېتىپ، يىلىغا 11 مىلىيون ۋاتتىن ئارتۇق توك بېرىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىستانسىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. توك يوق، سۇيۇق دېگەن گەپ، بىلدىڭلارمۇ، مانا شۇنداق نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ ئىشلىگەندە بىلىكىڭلارغا كۈچ، تىزىڭلارغا ماغدۇر كىرىدۇ...

بۇ گەپتىن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزى ھاڭدەك ئېچىلىپ قالدى. مەمەت باقى قايسى ئۆستەڭ، قايسى تەشمە، نەچچە يۈز مېتىرلىق بولىدۇ دېگەن سۆزلەرنى كۆڭلىگە سىغدۇرالماي، بۇ سانلارنىڭ ئايىغىنى چىقىرالماي بېشى ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى ئۇ قاچانمۇ ئىشلەپ تۈگىتەر؟ 5 مو 3 فۇڭ يېرىدىكى بۇغدىيىنىڭ يېرىمى تېخى سۇغىرىلماي قېلىۋىدى. ئانىسىنىمۇ ئازغىنە نەرسىلەر بىلەن تاشلاپ كەلگەنىدى، قېرى مەزلۇم يىرىقىنى يېقىن قىلالمايدۇ، قىلغان تەقدىردىمۇ ئوغلى يىراقتا تۇرسا، گېلىدىن تۈزۈك بىر نەرسە ئۆتەمدۇ، ئېتىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۇ يېقىنمۇ بارالمايدۇ. ئارىلىقتا بىر بارسۇنمۇ - يە، لېكىن، رۇخسەت قىلمايدۇ. غوپۇر قورساق ئەزالارغا ھەرقانداق باھانە - سەۋەب بىلەن بۇ يەردىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇپ قويىدى، ئۇ بۇنداق چاغلاردا ئەزالارنى جازالاشتىن يانمايدۇ، شۇنداق قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، ناھىيە، ۋىلايەتتىكى باشلىقلارنىڭ كۆزگە ياخشى كۆرۈنەكچى...

مەمەت باقى ئەنە شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇپ كەتتى. لېكىن، بىرسىنىڭ مەتۋاقى، دەپ چاقىرىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. بۇ ئىمام دۇمباق ئىدى.

— مەھەللىدىن ئەپەندىكام كەپتۇ، — دېدى ئىمام دۇمباق نېرىدىكى دۆڭنى كۆرسىتىپ، — سېنى يوقلاپ كەلگەن چېغى، سەن بارغىن، مەن ھارۋىغا توپا ئۇسۇپ تۇراي.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەمەت باقىنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. ئانىسى ئۆيدە بىر نەرسە بولمىغاندۇ، تېخى بۈگۈن سەھەر ئانىسىنى چۈشەپ قېلىۋىدى، ئانىسى تونۇردىن يېڭىلا سويۇۋالغان نانلارنى مەمەت باقىغا بېرىۋاتقۇدەك، ناننى چوڭلار دىدار دېيىشىدۇ، راستىمدۇ، بەلكىم مەردان ئانىسىدىن خەت - خەۋەر ئېلىپ كەلگەندۇ - ھە؟!

مەمەت باقى شۇ ئويدا قولىدىكى كەتمىنىنى ئىمام دۇمباققا بەردى - دە، ئالدىراشلىق بىلەن مەردان ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان تۆپىلىككە قاراپ كەتتى.

— يائاللا، بىر تۇغقىنىم، ئاتام يوقلاپ كەلگەندەك خۇشال بولدۇم، ئاداش، — دېدى مەمەت باقى مەردان بىلەن ئالدىراپ كۆرۈشۈپ، — ئۆيدە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ياقەي، — دېدى مەردان مەمەت باقىنى خاتىرجەم قىلىپ، — كەتكىنىڭگە بىر ھەپتە بولماي كۆرگىمىز كەلدى سېنى، دوستلىرىڭ يوق باغدىن دوستلىرىڭ بار تاغ ياخشى ئىكەن. بۇ يەر دالا بولسىمۇ، سېنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى. بۈۋىخان ئاپامنىڭ ئەنسىرىشى مېنىمۇ ئارامىدا قويمىدى. سەن كېتىپ مەنمۇ غېرىبسىنىپ قالدىم.

— مەنمۇ شۇ، — گەپ قىستۇردى مەمەت باقى، — يېنىمدا مەھەللىنىڭ كىشىلىرى بولسىمۇ، ئارىسىدا يەنىلا سەن يوق، ھەركۈنى سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن، سەن دېگەندەك دوست - يارەنسىز ئۆتكەن كۈن قانىتى يوق قۇشنىڭ كۈنىگە ئوخشايدىكەن، ئاداش! خوش، بالىلىرىڭنى ئوقۇتماي، نېمىشقىمۇ ئاۋارە بولغانسەن، ئاداش،

كۆڭلۈمدىكى گەپ، خۇدا مېنى بىر تۇغقان ئېيتمىغان بىلەن ئاغىنىدىن ئېيتىپتىكەن، ساڭا كۆپ رەھمەت.

— يەنە قانچىلىك ئىشلەيدىكەنسىلەر، — دېدى مەردان سۆزىنى ئەتەي ئەپقېچىپ، ئۇ مەمەت باقىنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر كۆز سالدى، دولىسىغا قونغان چاڭ - توزانلارنى قېقىشتۇردى، ئايىغىغا كۆزى چۈشكەندە، بىر پەس قادىلىپ تۇرۇپ قالدى. مەمەت باقى ئۆزىنىڭ يىرتىلىپ ھېچ ھالى قالمىغان، ئاجراپ چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن شوينا بىلەن باغلىۋالغان يىرتىق كۆك چۈخىيىغا قاراپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— ھازىر بازاردا ئاياغ نەرخى ئاسمان بولۇپ كەتتى، ئاي - دالا بولغاندىكىن، يۈرۈپ تۇرمامدىمەن، مەھەللىگە بارغاندا ئېلىۋالارمەن، — دېدى.

— مۇنۇ ئايىغىمنى كىيگىن، — دېدى مەردان پۇتىدىكى شىبلىتىنى يېشىۋېتىپ، — مۇنۇ چاپىنىمنىمۇ ئالماشتۇرۇپ كىيىپ تۇر.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، ئۆزۈڭمۇ ئۆيۈچاقلىق تۇرساڭ، سەكسەن تەڭگە پۇل بىلەن كۆنىگىنى تەستە ئېلىۋاتىسەن.

— ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يولى ئاداش، — دېدى مەردان كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ، ھەر نېمە دېگەن بىلەن ھەر ئايدا ئۈچ - تۆت تەڭگە قولۇمغا كىرىپ تۇرىدۇ. بىز سەن بىلەن مال - دۇنيا ئۈچۈنلا ئاغىنە ئەمەسقۇ، نېمە ئانچە خىجىل بولىسەن، جاھان ئۆزگىرىپ كېلىۋاتىدۇ، دېھقانىنىڭمۇ نېنى پۈتۈن بولۇپ قالار. شۇ كۈنگە ئېرىشكىنىڭدە، بىزنى يوقلىساڭمۇ تېخى ئۈلگۈرىسەن. ھازىرچە بارىنى كىيىپ، ۋەزىپەڭنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆيۈڭگە تېزرەك قايتىشنىڭ يولىنى قىل.

— كونا ۋەزىپىنى تۈگەتسەڭ، يەنە يېڭىسىمۇ بار ئوخشايدۇ، — مەمەت باقى يەرنى جىجىلاپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — كۆز مۆلچەر قىلغاندا، يېقىنقى كۈنلەردە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئاداش، شورىمىز قۇرىغان ئادەملەر ئىكەنمىز. ئاپىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم دېھقان بولىدىغان ئوخشايدۇ، نېمىدېگەن تۈگىمىگەن بىتەلەيچىلىك بۇ. بىزنىڭ دەردى - ھالىمىزغا يېتىدىغان بىرەر كىشىمۇ چىقىپ قالار، بىزنى ذوپۇر قورساقلا باشقۇرمايدىغاندۇ؟!

مەمەت باقىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئىككى دوستىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېغىر جىمجىتلىق چۈشتى. ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى، ئۆز ئارزۇسى ۋە ئۆز ھەسرىتى ھەققىدە ئويلاپ، بىر پەس جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— سىلەر ئىشلەۋاتقان بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا يۇقىرى يېتەرلىك مىقداردا مەبلەغ، ماددىي كۈچ ئاجراتقان، — مەردان جىمجىتلىقنى بۇزدى، — بۇنىڭدا دېھقانلارنى بېكارغا ھاشارغا تۇت، دېگەن گەپ يوق. بۇ ذوپۇر قورساقنىڭ ئىشى بولمامدۇ، سېنىڭدەك بېچارىدىن قانچىسى بار بۇ يەردە، سەن كېتىشىڭ بىلەن ئەتىيازدىكى ئوسىغا قانمىغان يەرگە تېرىغان قونىقىڭ ئەمدى ئاران تاختا بوپتۇ، سۇ نۆۋىتىڭ كەپتىكەن، ئۆتۈپ كەتمىسۇن دەپ سۇغىرىپ قويدۇم، دېگەندەك ئەمەس. بۇغدىيىڭمۇ تاكاللاڭ بوپتۇ، ھەي ئۆزۈڭ بولساڭ ياخشى بولاتتى.

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بىزنى بۇ يەرگە موللىغا تاپشۇرغاندەك ذوپۇر قورساققا تاپشۇرۇۋەتكەن، كەتسەم ھازىرلا

ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىدۇ. ھەر ـ ھەر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. بۇ نېمە ئىدى؟ يىغلاپ، قاقشاپ بۇمۇ تۈگەپ كېتەر.

— ئۇ، دېگىنىڭمۇ راست، — دېدى مەردان ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ،— ئەل نېمە بولسا سەنمۇ شۇ بولارسەن، ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە ئەمەسمۇ، گېزىت، رادىئولاردا دېھقانغا سىياسەتنى شۇنداق ياخشى تەشۋىق قىلىدۇ، غوپۇر قورساقلا بۇ گەپلەرنى ئېغىزىغا ئالمايدۇ، كىشىنى رەللە قىلىدۇ، بوپتۇ. جاھان بىر چەتتىن ئوڭشىلىپ كېلىۋاتىدۇ، غوپۇر قورساقنىڭمۇ كەشى توغرىلىنىپ قالار. سەن بىلەن بىز تېخى كەڭرى جاھاننى كۆرىمىز.

— ۋاي تاڭەي، ئاڭغىچە قۇيرۇقىمىزنى قۇم باسارمىكىن؟

ئىككى دوست ئەنە شۇنداق پاراڭلار بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ ئايرىلىشتى.

4

مەمەت باقى شۇ ئىشلىگىنىچە يەنە تولۇق ئون بەش كۈن ئىشلىدى. ئۇلار ئىشلەۋاتقان يەر يەنە يىگىرمە مېتىرچە چوڭقۇر قېزىلىپ چۈشتى. ئۆتكەندە، غوپۇر قورساق مۇشۇ يەرنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى دەپ تونۇشتۇرغان پاكار، دوغىلاق، كۆزەينەكلىك يەنە ئۇلارنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى. ئۇ، ئىشلارنى بىر قۇر كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن، بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ يەردىن توپا تارتىشنىڭ تەسلىكىنى كۆرۈپ، ھارۋىلارنى توختاتتى. قاپ بىلەن يۆدۈپ ياكى زەمبىل بىلەن توپا توشۇشنى ئېيتتى. نۇرغۇن ئادەملەرنى كەتمەنچىلىكتىن ئېلىپ، توپا توشۇشقا سالدى. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدە مەمەت باقىمۇ بار ئىدى. ئۇ، دەسلەپتە بۇ ئىشنى خورلۇق ھېس قىلدى، ئۇنىڭ نەزەرىچە بۇنداق ئىشلارنى خوتۇن كىشىلەر قىلسا بولاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ۋىجدانى كۆتۈرمىدى. ئۇ، غوپۇر قورساققا باشقا بىر ئىش قىلىش ھەققىدە ئېيتىۋىدى، غوپۇر قورساق ھازىرقى مۇھىم ئىش توپا تارتىش، دەپ ئۇنىمىدى.

مەمەت باقىنىڭ مۇنداق گەپنى قىلغانلىقىغا ھەيران بولغان غورپۇر قورساق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— ئازراق بولسىمۇ جېنىڭنىڭ ئارامىنى ئىزدىسەڭچۇ ئەخمەق! — دېدى.

ئۇ، بۇ گەپنى مەمەت باقى ئاڭلىمىدى دەپ ئويلىۋىدى، لېكىن، ئۇ ئېنىق ئاڭلىغاچقا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئادەمنىڭ ھەققىنى يەر قايتۇرىدۇ جۇمۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، بالدۇرراق پۈتتۈرسەك ئۆيدە ئېلېكتىر چىرىغىنى ياقىدىكەنمىزغۇ، ئېتىزغىمۇ سۇنى مولراق ئاققۇزىدىكەنمىزغۇ.

غوپۇر قورساق بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ، مەمەت باقىنىڭ غەيرىتىگە ھەيران قالغانىدى. ئۆز ئىشىم دېگىنى راست ئۇنىڭ. ئوغۇلبالا ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان تەرىپىنىلا ئويلىمىسا شۇنداق مەردانە بولىدىكەن ـ دە.

غوپۇر قورساق ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن كۆچۈردى ـ دە:

— ۋاھ ـ ھا! ھەممە ئادەم سېنىڭدەكلا بولسىغۇ، بىزمۇ ئىشلە دەپ ئۇلارنىڭ بېشىدا دېۋەيلەپ تۇرۇۋالمايتتۇققۇ، بولدى، ئەمدى تاغىرىڭنى كۆتۈرۈۋەرگىن، — دېدى.

ئىستانسا ئۇرنى چوڭقۇر قېزىلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئورۇندا ئىشلەش بارغانسېرى بەك قىس-
ىمنىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مىغىلداپ، بىر-
بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۇرغان كىشىلەر ئۆز
ھەلەكچىلىكى، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلى-
لىشقا ئالدىرايتتى، توپا قاچىلانغان قاپنى
مۈرىسىگە سالغانلار، زەمبىل كۆتۈرگەنلەر
بىر - بىرىگە قارىماي توپا تۆشۈيتتى. بار-
غانسېرى تىكلىشىپ كېتىۋاتقان قۇدۇق
شەكلىدىكى بۇ ئىستانىسا چوشۇرگىسى ئىچى-
دىن ئۈچەيدەك تار ئېلىنغان يول بىلەن
تاغاردىكى توپىنى كۆتۈرۈپ چىقىش بەكمۇ
تەس ئىدى. مۇنداق چوڭقۇر، ئايلانما
يول ئۇلارنى بارا - باراھالدىن كەتكۈزۈش-
كە باشلىدى.

چىڭقى چۈش ئىدى. پىژغىرىم ئاپ-
تاپ يالىڭاچ تەنلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆتەتتى.
بۈگۈن چۈشۈرگىنى پۈتتۈرۈشنىڭ ئاخىرقى
كۈنى بولغاچقا، غوپۇر قورساقنىڭ كۆرسەت-
مىسى بويىچە «ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىش
روھى» بىلەن ئىشلەپ پۈتتۈرۈۋېتىش بەل-
گىلەنگەنىدى. شۇڭا چۈش بولسىمۇ ھېچ-
كىم دەم ئېلىشقا پېتىنالمىدى. ئەتىگەن
ئاغزىغا سالغان يېرىم توقاچ نان، يىسلمان
چاي بىلەنلا يىگىرمە بەش مېتىر چوڭقۇر-
لۇقتىكى يەرگە بىرەر يۈز قېتىم چۈشۈپ-
چىقىش مەمەت باقىنىمۇ پۈتۈنلەي ماغدۇ-
رىدىن كەتكۈزگەنىدى.

كۈن پېشىندىن قايرىلغان بولسىمۇ،
تېخى ئىشتىن چۈشۈشنىڭ ھېچقانداق دېرى-
كى يوق ئىدى. مەمەت باقىنىڭ بارغانسېرى
قورسىقى تارتىشىپ، تېنى تىترەشكە باش-
لىدى. كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، بېشى قايغان-
دەك بولۇپ، تېنى شۈركەنىدى. ئۇ، ئۆمى-
رىدە بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدى، ئەمدى
نېمە بولغىنى. راست، ئانىسى ئۆزى يېمەي

ئىچمىسىمۇ مەمەت باقىغا يېگۈزەتتى، ئىچ-
كۈزەتتى ئەمەسمۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ ھالى-
دىن كىم تۈزۈك خەۋەر ئالىدۇ.

مەمەت باقى ئەنە شۇلارنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزۈپ، بىر ئاياغ ئارانلا سىغقۇدەك
تار يولدا مۈرىسىدىكى قاپنى سىلكىپ -
سىلكىپ قويۇپ سەنتۈرۈلۈپ مېڭىشقا
باشلىدى. ئۇ، ئېسىنى يىغىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ
تۇرغان يېرىدىن ئېگىشىپ تۆۋەنگە قارىدى.
قىيپاش قېزىپ چۈشۈرۈلگەن 25 مېتىر
چوڭقۇرلۇقتا ئىشلەۋاتقان ئادەملەر ئۇنىڭغا
ناھايىتى ئۇششاق چۈمۈلىلەردەك ئىمىر-
چىمىر بولۇپ كۆرۈندى، ئۇ، ئۆزىنى
تۇتۇۋېلىپ، مۈرىسىدىكى تاغارنى سىلكىپ،
ئۆزىنى بىرئاز ئوڭلىۋالغاندىن كېيىن،
ئالدىغا بىر قەدەم باستى. ئۇ دەسسىگەن
چەت گىرۋەك گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. مەمەت
باقى ئۆز سالمىقىنى تۇتالماي تۆۋەنگە
دومىلاپ چۈشۈپ كەتتى...

قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. ھەممە
ئۆز ئىشىنى توختىتىپ، مەمەت باقى
دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەن تەرەپكە
يۈگۈرۈشتى.

مەمەت باقىنى باش - كۆزى يېرىلغان
ھوشسىز ھالدا قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

— مەتۋاقى قېنى؟ قېنى؟! — يىغلى-
غان كىشلەر ئارىسىنى قاق يېرىپ لەيلىنا-
مان يېتىپ كەلدى، — قېنى، سەن مەتۋا-
قى، پالاكەتكە يولۇققان قېرىنىدىشىم، يالغۇز
ئاناڭغا ئەمدى نېمە دەيمىز قېرىنىدىشىم؟

لەيلىنامان ئاشۇ گەپلەر بىلەن مەمەت
باقىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ باش -
كۆزىنى سىلاپ، قۇچىقىغا ئالدى.

— سىز ئاكىسىمۇ؟ — باشقىلار سورى-
دى ئۇنىڭدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياق، ھەممىمىز بىر مەھەللىلىك، — لەيلىنامانىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى يېڭىلا يېتىپ كەلگەن ئىمام دۇمباق، — ھوي، كىپىي دارا، بول، ئىشەك ھارۋا تاپ، دوختۇرغا ئاپىرايلى.

— مانا مەن، مەنمۇ شۇ، — كىپىي دارا ئالدىغا ئۇچرىغان ئىشەك ھارۋىسىدىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ، يىغىلغان توپ ئارىسىدىن ھەيدەپ كەلدى، — مانا، مانا بول، ئاۋايلا، بىر يېرى ئاغرىپ كەتمىسۇن!

ئىمام دۇمباق بىلەن كىپىي دارا مەمەت باقىنى ئىشەك ھارۋىسىغا سېلىپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل ساي يولدا ناھىيىگە قاراپ يول ئالدى.

قىيامىغا يەتكەن كۈن تونۇردەك قىزدۇراتتى. مەمەت باقى ھارۋا ھەربىر سىلكىنگەندە كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك قىلىپ ئىڭرايتتى. ناھىيىگە يەتكۈزۈش، ئۇ يەردىن دوختۇرخانىغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە ئوتتۇز بەش چاقىرىم يول يۈرۈش كېرەك. ئۆلگۈچە دۇمبا يېسىمۇ بىرەر قېتىممۇ ئىتتىكلىشىپ باقمايدىغان مىس - مىس ئىشەك ئىمام دۇمباقنىڭ پەركايىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

— ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگىچە پاكارنىڭ جېنى چىققىنى راست ئىكەن جۇمۇ ئاداش، — دېدى كىپىي دارا، — نېمانچىلا دۇمبالايسەن بۇ ئىشەكنى، ئىگىسىگە تېرىسىنى تاشلاپ بەرمىگىن يەنە.

— دەيمىنا، — دېدى ئىمام دۇمباق تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، — بايا غوپۇر قوساققا ئىشەك ھارۋىسىدا قاچان يېتىپ بارىمىز، ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەم چۈشكەن ماشىنىدا ئاپىرىپ قويسا بولمامدۇ، سەن دەپ باقساڭ دېسەم، قوتۇر كالىغا يوغان مۈڭگۈز يارىشاتتىمۇ، دەيدۇ، قارا. دېمىسىمۇ، مەتۋاقىدەك غېرىپ - مۇساپىرغا ئەدىكى ماشىنا دېگىنە.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن ئاداش، — دېدى كىپىي دارا ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئۆزى ئۈچۈن ئۇخلىغان ئادەم كىشى ئۈچۈن چۈش كۆرەتتىمۇ؟ كۆزەينەكلىك ئادەم دېگەنلىرىڭ يەرگە دەسسەيمۇ، دەسسىمەيمۇ دەپ يۈرۈدىغان بەگزادىلەردىن دېگىنە.

— ئات ھارۋا بەرگىن دېسەم، غوپۇر قورساق بۇ يەردىكى ئىشنى قانداق قىلىسەن دەۋاتىدۇ تېخى، دىدى. — ئىمام دۇمباق ئاچچىقى بىلەن، — ئەگەر ماۋۇ قېرى مىس - مىس ئىشەك بولمىسا زەمبىلگە سالاتتۇقمىكىن - تاڭ؟! غوپۇر قورساق نېمە دەيدۇ تېخى، بۇ پالاكەت بىزگە بىر زەمبىل يۈك بولدىمۇ نېمە، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ، كۆڭلۈم غەش بولدى، چىشلىرىم گەز - گەز بولۇپ كەتتى، ئامال قانچە، ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، ھەممە دەردىمنى ئىشەكنى دۇمبالاش بىلەن چىقاردىم.

دەل شۇ چاغدا توپىلىق يولدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر ماشىنا يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە چىپپىدە توختىدى. ماشىنا ئىچىدىن ئۆتكەنكى كۆزەينەكلىك ئادەم چۈشتى.

— دەرھال ماشىنىغا سېلىڭلار، — دېدى ئۇ، ھارۋىدا ياتقان مەتۋاقىغا سىنچىلاپ قاراپ، — سىلەر بايا ماڭا خەۋەر قىلساڭلار بولمامدۇ، بولۇڭلار، بىرەر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە.

كىپىي دارا بىلەن ئىمام دۇمباق بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. كىپىي دارا:

— مانا، بايا نېمە دەۋاتاتتىڭ؟! — دېدى.

— دەيمىنا.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. ئىمام دۇمباق ھارۋىنى ئېلىپ كەينىگە قايتتى. كېپى دارا مەتۋاقىنى ئېلىپ ماشىنا بىلەن دوختۇر خانىغا كەتتى.

جىدديي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە پال كۆز دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ، مەمەت باقىغا بەل ئومۇرتقىسى چىققان. باش سۆڭىكى يېرىلىپ، مېڭە سىلكىنگەن، دېگەن دىئاگنوزنى قويدى.

— رەسمىيەت، — دېدى دوختۇرلاردىن بىرى، — ئالدى بىلەن رەسمىيەت ئۆتەڭلار.

كېپى دارا بالنىتسىغا ئېلىش بۆلۈمىدىن قۇرۇق يېنىپ چىقتى. بۇنى كۆرگەن كۆزەينەكلىك ئادەم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— رەسمىيەت ئۆتىدىڭىزمۇ؟

— بەش يۈز سوم پۇل تاپشۇرۇڭلار، دەيدۇ، شۇ تاپتا تېيىن بولمىسا مەندە.

كۆزەينەكلىك ئادەم يېنىدىن قەغەز-قەلەم چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئىككى ئېلىك خەت يېزىپ بەردى. كېپى دارا خەتنى كۆتۈرۈپ رەسمىيەت ئۆتەش بۆلۈمىگە كىرىۋىدى، خەتنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بالنىتسىقا يېتىش رەسمىيىتىنى دەرھال ئۆتەپ بەردى.

— خىزىرغا يولۇقۇپتۇق مەتباقى، — دېدى كېپى دارا ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، پۇلغا تەقەززا بولۇۋىدۇق، مانا ھەل بولدى. بۇمۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ راپاۋىتى. ئاشۇ كۆزەينەكلىك زادى قانداق ئادەمدۇ؟

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ، بۆلۈمگە مەردان كىرىپ كەلدى.

— سەنمۇ كەپسەن - دە، — كېپى دارا ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، — ياللا ۋاقتىدا كەپسەن، پۇل لازىم بولۇۋاتىدۇ پۇل، ھازىرغىچە خەت يېزىپ بەردى، لېكىن، بوغالتىرى پۇل تاپشۇرمىساڭلار بولمايدۇ، دەيدۇ.

— يۈر، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — مەردان كېپى دارانى باشلاپ بوغالتىر بۆلۈمىگە چىقتى.

بوغالتىر بۆلۈمى ئۇلارنى سوغلا قارشى ئالدى.

— قۇرۇق قەغەز بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، — دېدى بوغالتىر ئۇلارغا، — خەتنىڭ يۈزى بىلەن بۆگۈنچە قوبۇل قىلىمىز، ئەتىگە پۇل تاپشۇرمىساڭلار داۋالاشنى توختىتىمىز.

ئۇلار خېلى دەۋالاشتى. بوغالتىر يەنىلا پۇل تۆلىمىسەڭلار بولمايدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن مەردان:

— دۇنيا پۇل بىلەنلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك قىلىسىلەر، سىلەر پۇل بىلەن جان ئالالايسىلەر، ئەمما پۇل بىلەن ئىنسانغا ھايات ئاتا قىلالمايسىلەر! — دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاغزىدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدى. ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپتى، كۆزلىرى سىرتقا چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچەيدى.

— دوختۇر خانىنى بېشىڭغا كىيىپسەنغۇ! ؟ — كىمدۇ بىرى مەرداننىڭ مۈرىسىنى تۇتتى. ئۇنىڭ قېشىدا لەيلىنامان بىلەن ئىمام دۇمباق تۇراتتى.

— بولدى قىل، — لەيلىنامان يانچۇقىنى تۇتتى، — مانا پۇل، پۇل بىلەن ھەر قانداقىنى ئۆرۈپ يىقىتىمەن جۇمۇ!؟

ھەممە تەڭلا خۇشال بولدى. ئىش ئوڭشالدى.

5

مەمەت باقى دوختۇرخانىدا ئۈزۈن يېتىپ قالدى.

ئۇنىڭ داۋالىنىش پۇلى تۈگەۋاتاتتى. ئۇ، ھادىسىگە ئۇچراپ دوختۇرخانىغا كەلگەندىن كېيىن، بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ئىستانىسىدىن ھېلقى كۆزەينەكلىك ئادەم كېلىپ ھال سوراپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇز سوم پۇل بىلەن يېمەك - ئىچمەك ئېلىپ كەپتۇ. مەممەت باقى بۇنىڭغا خۇش بولدى. خۇشال بولدىلا ئەمەس، ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك، ئەڭ ئەتىۋارلىق ئادەم ھېسابلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇنى غەم، ئەندىش، قورقۇنچلۇق خىياللار چىرمىۋالدى. ئانىسى بىرقانچە قېتىم كەلدى. ئۇنىڭ كەتكۈسى يوق، لېكىن، ئېتىزدىكى ئىشنىڭ تۆپىسىدە ئۆزى تۇرمىسا بولامدۇ.

—جېنىم بالام، ساڭا كەلگەن بۇ دەرت — ماڭا كەلسىچۇ، سەن قىلىدىغان ئىشلارنى مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

ئانا ھەر قېتىم كەلگەندە ئەنە شۇ گەپلەرنى قىلاتتى. ئوغلىنىڭ داۋالىنىشى ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى، ئوغلىنىڭ تويىغا دەپ ساقلاپ يۈرگەن بىر جۈپ ئالتۇن زىرىسىنى ساتتى. بۇ پۇللارمۇ چاغ كەلمىدى. ئاخىر پۇل تۈگىگەنلىكتىن، ئۇنى دوختۇرخانىدىن چىقىرىۋەتمەكچىمۇ بولدى. ئىستانىسىدىنمۇ، يېزىدىنمۇ مەردان بىلەن مەممەت باقىنىڭ ئاپىسىدىن باشقا ھېچكىم كەلمىدى. بەزىدە مەممەت باقى ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇپ زېرىكىپ كېتەتتى. گويا بۇ دۇنيا، بۇ دۇنيادىكى ئۇنىڭ تونۇشلىرى، جېمىكى ئەل - ئاغىنىلىرى، مەھەللە جامائەتلىرى ئۇنى ئەستىن چىقىرىۋەتكەندەك، مەممەت باقىدەك بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلىشتى. مەممەت باقى ئۇلارنى غايىۋانە قارغىدى. زېرىكىشلىك كۈنلەرنىڭ ئاخىرى تۈگەيدىغاندەك قىلمايتتى. دوختۇرلارمۇ ئۇنى داۋالاپ زېرىككەندەك ئۇنىڭ يېنىغا يولىماس بولدى. مەممەت باقى ئايىغى چىقماس خىياللارغا بەنت بولۇپ، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

—ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازىمەن، ئۇنىڭدىن پۇل تەلەپ قىلمايمەن، تاپقان پۇللىرىمدىن چوتۇر ئايرىيدىغان ئىشىمۇ بار ئىدىغۇ، شۇنىڭغا كەتكەن بولار. تىككەن كۆچەتلىرىمگە قونغان پۇلنىڭ بىرەر پىرسەنتى بولار.

— مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ئۆزلىرى ئىئانە توپلىدى. ئۇلار مەممەت باقىنىڭ بۇنداق پالاكەتكە يولۇققىنىنى ئاڭلاپ ئۆيىگە، مومايغا ياردەم قىلىشتى. خامانىنى ئېلىشتى. مومايىنى خاتىرجەم قىلدى، پاھ بالىلارنىڭ كۆڭلى نېمىدېگەن پاك، ئۇلار نېمە دېگەن سەمىمىي ۋە مېھرىبان، مەن ئىلگىرى ئەۋلاتلار ئۆز غېمىنى يەيدىغان ئادەم بولۇپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيتتىم، ياق، ياق ھەرگىزمۇ ئۇنداق بولمايدىكەن...

مەممەت باقى غۇۋا چۈش كۆرگەندەك قىلدى، قۇلىقىغا يېرىم - ياتا كىرگەن بۇ گەپلەردىن كۆزىنى ئېچىپ قارىدى. ئۇنىڭ كاردىۋىتىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە مەردان بىلەن لەيلىنامان ئولتۇراتتى.

—سىلەر قاچان كېلىۋىدىڭلار؟— مەممەت باقى كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ سورىدى، — ئۇخلاپ قاپتىمەن. مەن ئىككىڭلارنى چۈشۈمدە كۆرگەندەك قىلىۋېدىم.

—چۈشۈڭ ئەمەس، مانا يېنىڭدا

تۇرىمىزغۇ ئاغىنە، — مەردان كۈلۈپ ئۇنىڭ-
غا قول ئۇزاتتى. بىر تېرە بىر ئۇستىخان
بولۇپ قالغان قوللىرىنى ئاۋايلاپ قىسىپ
قويدى، — بىز سېنى ئىزلەپ چىقىپ كەت-
كىلى كەلدۇق.

— پۇل... — مەمەت باقى گېپىنىڭ
ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— پۇل دېگەن يانچۇقتا دۆك، قورق-
ما — دېدى لەيلىنامان، — بۇ پۇللارنى سەن
ئۈچۈن خەجلەيمەن. سەندىن ئاشسا ئان-
دىن يەر ئۈچۈن خەجلەيمەن.

ھەممە تەڭلا پاراققىدە كۈلدى. مە-
مەت باقى تۇنجى قېتىم كۈلدى. ئۇ، چىڭ
كۈلۈۋەتكەچكە ئومۇرتقىسى ئاغرىپ، پېشا-
نىسىدىن قارا تەر تەپچىپ چىقتى...

— ئاغىنىلەر، لەيلىنامانكا، — دېدى
مەمەت باقى ھارۋىدا كېتىۋېتىپ تىترى-
گەن ئاۋازدا، — سىلەر بولمىساڭلار بۇ
دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولاتتىم.

— ياقەي، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دې-
دى مەردان ئۆز دوستىنى كايىپ، — پۇل
بولسا نېمە، يوق بولسا نېمە؟ ھەممىسى
ئوخشاشلا گەپ. بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن
ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەكقۇ.
ئەمما، تەقدىر ساڭا بۇ راھەتنى نېسىپ
قىلمايۋاتىدۇ، خەير، بىر كۈنى بولمىسا
بىر كۈنى نېسىپ قىلىپ قالار. ياخشى
كۈنلەرنىڭ كېلىشى يىراق ئەمەس. شۇ
كۈنلەر كەلگەندە مەردان دۇرۇس ئېيتىپ-
تىكەن دەپ قالارسەن. دېھقاننىڭ نالى-
پەريادى يەردە قالغىنىنى نەدە كۆرگەن-
سەن، دېھقاننىڭ يەردىن باشقا نېمىسى
بار. بىر پاتمان ئالتۇنۇڭ بولغۇچە بىر
تاپان يېرىڭ بولسۇن دېگەن يەرلەر شۇ-
دە، دېھقاننىڭ يېرى ئۇنىڭغا ھەممىنى

بېرىدۇ. شۇ قاتاردا ساڭىمۇ بىر كۈنى
ئايىماي ئېتىكىڭگە تۆكىدۇ....

بۇسۇغىدا ئانا ئوغلىنى باغرىغا باس-
تى. مەمەت باقى بەل ئومۇرتقىسى بىلەن
سول پۇتىدىن ئايرىلسىمۇ، لېكىن جاھان-
نى قاراڭغۇچىلىق باسقاندا ئۆيىنىڭ ئوتتۇر-
سىدا خۇددى ئاسماندىن ئېسىلىپ چۈشكەن
يۇلتۇزدەك چاراقلاپ يېنىۋاتقان ئېلېكتر
چىرىغىدىن بەك مەمنۇن ئىدى. ئۇ،
ئۆزى ئېسىگە كەلگەندىن بېرى كۆ-
رۈپ كېلىۋاتقان، ئىسى پۇقىراپ چىقىدى-
غان قارا جىن چىراغتىن قۇتۇلغىنىغا بەك
خۇشال ئىدى.

— ئاپا، ئاۋۇ جىنچىراغنى ئەمدى
تاشلىۋەتسەڭچۇ، — دېدى بىركۈنى مەمەت
باقى كۆزىنى توك چىرىغىنىڭ ئۆت-
كۈر شولىسىدىن توسۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى
كۆزۈم كۆرمىسۇن ئۇنى، نېرى تاشلىۋەتكىن
يەنە ئۆيىمىزگە كىرىۋالمىسۇن.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە بالام، — ئانا
ئوغلىغا نەسىھەت قىلغاندەك سۆزلىدى، —
بىر كۈنى ئۇنىڭمۇ لازىمى بولۇپ قالىدۇ.
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن توك چىرىغىنىڭ
يورۇقىدا ئولتۇرۇش بىزگە نېسىپ بولۇ-
ۋەرمەس، بالام. سەن بىلەن بىز غېرىپ-
مۇساپىر بولۇپ قالدۇق، مۇبادا...

ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەت-
تى، مەمەت باقى ئانىغا تىكىلدى. ئانا گې-
پىنى يۆتكىۋالدى.

— بۇ چىراغ ئاپام ياققان چىراغ.
موماڭ ماڭا تىكىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنى-
دۇ ماڭا. دادام بىر كۈنى بىر كۈن كەچكى-
چە مەنسۇر شاڭيۇغا ئىشلەپ، كەچتە بەر-
گەن ئازراق نەرسىنى ئالماي، ئاشۇ
چىراغنى بەرگىن دەپتۇ. شۇنىڭدىن كې-

كېيىن ئاپام ھەجىرنىڭ كەينىنى ئۆرۈپ پە-
لىنىڭ ئېشىپ، چىراغ قىلىپ ياقىدىغان ئىش-
لىرى تۈگەپتىكەن. بۇ چىراغ ئۇلاردىن
قالغان بىردىن بىر مىراس دېگىنە. ئۇنى
قانداق تاشلاي.

— توك چىرىغى ئەمدى بىزگە نېسىپ
بولىدۇ ئاپا، — مەمەت باقى ئانىسىنىڭ كۆڭ-
لىنى تىنىچلاندۇردى، — مۇشۇ ئىش ئۇ-
چۇن بەلدىن، بىر پۇتۇمدىن ئايرىلدىم.
بۇنىڭغا ئانچە ئۆكۈنمەيمەن. لېكىن سا-
ڭا قىيىن بولدى، ئۆينىڭ پۈتۈن ئېغىر-
چىلىقى، ئېتىزنىڭ ئىشلىرى ساڭا قالدى.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە بالام، كۆڭ-
لۈڭنى ئەسكى قىلما، بالىنىڭ پوق - سۈيدۇ-
كى ئانىغا ئېغىر كەلگىنىنى سەن نەدە
كۆرگەن. كۆزۈم يۇمۇلۇپ كەتكۈچە سېنىڭ
قېشىڭدا، ئوتۇڭدا كۆيۈپ، سۈيۈڭدە
ئاقاي بالام.

شۇ كەپنىڭ ئۇستىگە غوپۇر قورساق
كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ناتونۇش
بىر ئادەم يار ئىدى.

— ھەربىر ئائىلىگە ئېيىغا بەش
سومدىن توك پۇلى كەپتۇ، — دېدى ئۇ قو-
لىدىكى تالۇننى پۇلاڭلىتىپ، — ئالتە ئاي-
لىق ئىكەن. ئوتتۇز سوم پۇلنى بىر ھەپ-
تىگىچە تاپشۇرۇپ بەرمىسەڭ مانا مۇنۇ
يىگىت توك سىمىڭنى كېسىۋېتىدىكەن.

— ھال - ئەھۋالىمىزنى ئۆزۈڭ بىلى-
سەنغۇ بالام غوپۇرجان، — دېدى ئانا يالۋۇ-
رۇپ، — ئوتتۇز سوم تۇرماق ئوتتۇز سوقۇر-
تېيىنمۇ يوق، بىر تەڭگە بولسىمۇ يەر-
دىن ئالىدىغان بالام مانا مۇشۇ توك ئۇ-
چۇن ئىشلەپ بەل - پۇتىدىن ئايرىلىپ
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. مېنىڭ قې-
رى جېنىم نېمىگە كارغا كېلىدۇ.

— بولمايدۇ، — دېدى غوپۇر قورساق، —
باھانە - سەۋەب كۆرسىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇلار كەتتى. ئانا بىر ھەپتىگىچە
توك پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرەلمىدى، لېكىن
توك ئوخشاشلا يورۇۋەردى. ئانا ئۇلار-
نىڭ بىزنى قورقۇتۇپ ھەيۋە قىلىپ قويغى-
نى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى.

— ئاپا، توك سىمىنى كېسىۋېتەرمۇ،
قانداق قىلىمىز، ئاران ئۇلاپ بەرگەنتى
باللار، — مەمەت باقى ياتقان يېرىدە
تۇرۇپ شۇ سۆزنى قىلدى.

— خۇدا ساقلا، بالام، ئىنسابىنى بې-
رەر ئۇلارنىڭ، بولمىسا قاراڭغۇدا قالىمىز
بالام.

ئانا تېخى ئوغلىغا شۇ جاۋابنى بې-
رىپ تۇرغاندا، ئېلېكتىر چىرىغى لاپپىدە
ئۆچۈپ قالدى. مەمەت باقى ئۆيگە چىققان-
دىن بېرى، توك چىرىغىنىڭ ئۆچۈپ قې-
لىشىمۇ مۇشۇ ئىدى.

— مانا دېمىدىممۇ، — زارلاندى مەمەت
باقى.

ئانا ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۆي ئىچىنى
گۆرۈستان قاراڭغۇلۇقى باستى. ئۇلار ئىك-
كىسى بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ
قالدى. يەنە چىراغ يورۇپ قالار دەپ
ئويلاشتى ئۇلار. ئاخىرى چىراغ يورۇشتىن
ئۈمىدى قالمىغان ئانا - بالا غەم ۋە ھەسرەت
ئىچىدە قالدى. ئۆيدىكى جىم - جىتلىقنى
ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بۇزدى. ئانا
قاراڭغۇلۇقتا ئاستا مىدىرلىدى.

— كىم؟

— بۇ مەن.

— ھە، ئەپەندى بالام ئىكەنغۇ.

مەردان ئۆيگە كىرىپ، سۇپىنىڭ گىر-
ۋىكىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن

ئېغىر بىر خورسىنىش ۋە ئېچىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— يەنە جىن چىراغقا قالدۇق ئەپەندى بالام،— دېدى ئانا ئۆز ئۆيىدەك بولۇپ كەتكەن مەردانغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ،— غوپۇرجان كېسىۋېتىمىز دېۋىدى، دېگىنىنى قىلغان چېغى.

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ،— ئويلىنىپ قالدى مەردان،— ئۇنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئىش كېلىدۇ، كېسىۋېتىدۇ، ئۇ بۇنداق ئىشلارغا يۈگۈرۈك، ئەمما، سېنىڭ بۇ ھالىڭنى نېمىشقا نەزەر كۆزىگە ئالمايدۇ.

— جاھاندا مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن-ھە؟!— مەمەت باقى ئىككى قولىغا تايىنىپ ئولتۇرماقچى بولىۋىدى، تۇرالمىدى. بېلى ئاغرىغانلىقتىن يەنە يېتىپ قالدى،— ئۆز ۋاقتىدا ئىستانسىغا جان قېقىپ ئىشلىۋدۇق، مانا ناكامۇ بولدۇم. ھالىڭ نېمە دەيدىغان گەپ يوق تېخى، قاراڭغۇدا قويۇۋاتىدۇ، ئېيتقىنا، قەرزگە كىم تېنىۋالىدۇ. كېيىن بەرمەيمىزمۇ؟!

— راست، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىغا قىل سىغاتتىمۇ، بەرمەيتتۇقمۇ، نېمە ئانچىلا قىستىماق ئەمدى، ھېچبولمىغاندا بىزنىڭ بالىنىڭ ئاشۇ توك زاۋۇتىغا كۈچ قاتقىنىنى ئويلاپ قويۇشسا بولمامدۇ،— ئانا ئاشۇ سۆزلەرنى قىلىپ ئارقىدىن كۆز يېشى قىلدى. ئۆي ئىچىنى يەنە ئېغىر قايغۇلۇق ھالەت قاپلىدى. بۇ يەردە ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتقۇدەك مەرداندىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ئەمدى ئانا-بالا ئىككىسىگە دالدا بولالمايتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئانا قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا توپا بېسىپ ياتقان قارا جىن چىراغنى تېپىپ ئۇنى ياقتى. ئۆيدە يەنە خىرە-



شىرە چىراغ شولىسى پىلىلداپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئاپا، قارا چىراغنىڭ خىرە شولىسىغا ئادەتلىنىپ كەتكەنغۇ بىز،— دېدى مەمەت باقى ھەسرەت بىلەن،— بۇ ئىش بىزگە ئېغىر كەلمەيدۇ.

مەمەت باقى شۇ ياتقىنىچە قىشنى ئۆتكۈزدى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازدا ئۇنىڭ سەللىمازا ساقىيىپ يەر دەسسەپ تۇرۇشىدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغان كۈنلەردە مەردان بىر توپ ناتونۇش، ئەمما ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك ئادەملەرنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— مەمەت باقى، مېھمانلار سېنىڭ ھالىڭنى سوراپ كەپتۇ،— دېدى مەردان

مېھمانلار پەگادىلا سۇپىغا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، — سېنىڭ ھالىڭنى، سېنىڭ كۆڭلىڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولار.

مەمەت باقى ئۆيگە كىرگەن بۇ ناتونۇش مېھمانلارغا ئېرەڭسىزلىك بىلەن قارىدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقان غەزىپىنى باسالماي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن غوپۇر قورساقنى ھە دەپ ئىزدەيتتى. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئۇ كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم مۇنۇ مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقاندۇ، ئۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان گەپلىرى، كۈلكىلىرى ئەمدى توغراقنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كېلىۋاتقان باغلىرىدا جاراڭلاپ كېتىۋاتقاندۇ. سوۋغا ـ سالام، ئەيشى ـ ئىشرەت، يۇقىرى ئۆرلەش ئۈچۈن، يەنە يېڭىدىن شوتا قويۇشلار ئۈچۈن يېڭىدىن، يېڭى قەدەملەرنى بېسىۋاتقاندۇ...

— سەن ئىزدەۋاتقان ئادەم ئەمدى بۇ يەردە يوق، — دېدى مەردان كۈلۈپ، — بۇندىن كېيىنمۇ بولمايدۇ.

مەردانىنىڭ بۇ سۆزى مەمەت باقىنىڭ خىيالىنى قاپ بېلىدىن تېپىۋەتكەندەك قىلدى. ئۇ باشقىچە بىر تۇيغۇ بىلەن مېھمانلارغا قارىدى. ئۇ غوپۇر قورساق بىر ئىش بىلەن بۇ ئۆيگە كىرىپ قالغاندا دائىم تۇرىدىغان يەردە تۇرغان ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى. بۇ كىم؟ ئۇ بۇ كىشىنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىدۇ، نەدە كۆرگەندۇ. راست، ئۇ بۇ ئادەمنى ئىستانسىدا غوپۇر قورساق بىلەن بىللە كۆرۈۋىدىغۇ، غوپۇر قورساق ئۇنىڭغا بەكمۇ يېلىنىپ يۈرۈۋىدى، ئەمدى غوپۇر قورساق بولمىسىمۇ بۇ ئادەم يول تېپىپ ماڭالايدىكەنغۇ، ئۆتكەندە غوپۇر قورساق ئۇنى ماڭالمايدىغاندەك يېتەكلەپ يۈرۈۋىدى.

— بىزنىڭ ھالىمىزنىمۇ؟ — مەمەت باقى خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھمانلارغا تەكشى قارىدى، — مانا بىزنىڭ ھالىمىزمۇشۇ...

— بۇندىن بۇرۇن ھالىمىزنى سوراپ نەچچىسى كەلگەن، — دېدى ئانا مەيۈسلىنىپ، — قۇرۇق گەپ بىلەن مۆشۈك ئاپتاپقا چىقاتتىمۇ؟

ئانا ئوچاق بېشىدا ئۆچۈپ قالاي دېگەن قوقاسنى تارتىپ ئۇشتۇپ، قوراي پارچىلىرىنى تاشلىدى.

— ئاپا، — مەمەت باقى ئانىغا يالت قىلىپ قارىدى. ئۇ ئانىنىڭ ئاغزىدىن پۈسۈقتا قوپال سۆزلەر چىقىپ كېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيتتى.

— ئانا، كۆڭلىڭىزدىكى گەپلەرنى دەۋېرىڭ، — دېدى ھېلىقى كۆزەينەكلىك ئادەم، — نېمە ئەرز ـ شىكايىتىڭىز بار، قىيىنچىلىقچۇ؟ دەۋېرىڭ، بىز چىن قەلبىمىزدىن تىڭشىغىلى كىردۇق.

مەمەت باقى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. ئانا ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ روھلاندى.

— بالامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتاي دېسەم... — ئانا ئاخىرقى گېپىنى دېيەلمىدى. ئۇ، يۈرىكى تىترەپ، ئاۋازىنى رىتىم بىلەن چىقىرالمىدى. ئاھ، ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى تۇغۇلغاندا، بۇ ھاياجان ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىقماق نېمانداق تەستۇ، خۇددى تۈگمەن تېشى كۆكرىكىنى بېسىپ سېنى ئورنىڭدىن دەس تۇرۇشقا يول قويمايۋاتقاندەك قىلىدۇ.

— دەۋېرىڭ، — دېدى مەردان.

مەمەت باقى تورۇسقا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى تورۇستا سىمى كېسىلگەن چىراغقا چۈشتى.

— بۇ ئىشلارنى ئاڭلىدۇق، — دېدى
بايىقى كۆزەيىنەكلىك ئادەم مەمەت باقى-
غا كۈلۈپ قاراپ، — سىلەرنى ئۇلاۋاتىدۇ، بۇ
ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭلار.

مېھمانلار مەمەت باقىغا بىرمۇنچە
ياخشى گەپلەرنى قىلدى، تەسەللى بەردى.
بۇنىدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە
سۆزلەپ ئورنىدىن قوزغالماقچى بولۇشتى.

— توختاپ تۇرساڭلار، — دېدى مەمەت
باقى ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى
تىترەپ چىقتى، — كۆڭلۈمدە بىر تۈگۈن
تا ھازىرغىچە يېشىلمەي كېلىۋاتىدۇ.

— قېنى دەۋېرىڭ، — كۆزەيىنەكلىك
ئادەم ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىدى، ئورۇنلىرىدىن
قوزغالغان باشقا مېھمانلارمۇ مەمەت باقىنىڭ
بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ توختاپ قېلىشتى.

— مەن دەيمەن، — دېدى مەمەت باقى
كۆكرەك قەپىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس
ئېلىپ، — بىزدەك دېھقان خەقنىڭ بېشىدى-
كى ھاشارلار قاچان تۈگەر.

— بىز دەل مۇشۇ ئىش بىلەن يېزىغا
كەلدۇق، — دېدى كۆزەيىنەكلىك ئادەم، —
مەن مۇشۇ يېزىدا قالىدىغان بولدۇم، سىلەر
بىلەن بىللە ئىشلەيمەن.

— ھاشارغىمۇ بىللە بارارمىز، — كۈلدى
مەمەت باقى.

ھەممە پاراققىدە كۈلۈشتى.

كۆزەيىنەكلىك ئادەم قېتىلىپ كۈل-
دى، ئۇ ھەممىگە بىر تەكشى قاردۇەتكەنـ
دىن كېيىن:

— ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالماي
تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا ھۆججەت چۈشۈرۈپ،
دېھقانلارغا تۈرلۈك سېلىق سېلىشقا بولماي-
دۇ. تۈرلۈك ناملار بىلەن سېلىق سېلىپ،
ئىئانە توپلاشقا بولمايدۇ.

مېھمانلار كېتىشتى، ئۇلار مېڭىشتىن
ئىلگىرى ئارىدىكى بىر ياش يىگىتكە مەمەت
باقىنىڭ ئېتىز ئىشىدىن تارتىپ ئائىلە ئىش-
لىرىغىچە جېكىلەپ تاپشۇردى.

— ئاھ، بۇ كۈنلەر راست كەلدىمۇ،
يالغانمۇ؟ — ئانا مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ،
مەردان بىلەن بىللە ئۆيگە قايتىپ كىرى-
ۋېتىپ بۇ گەپلەرنى قىلدى.

مەردان ئۆيدە ئانا ۋە ئۆزىگە ئۈمىد
بىلەن تىكىلىپ تۇرغان مەمەت باقىنىڭ
يېنىغا تىزلاندى، ئۇنىڭ بوينىدىن مېھرىبان
دوستلاردەك چىڭگىدە قۇچاقلاپ دېدى:

— دوستۇم، بىلىۋاتامسەن، ھازىر ھۆ-
كۈمەت كۈچ تەشكىللەپ، دېھقانلارنىڭ سېلى-
قىنى ئېنىقلاش، رەتكە سېلىشنى تەكشۈرۈ-
ۋاتىدۇ. مانا بىزنىڭ بۇ يەرگىمۇ يېتىپ
كەلدى. سېنىڭ ھالىڭ نېچۈك دەيدىغان
ئادەملەر كەلدى. غوپۇر قورساق كەشنى
تۈگىرىلدى. مانا شۇنداق، ئەمدى پەلەك
ياخشىلىققا قاراپ چۆگىلەيدۇ، سېنى داۋا-
لاپ ساقايتىمىز دېدى. بۇ يەردە ساقايمىسا
ئىلىدا، ئۇ يەردە بولمىسا ئۈرۈمچى، شاڭ-
خەيلەرگىمۇ ئاپىرىشقا بەل باغلىدى. ئاپىمىز
دائىم، بۇلبۇل قەدرىنى باغ بىلمەس،
ئاغرىق دەردىنى ساق دەپ غوپۇردىن كۆڭلى
سۇ ئىچمىگەنىدى. مانا ئەمدى يېزىمىزغا
يېڭىدىن كەلگەن باشلىقتىن سەۋەب تاپىدى-
غان بولدۇق، زاۋاللىق ئۆيىمىزدىن قوغلى-
نىدىغان بولدى. مانا ئەمدى پەلەك ئوڭغا
چۆگىلەيدىغان بولدى، ياخشى كۈنلەر كې-
لىدىغان بولدى، ياخشى كۈنلەر...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

مۇھەممەت ئىسمايىل

# تەڭرىتاغ سادالىرى

## ئوتتۇرا ئاسىيا تەسىراتلىرى

گۈلدۈراس ئالقىش - چاۋاكلار ۋە كەينى - كەينىدىن تەقدىم قىلىنغان گۈلدەستىلەر قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي تىياتىرخانىسىنى دوستلۇق كەيپىياتىغا تولدۇرغانىدى. كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالغان بۇ سەنئەت كېچىلىكى ھاياتىمىزدا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. 1990 - يىلى 19 - نويابىر كېچىسى ئالمۇتا شەھىرىدىكى قازاقىستان مەركىزىي تىياتىرخانىسىدا جۇمھۇرىيەتنىڭ قازاق تىياتىرى بىلەن ئۇيغۇر تىياتىرى تەرىپىدىن ئالاھىدە تەيىنلەنگەن بىر جۈپ ئۇيغۇر - قازاق قىزلىرى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قازاقىستان خەلقىگە تەقدىم قىلماقچى بولغان سەنئەت نومۇرلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئۇسسۇلچىسى خەلچەم سىدىقنىڭ ئورۇندىشىدىكى «دولان ئۇسسۇلى» بىلەن باشلانغان بۇ سەنئەت كېچىلىكى بىردىنلا تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. سەنئەتكارلارنىڭ تولىمۇ نازاكەتلىك نەپىس سەھنە ھەرىكىتى ۋە پۈتكۈل بەدىنىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان گۈزەل سەھنە خۇلقى ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ قانچىلىك ۋايىغا يېتىپ يۈكسەلگەنلىكىنى ۋە دىلرابالىقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. سەنئەتچىلىرىمىز توغرىسىدىكى سەنئەت خەۋەرلىرى جۇمھۇرىيەتلەر ئارا چىقىرىلىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوشۇمچە نۇسخىسى — «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 22 - ۋە 24 - نويابىردىكى سانلىرىنىڭ مۇھىم سەھىپىلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ شۇ كۈنلەردىكى خەۋەرلەر ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ گېزىتلەر باسقان خەۋەرلەر ئىچىدە شۇ كېچىلىك سەنئەت توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەنئىتىنى ئىپادىلەپ، ناخشىچىلاردىن جاڭ لى، قازاق قىزى گۈلەن ئەخمەتجان قىزى تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلغان ناخشا كېچىلىكىدە، بولۇپمۇ تۇرسۇنئاي ئىبراھىم، كۈرەش رەجەپ، دىلدار ۋە باشقا تالانتلىق ئۇسسۇلچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايىش قىلدى. كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھارىتىنى نامايىش قىلىش بىلەن بىللە 1956 - يىلى موسكۋا شەھىرىدە

ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلار دۇنيا فېستىۋالىغا قاتنىشىپ، داڭلىق قەشقەر راۋابىنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى ياڭراتقان داۋۇت ئاۋۇت ئورۇندىغان «مېنىڭ راۋابىم»، «تاشۋاي» سازلىرى، ناخشىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلىدىغان ئىززەت ئىلياسنىڭ «سالام، لۇتپۇللا» ناخشىسى، ئاجايىپ جاراڭلىق ئاۋازلىرى بىلەن تاماشىبىنلارنى ھاياجانغا سالغان نۇرمۇھەممەت تۇرسۇننىڭ «مىزان گۈل»، «دولان سەنىمى» ناخشىلىرى ئۇلارنىڭ يۈكسەك تالانتىنى نامايان قىلدى. شۇڭلاشقا بۇ كونسېرت نومۇرلىرى داۋاملىق قىزغىن ئالقىشلارغا ئىگە بولۇپ، سەنئەتچىلەرگە ئۈستى - ئۈستىگە گۈللەر تەقدىم قىلىندى.

بۈگۈنكى سەنئەت كېچىلىكىگە قازاقىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 - سېكرېتارى، جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ، قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، ھازىرقى زۇڭلىسى ئۇ. كارامانوۋ، جۇمھۇرىيەت مەدەنىيەت مىنىستىرى م. ئەخمەتوۋا قاتارلىقلار قاتناشتى. ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ شۇ مەزگىلدە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئاپتونوم رايونىنىڭ ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۆمەك ئەزالىرى قاتناشتى. ئۇلار قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھېسسىياتىدا چوڭقۇر تەسىراتلار ھاسىل قىلغان بۈگۈنكى كونسېرت ئاياغلىشىش بىلەن خەلقئارادا «ناخشا - ئۇسسۇل» ماكانى ئاتالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن سەنئەتچىلەرگە قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ نامىدىن چوڭ گۈلدەستە تەقدىم قىلدى.

قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە كېيىنى - كېيىندىن ئۈچ كۈن ئۇدا قويۇلغان ئويۇن جامائەتچىلىك ئىچىدە زور ۋەقە بولدى. گېزىت - رادىئو ۋە تېلېۋىزورلاردا بۇ ھەقتە ھەر كۈنى كەڭ تۈردە خەۋەرلەر بېرىلدى. بۇ ھەقتىكى پاراڭلار ھەممە يەردە سۆزلىنىپ تۇردى. قازاقىستان تالدىقورغان ئوبلاستى ۋە يەركەنت، چۇنجا، چېلەك قاتارلىق ئۇيغۇر رايونلىرىدىن ئايىمىقى ئۈزۈلمەي تاماشىبىنلار كېلىشتى، ئۇلار سەنئەت ئۆمىكىنى ئۆز يۇرتلىرىغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلىشتى، ھەتتا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى تۇرغان مېھمانخانىغا كېلىپ رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشتى. گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزور مۇخبىرلىرى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئارتىسلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى.»

«كوممۇنىزم تۇغى»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنىڭ 24 - نويابىر سانىنىڭ 1 - بېتىدە «مۇستەھكەملىنىۋاتقان دوستلۇق» دېگەن تېمىدا بىر بەتلىك مەخسۇس زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلىندى. بۇ خەۋەردە ئۆمەك يېتەكچىسى، ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشان نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ بىر قۇچاق گۈلدەستە تۇتۇپ تۇرغان چوڭ سۈرىتى بېرىلدى. زىيارەت خاتىرىسىدە مۇنداق يېزىلغان: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ناخشىچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇلبۇلى ئاتالغان پاشا ئىشاننىڭ بۇ سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە جۇمھۇرىيىتىمىزگە كېلىشى مىللىي سەنئەت تارىخىدىكى مۇھىم

www.uyghurkitap.com

ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ كونسېرتتا ئۇنىڭ سەھنىگە چىقىشىنى تاماشىبىنلار تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. شۇڭا بەستكار سەنئەتكارنىڭ سەھنىگە چىقىشى بىلەن پۈتكۈل زال ئىچىدە قىزغىن ئالقىشلار، تەبرىك چاۋاكلار، گۈلدەستىلەرنى تەقدىم قىلىشلار بىر ھازاغىچە داۋام قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئورۇندىشىدىكى «لىۋەن يارلار»، «تاغ سۇلىرى»، «ئانا مېھرى» قاتارلىق ناخشىلار بىردە كۆكتىكى لاچىنىنىڭ پەرۋازىدەك بىپايان بوشلۇققا ئۆرلەپ، بىردە يېنىك پەپىلەپ ئۆتكەن مەيىن شامالنىڭ تەسىرىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس شىۋىرلاشقان گۈل ياپراقلىرىنىڭ تىۋىشىدەك نازۇك سېزىملار ھاسىل قىلاتتى. ئاتاقلىق ناخشىچى ئۆزگىلەر تەرىپىدىن ھېچ تەكرارلانمايدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا خاس ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى بۇ قېتىم يەنە بىر نامايان قىلدى.» گېزىت مۇخبىرى زىيارەت خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىسىدا پاشا ئىشان بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتى توغرىسىدا مۇنۇلارنى يازغان:

«كونسېرت ئالدىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ناخشىچىسى پاشا ئىشان بىلەن سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى ۋە شەخسەن ئۆزىنىڭ پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا بىرنەچچە سوئاللار بىلەن مۇراجىئەت قىلدۇق: «پاشا خانىم، ئەڭ ئالدى بىلەن سىزنىڭ جۇمھۇرىيىتىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇن مىڭلىغان گېزىت ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە سىزنىڭ تالانتىڭىزغا قايىل خەلقىمىز نامىدىن تەبرىكلەيمىز.»

پاشا ئىشان: «رەھمەت، مەنمۇ بۇ يەردىكى ئەزىز دوستلار بىلەن يەنە بىر قېتىم دىدارلىشىشنى ئارمان قىلىپ يۈرەتتىم. يەنە بىر قېتىم دېگىنىم، 1956 - يىلى كەڭ كۆلەمدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۆمىكى تەركىبىدە سوۋېت ئېلىگە چىقىپ، قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى سەنئەت مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇچراشقانىدىم. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يىللىق مېھرى بىلەن قارشى ئالغانلىقى ھېلىغىچە يادىمدا ئىدى.» «بۇ قېتىمقى سەپىرىڭلاردىكى ئاساسىي مەقسىتىڭلار نېمىلەردىن ئىبارەت؟» پاشا ئىشان: «مەلۇم دەۋر ئۈزۈلۈپ قالغان دوستلۇق رىشتىمىز قايتىدىن ئۇلاشتى. كىشىلەرنى ۋە مەملىكەتلەرنى بىر - بىرىنى چۈشىنىشكە ئېلىپ كېلىشتە بەلگىلىك رول ئوينايدىغان سەنئىتىمىزنى بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە تونۇشتۇرۇش.» مۇخبىر: «ئانسامبىلىڭلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئېيتىپ بەرسىڭىز.» پاشا ئىشان: «بىزنىڭ بۇ سەنئەت ئۆمىكىمىز 1949 - يىلى تەشكىل قىلىنغان، شۇندىن بېرى ئۇ ھەر جەھەتتىن يىلدىن يىلغا كېڭىيىپ، ئارتىستلىرىمىزنىڭ ئىجرا قىلىش ماھارىتى ئۆسۈپ، كامالەتكە يېتىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ تەركىبىدە 300 دىن ئارتۇق ئارتىسىمىز بار. بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزدە ئۇنىڭ 32 ئەزاسى بىلەن كەلدۇق. بىز پات - پات شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلىرىدە كونسېرت كۆرسىتىش بىلەن بىللە مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە ۋە مەركىزىي شەھەرلىرىدە سەپەردە بولۇپ تۇرىمىز. كېيىنكى يىللاردا چەت ئەللەرگە چىقىشىمىز كۆپەيدى. بۇ بىزنى ھەرقايسى ئەللەردىكى سەنئەت مۇخلىسلىرىغا خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى باي

سەنئەتنى تولۇقلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بىز شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىزكى، ھازىر ئۆمىكىمىزدىكى تالانتلىق ياشلىرىمىزنىڭ سېپى بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ داڭلىق سەنئەتچىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.»

سۆھبەت ئاخىرىدا مۇخبىر پاشا ئىشاننىڭ سەنئەت يولىدا بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى ۋە ئىنتىلىشلىرى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە رولى ھەققىدىمۇ قىزغىن پاراڭلاشتى.

بىز سوۋېت قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىدە بولغان كۈنلەردە كۆپلىگەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىلەن ئۇچراشتۇق. قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بارغان ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ئىشلىرىغا ئالمۇتا قازاق تىياتىرى بىلەن ئۇيغۇر تىياتىرىنى مەسئۇل قىلغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە بۇ ئىككى تىياتىردىكى خادىملار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، سەنئەتچىلىرىمىز بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە بولدى. ھەتتا ئۇلار مەخسۇس ماشىنا بىلەن سەنئەتچىلىرىمىزنى تاشكەنتكە ئېلىپ باردى. ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كۆپلىگەن يازغۇچى، شائىرلارمۇ بىزنى ئىزدەپ كەلدى ۋە بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرقانچە جۇمھۇرىيەتلىرى بىلەن بولغان ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى باردى - كەلدى مۇناسىۋىتىمۇ بارغانسېرى قويۇقلاشتى، ئۆزئارا دوستانە زىيارەتلەر كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى، بىر - بىرىدىن ئۆگىنىشى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. 1990 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى «يازغۇچى» نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلار توپلىمى — «تەڭرىتاغ ساداسى» نى نەشر قىلىپتۇ. ئۇلار بىزگە تەقدىم قىلغان بۇ توپلام رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ «كۈلگىن قەشقەر» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلىنىپ، يەنە ئاتاقلىق شائىرلاردىن ياسىن خۇدابەردى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئەلقەم ئەختەم، ئەخمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابلىز نازىرى، قۇربان ئىمىن، ئابدۇكېرىم خوجا، ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق 80 نەچچە شائىرنىڭ 217 شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 224 بەتلىك قېلىن توپلام ئىدى. ئۇلار يەنە 1989 - يىلى زۇنۇن قادىر، قەييۇم تۇردى قاتارلىق 18 يازغۇچىنىڭ 19 ھېكايىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارىم دولقۇنلىرى» ناملىق توپلامنى نەشر قىلغان، بۇلاردىن باشقا قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار ئىتتىپاقى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «ئالاتاۋ» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 8 - سانىغا يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «بەخت» ناملىق ھېكايىسىنى ئۇنىڭ سۈرىتى بىلەن باسقان ۋە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تەرجىمىھالى ھەم ئۇنىڭ «دېڭىزدىن كەلگەن سادالار»، «باش ئەگمە» ناملىق ئىككى ئەسىرىنى باسقان. ئومۇمەن بىز بىلەن ئۇچراشقان يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار تۈرلۈك سۆھبەتلەردە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىگە ناھايىتى قىزىقىش بىلەن يۇقىرى باھا بېرىشتى. ئۇلار ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى

www.uyghurkitap.com

رايون ئالىي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قايتا ئۇلانغان، ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر داۋام قىلـ
غان ئەنئەنىۋى «يىپەك يولى» دوستلۇق رىشتى بىزنىڭ بۇندىن كېيىن ئىـۆزئارا ئىقتىـ
ساد، مەدەنىيەت ئالماشـتۇرۇپ ئورتاق گۈللىنىشىمىزگە يېـڭى يول ئېچىپ بەردى. سىـ
لەرنىڭ گۈللىنىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئىتىڭلار، مەدەنىيىتىڭلار بىزگە زور ئىلھام بېغىشـ
لىدى، دېيىشتى.

ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، ئەنجـان، سەـ
مەرقەنت ئوبلاستلىرى ۋە كولخوز، سوۋخوزلارغا بارغىنىمىزدا شۇ جايدىكى سەنـئەتچىلەر
تۆرلۈك مۇزىكا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىـدىغان كاناي قاتارلىق
چالغۇلارنى چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ قىزغىن قارشى ئالـدى. ئۇلارنىڭ تولـىمۇ سـەنئەتـ
خۇمار خەلق ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بىز ئېكسكـۇرسىيىدە بولغان
كۈنلەردە سەنئەت ئۆمىكىمىز ئالمۇتا شەھىرىدىن تاشكەنت شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ئو-
يۇن قويۇشـنى باشـلىغانـدى. بىز سەمەرقەنـتتە بولغان كۈنلەردە شەھەرلىك گازىبـلەن
تەمىنلەش شىركىتىنىڭ باشلىقى ئۇيغۇر قاتارلىق بىرقانـچە كىشى ماشىنا بىلەن تاشكەنتـ
كە بېرىپ، تۆت مىڭ كىشىلىك «دوستلۇق سارىيى» دا قويۇلغان تۇنجى مەيدان ئويۇننى
كۆرۈپ، ئەتىسى تاڭ سەھەردە قايتىپ كەپـتۇ. ئۇلار بىز بىلەن ئېكسكۇرسىيىدە بىللە
بولدى. ئۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار كۆپ قېتىم سەنئەت
ئۆمىكىمىزنىڭ ئويۇنى توغرىـسىدا گەپ ئېچىپ، ئاغـزى ـــ ئاغزىغا تەگـمەي ماختاشـتى.
بۇنداق گۈزەل سەنئەتنى بىز كۆرۈپ باقمىغان. بىز ئاتا ـ بوۋىـلىرىمىزنىڭ بىز ئۇيغۇر
خەلقى سەنئەتكار خەلق، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرى تىلى چىقـىپلا ناخشا ئېيتىدۇ. ئايىغى
چىقىپلا ئۇسـسۇل ئوينىيالايدۇ. شـۇڭا بىزنىڭ يۇرتـىمىزنىڭ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى»
دېگەن نامى بار، دەپ ئېيتقانلىرىنى كۆپ ئاڭـلىغان. لېكىن ھازىرغىـچىلىك ئانا يۇر-
تىمىز قەشقەرگە بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. ئەمدى ياخـشى كۈنلەر يېتىپ كەلـدى.
بىز ئانا ۋەتەنگە بېرىپ تۇغقان يوقلاپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىمىز، دېيىشتى. بىزمۇ ئۇلارغا قىزغىن
قارشـى ئالىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ تەلەكداشلىق بىلدۈردۇق. باشـقىلار سەنئەت ئۆمىكـ
نىڭ تاشـكەنتتىكى پائالىيەت خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ زور قىزىقىش بىلەن، سەنئەت ئۆمىكى
بىزنىڭ يۇرتىمىزدا ئويۇن قويۇپ، زىيارەت، ئېكسكۇرسىيە قىلىپ كەتسۇن، سىلەر كې-
لىشكە رۇخسەت قىلىڭلار، دەپ ئىلتىماس قىلىشتى.

27 ـ نويابىر كەچتە تاشكەنت ناۋايـى تىياتىرىدا ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمـ
ھۇرىيىتى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىـسى، (ھازىرقى مۇئاۋىن پىرىزىدىـنت) ئۇشكۇرۇللا
مىرسايىتوۋ، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئەزىموۋ شارىـۋار ۋە باشقا رەھبەرلەر شىـنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ كونسېرتلىرىـنى كۆردى. ئۇلارغا
ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىدىن رەئىس تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۆمەك ئەزالىرى ھەمراھ بولدى.
ئويۇن قىزغىن داۋاملاشتى. ھەربىر نومۇر قىزغىن ئالقىشلانـدى. بىزنى تولىمۇ تەسىر-
لەندۈرگىنى تاماشىبىنلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ ئېسىللىكى، سەنئەتچىلىرىمىزگە بولـ
غان يىللىق مۇئامىلىسى بولدى، يەنى بۇ سەنـئەتخۇمار خەلـقنىڭ ئۆزىنىڭ خۇشالـلىقى

ۋە مىننەتدارلىقنى رىتىملىك چاۋاكلىرى، نەچچە ئونلىغان بوۋاي ـ موماي‌لار، قىز ـ يىگىتلەر ۋە باللارنىڭ سەھنىگە چىقىپ دەستە ـ دەستە گۈللەرنى ئارتىشلىرى، مىزغا تەقدىم قىلىشلىرى، چوڭلارنىڭ سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ مەڭزىگە، پېشانىسىگە سەممىي سۆيۈپ قويۇشلىرى، قىزلارنىڭ چىڭ قۇچاقلاشلىرى، يىگىتلەرنىڭ قول ئېلىشىپ سالاملىشىشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولدى، مەن يېنىمدا ئولتۇرغان تاشقى ئىشلار مىنىستىرىگە: سىلەرنىڭ بىزگە بىلدۈرگەن بۇنداق ھۆرمەت ـ ئىززىتىڭلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىلىنغان ھۆرمەت، بۇنىڭدىن بىز چوڭقۇر تەسىرلەندۇق. سىلەرنىڭ بىزگە بىلدۈرگەن بۇ ئالىي ھۆرمىتىڭلارغا رەھمەت، ــ دېدىم.

ــ شۇنداق، سىلەرنىڭ بىزگە ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ئېسىل سەنئىتىڭلار ئۈچۈن بۇنداق قىلىش تېخى ئازلىق قىلىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى كۆرۈشكە كەلگەن تاماشىبىنلار سەنئەتكە تولىمۇ زوقمەن كىشىلەر ئىكەن. قارالڭ، ئۇلار تۆت رۇبلىغا بېلەت ئېلىپ، يۈز رۇبلىغا يېقىن ئېچىلغان گۈللەردىن گۈل دەستە تىزىپ كەپتۇ. بەزىلەر ئۆيلىرىدىكى چوغدەك ئېچىلغان، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈل تەشتەكلىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. مەن گۈل دەستىلەرنى قۇچاقلاپ، گۈل تەشتەكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھۆرمەتكە تەشەككۈر بىلدۈرۈپ تۇرغان سەنئەتچىلىرىمىزگە قاراپ زوقلاندىم. بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشناۋاتقان سوتسىيالىستىك ئېسىل مەدەنىيىتىمىزنىڭ بارلىقى بىلەن پەخىرلەندىم. يارايسىلەر ئەزىمەتلەر، ۋەتىنىمىزنى، جۇڭخۇا مىللىتىمىزنى چەت ئەللەرگە تونۇشتۇرۇشتا، تەشۋىق قىلىشتا تېگىشلىك رول ئوينىدىڭلار، سىلەر قالتىس ئىش قىلدىڭلار، رەھمەت سىلەرگە!

ئويۇن ئاخىرىدا ئۆشكۈرۈللا مىرسايىتوۋ بىلەن رەئىس توْمۇر داۋامەت ۋە باشقىلار سەھنىگە چىقىپ، سەنئەتچىلىرىمىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ، ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى، سەنئەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشتى. ئەتىسى تاشكەنتتە تۇرۇۋاتقان جۇڭگو مۇھاجىرى، ئۇيغۇرشۇناس مەھەممەت زەيىدى، شىنجاڭدىن ئوقىغان يوقلاشقا بارغان يولداش ئىمىن تۇرسۇن، تارىخ تەتقىقات ئىشى بىلەن بارغان يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردىلار بىز تۇرغان مېھمانخانىغا كېلىپ، ئۆمەك پائالىيەتلىرى توغرىسىدا جامائەتچىلىكتىن ئاڭلىغانلىرىنى رەئىسكە ۋە يولداشلارغا پاراڭ قىلىپ بەردى. ئۆزبېكىستان خەلقى 30 نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى كۆرگەن. ئۇلار شۇندىن بۇيان ئۇچرىشالمىغانتۇق. سىلەرنىڭ سەنئىتىڭلارنى تولىمۇ سېغىنىپتىكەنمىز، بۇ قېتىم ئىنتايىن زور ئىش بولدى. لېكىن تاشكەنتتە ئاران ئىككى قېتىملا قويۇلدى. سىلەر بىزنىڭ تەلىپىمىزنى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈپ قويساڭلار، ئۇلار ئويۇن قويۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ بەرسە، دەپ تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ دېدى. بەزىلەر داۋۇت ئاۋۇت چالغان راۋابقا ھەيران قاپتۇ. ئۇلار ئۆزبېك خەلقى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان چېلىپ كەلگەن بۇ راۋاب ھازىرغىچىلىك ئۆزىنىڭ كارامىتىنى بۇنچىلىك كۆرسەتكەن ئەمەس، داۋۇت ئاۋۇت ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر، ئابدۇكېرىم نەيىنى قالتىس چالىدىكەن، ئۇنى يىراقتىن ئاڭلىغان ئادەم بۇ قانداق

سازدۇر دەپ ھەيران قالىدىكەن. ئۇنىڭ نەيدىكى «بۇلبۇل ناۋاسى» كىشىگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايدىكەن، دېيىشىدىكەن.

29 - نويابىر بىز تاشكەنتتىن ئالمۇتىغا قاراپ ئۇچۇش ئالدىدا، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بىر تۈركۈم ئەزالىرى رەئىسنى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئۇلار قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. ئۇلار ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يازغۇچى، شائىر، كومپوزىتورلار ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ئۈمىدى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتۈشتى. ئۇلار بىزگە ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆرۈپ ئالالىدۇق، دېيىشتى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت ئۇلارغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بىزنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىمىز تېز تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا زور تۆھپە قوشتى. شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە ئېچىلىش - سايراش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەدەبىي ئىجادىيەت، سەنئەت، ئاممىۋى مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە راۋاجلىنىپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىلىق ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان زور كۆلەمدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنى بارلىققا كېلىپ، مەزمۇنى مول، قويۇق يەرلىك تۈسكە ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەر مىللەت كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان نەشر قىلىنغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى 65 مىڭ چامىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە 80 نەچچىسى دۆلەتلىك مۇكاپاتقا، 270 تىن كۆپرەكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى توپلاش ئىشى كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، نۇرغۇنلىغان خەلق قوشاقلىرى، چۆچەكلەر، مەسەللەر ۋە خەلق نەقىشلىرى قاتارلىق مول ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرى توپلىنىپ، رەتلىنىپ ۋە نەشر قىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە نۇرغۇن بايلىق قوشۇلدى. مەسىلەن، شەرق مۇزىكا تارىخىدا غايەت زور بايلىق دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى — «12 مۇقام» نىڭ رەتلىنىپ نەشر قىلىنىشى، مەملىكەت بويىچە داڭقى چىققان ئۈچ چوڭ تارىخىي داستاننىڭ ئىككىسى، يەنى قىرغىز خەلق قەھرىمانلىرىغا ئائىت تارىخىي داستان — «ماناس»، موڭغۇل خەلق قەھرىمانلىرىغا ئائىت داستان — «جاڭغىر» نىڭ توپلىنىپ رەتلىنىشى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەردىن بولۇپ سانىلىدۇ.

ئۇلار بىزدىن شىنجاڭدىكى مەخسۇس كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئەھۋالىنى
سورىدى، بىز ئۇلارغا: شىنجاڭنىڭ خەلقئارادا «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامى بار،
40 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سەنئەت گۈللىرى يېڭىلىق باھار قوينىدا پورەكلەپ ئې-
چىلدى، ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ھەر خىل كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ئارقا -
ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ھازىر شىنجاڭ بويىچە ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق
ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، شىنجاڭ دىراما ئۆمىكى، مۇقام» ئانسامبىلى، شىنجاڭ
جىنجۈي ئۆمىكى، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكى، شىنجاڭ دارۋاز ئۆمىكى بولغاندىن سىرت
ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەردىمۇ شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، دىراما ئۆمەكلىرى بار. بۇنداق ئۆمەكلەر جەمئىي 100 گە
يېتىپ باردۇ. ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەن-
ئەنىۋى سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى قىز-
غىن سۆيىدىغان نومۇرلارنى كۆپلەپ ئىجاد قىلدى. بەزى ئوپېرا ۋە مۇزىكا ئەسەر-
لىرى دۆلەتلىك باھالاشتا كۆپ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل
ئۆمىكى، مۇقام ئانسامبىلى ۋە سېرىك ئۆمەكلىرى دۆلەت ئىچىدە نۇرغۇن ئۆلكە،
شەھەرلەردە ئويۇن كۆرسەتكەندىن سىرت، ئاسىيا - ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى 20 نەچچە
مەملىكەتكە چىقىپ ئويۇن قويۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

«ياش لېنىنچى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە: تۆمۈر ئاكا، سىز
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىلبەر شائىرى، بىز سىزنىڭ ئىككى شېئىرلار توپلىمىڭىزنى ناھايىتى
قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتۇق ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاۋاتىمىز، سىز كېلىشتىن بىر
كۈن بۇرۇن «كۆلگەن قەشقەر» ناملىق شېئىرىڭىزنى تەرجىمە قىلىپ، سىز تاشكەنتكە
قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنى گېزىتىمىزگە بېسىپ، سىزنى قارشى ئېلىش سوۋغىسى قى-
لىپ تەييارلىدۇق، مانا، بۇ گېزىتنى سىزگە تەقدىم قىلىمىز دېدى ۋە «ياش لېنىنچى»
گېزىتىنىڭ 24 - نويابىر سانىدىن بىر نۇسخا تەقدىم قىلدى. رەئىس تۆمۈر داۋامەت
ئۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتتى. رەئىس ئۆزىنىڭ قازا-
قىستان ھەم ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلىش داۋامىدا يازغان «دوستلۇق كۆيى» ۋە
«تاشكەنت» ناملىق ئىككى شېئىرىنى ياش لېنىنچى گېزىتىگە سۇندى. مۇخبىر يەنە:
تۆمۈر ئاكا، سىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ جان كۆيەر تەرغىباتچىسى، بىز سىز-
نىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك داستانى — «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رە-
ئىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلىدۇق. يېقىندا بىزنىڭ كىتاب مۇخلىسلىرىمىزنى ئەينى قىسسە
«قوتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. بىز بۇ شاھ ئە-
سەرنى نەشرگە تەييارلاشتەك مۇرەككەپ ئىشنىڭ سىزنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىڭىزدە
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇنىڭ جەريانىنى بىلگىمىز كەلدى. رەئىس
مۇخبىرغا: ئەلۋەتتە، تارىختا ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك ئەدىبىنىڭ «قۇتادغۇبى-
لىك» تەك شاھ ئەسىرى بىزنىڭ ئاناتۇپراقتا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىمىز
ۋە ئۇنى نەشرگە تەييارلاپ كىتابخانلارغا يەتكۈزۈشتەك مەسئۇلىيەتنىڭ زىممىمىزگە

www.uyghurkitap.com



جىڭشكەنلىكىدىن بەختلىكمىز. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ ئالىملىرى تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بۇ ئەسەر بارچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ دىققەت مەركىزىدىن بىرى بولدى دېسەم ھەق گەپ قىلغان بولىمەن، بىز بۇ ئەسەرنى ئىشلەشتە، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئالتە نەشرىگە تايىنىپ ئىش كۆرگەن بولساقمۇ، نامەلۇم نەشرى ياكى قول يازمىلارنى تېپىش، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى كەڭ يولغا قويدۇق. ئەدىبلىرىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بۇ چوڭ ۋەقەگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مەن ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنداق بۈيۈك ئەھمىيىتى بار زور ئىشقا ئەلۋەتتە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلدۈم، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن زور ماددىي ياردەم بېرىلدى. مەن قول سېلىپ ئىشلىگەن ئەدىبلەرگە ھەمنەپەس بولدۇم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، مەتتىمىن يۈسۈپ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مەخمۇت زەيدى قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز جان-دىل بىلەن كۈيۈنۈپ ئىشلىدى. نەچچە قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا نەشردىن چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلاشتۇردۇق. مەقبەرىنى تىكلەش ئىشىغا ھۆكۈمەت بىر يېرىم مىليون يۈەن ئاجراتتى. ئون ئىككى بال يەر تەۋرەشكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بۇ كاتتا ئىمارەتكە مەشھۇر ئۇيغۇر ئۇستىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى سىڭدى، دېدى. مۇخبىر رەئىستىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئەدەبىياتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا گەپ ئاچساق، — دېدى رەئىس، — كۆپرەك سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ياخشى، ئەدەبىياتىمىزغا ئاساس سالغۇچى زەبەردارلار بىلەن بىرلىكتە ياش ئىجادكارلار ئوخشاش ئىجاد قىلىۋاتىدۇ. ياشلار تۈركۈملەپ يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ خۇرسەن بولىدىغان ئەھۋال، ئەلۋەتتە. قىزغىن سۆھبەتلەردىن كېيىن بىز ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، تاشكەنتتىن ئالمۇتىغا قاراپ يولغا چىقتۇق.

بىز ئالمۇتىغا كەلگەندە سەنئەت ئۆمىكىمىز شۇ كۈنى قورغاس چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، غۇلجىغا قايتىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئۇلار قازاقىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە خەلقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چېگرا بويلاپ تالدىقورغان ئوبلاستى ۋە يەركەنت قاتارلىق بىرقانچە ئۇيغۇر رايونىدا كۆپ قېتىم ئويۇن قويۇپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ، بولۇپمۇ چېگرىدىن ئۆتىدىغان پەيتتە، سوۋېت چېگرىسىدىكى چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرى ۋە تاموژنا خادىملىرىغا ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىپتۇ، بۇ قېتىم ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ پائالىيىتىگە زىچ ماسلىشىپ، ئالمۇتىدا 3 مەيدان، تاشكەنتتە 2 مەيدان، جەمئىي 5 مەيدان ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى بىلەن بارغان دى. ئەمەلىيەتتە يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەمئىي 12 مەيدان ئويۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك

قويۇپ، غەلىبە بىلەن قايتتى. ئۇلار بۇ جەرياندا جاپا چەكتى، كۆپ ھاللاردا كۈندۈزى
يول يۈرۈپ، كەچتە ئويۇن قويدى. بىز تاشكەنتتىن ئايرىلىش ئالدىدا ھۆكۈمەت ۋە-
كىللەر ئۆمىكى ئەزالىرى بىرلىكتە سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى جاپالىق ئەمگىكىنى
باھالىدۇق. رەئىس تۆمۈر داۋامەت: «بۇ قېتىم سەنئەتچىلىرىمىز ۋە كونسېرت نومۇرلىرى
ياخشى تاللىنىپتۇ. تاماشىبىنلار ئۇلاردىن رازى بولدى. بىزمۇ خۇرسەن بولدۇق. ئۇلار
ھەقىقەتەن جاپا چەكتى، لېكىن ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلدى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇلارنى ئالاھىدە تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى
كېرەك» دېدى. كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭغا تۇغقان يوقلاشقا كەلگەن «ياش لېنىنچى»
گېزىتىنىڭ مۇخبىرى ئەبەيدۇللايۇۋنىڭ دېيىشىچە، ئۆزبېكىستاندا بولۇپ ئۆتكەن پائا-
لىيەتلەر 5 - دېكابىر كۈنى موسكۋا مەركىزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىككى
سائەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ تارقىتىلغان. تاشكەنت، بۇخارا، ئەنجان، سەمەرقەنت، نەمەن-
گان قاتارلىق جايلاردىن ئۆزبېكىستان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا سەنئەت نومۇرلىرىنى
تېلېۋىزوردا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ 1800 پارچىدىن ئارتۇق خەت كەلگەن. مۇخبىر
بىزگە 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى نورۇز بايرىمىدا بۇ كونسېرتنى خەلقىمىزگە بايرام سوۋغىسى
قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز، دېدى. بىز ئالمۇتىدىن ۋەتەنگە قايتىش ھارپىسىدا
تەسىرى چوڭ جامائەت ئەربابلىرىدىن تىلشۇناس خوجاخمەت سەيدىۋاققاسوۋ، ئاتاقلىق
سوۋېت كومپوزىتورى قۇددۇس خوجامياروۋ، ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ مەسئۇلى مۇرات ئەخ-
مىدى قاتارلىقلارنى زىيارەت قىلدۇق. 29 - نويابىر كەچ سائەت 9 لاردا كومپوزىتور
قۇددۇس خوجامياروۋ ئۆزىنىڭ كەڭ، ئازادە، لېكىن ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كۇتۇپ-
خانىسىدا بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇ گەرچە يەتمىشتىن ھالقىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزى
جۇشقۇن، سۆزلىرى مەنتىقىلىق ۋە راۋان ئىكەن. ئۇنىڭ سەنئەتچىلەرگە خاس ئوچۇق
چىرايى، خۇش چاقچاق خۇسۇسىيىتى بىزنى بىردەمدىلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۆز-
ئارا قىزغىن ھال سوراشلاردىن كېيىن، بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ،
ئۇزۇن داۋام ئەتتى.

ئۆزىدە ناھايىتى چوڭ تالانت ۋە خەلق مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن پۈتمەس- تۈگ-
مەس مۇھەببەتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇ مۇزىكا ئالىمى زامانىۋى ئۇيغۇر مۇزىكىسى-
نىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلاردىن بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىنى دۇنيا سەھنى-
سىگە چىقىرىپ، ھازىرقى زامان مۇزىكا مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ
كومپوزىتورلۇق خىزمىتى داۋامىدا ھەرخىل ژانىرلاردا 200 دىن ئوشۇق ئەسەرنى ئى-
جاد قىلغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 1950 - يىلى ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ئىشلىگەن «رىزىۋان-
گۈل» ناملىق دەسلەپكى سىمفونىيىدىن باشلانغان. كېيىنچە ئۇ «نۇزۇگۇم» ئوپېراسى،
«چىن تۆمۈر» بالېتى قاتارلىقلار بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئىچ-
كىرىلەپ كىرگەن. ئۇ بىزگە ئۆزى يازغان ۋە يېقىندا نەشىردىن چىققان 5 - سىمفو-
نىيىسىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ بۇ مۇزىكا ئەسەرلىرى بىلەن پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىلا ئەمەس، ھەتتا باشقا ئەللەرنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكىلەر بىلەنمۇ تونۇش، قۇددۇس

غوجامىيارۇۋ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئالمۇتا مۇزىكا شۆيىۋەنى مۇزىكا بۆلۈمىنىڭ باش-
لىقى ۋە پروفېسسور بولۇپ، پېشقەدەم پېداگوك سۈپىتىدە كۆپلىگەن تالانت ئىگىلىرىنى
تەربىيىلەۋېتىپتۇ. ئۇ دۆلەت مىقياسىدا نۇرغۇن ئىجتىمائىي ئىشلارغا قاتنىشىشتىن سىرت،
ئىجادىي ئىشلار بىلەنمۇ داۋاملىق شۇغۇللىنىدىكەن. بىز ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇزىكا
سەنئىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى بىلەن تەبرىكلىدۇق. ئۇ بىزگە
ئۆزىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سەنئەتچىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراش-
قانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: 1989-يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا بېغىشلانغان سەنئەت تەنتەنىسىگە كۆپلىگەن ئەللەردىن
رەسمىي ئۆمەكلەر تەكلىپ قىلىنغانىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى
كومپوزىتورلار ئۇيۇشمىسىدىن تۆت كىشى تەكلىپ قىلىنىدى، مەنمۇ شۇلار تەركىبىدە
بىللە باردىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بارغان 80 نەچچە سەنئەتچىدىن
تەركىب تاپقان سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بېيجىڭدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ مەرىكىدە ئۇچراش-
تىم. مەن ئۇلارنىڭ زامانىۋى ناخشا-سازلار ۋە ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى
كونسېرتلىرىنى مەرتەم-مەرتەم كۆردۈم. بۇ قېتىمقى مەرىكىدە ئۇلارنىڭ ئېسىل سەنئى-
تى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇر-
دى. بولۇپمۇ 1990-يىلى ئاۋغۇست ئايلىرىدا ئەجدادلار يۇرتى ئانا ۋەتەندە مەن
تەكلىپكە بىنائەن شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن «تەڭرىتاغ مۇزىكا كۆرىكى» ۋە تۇرپان
«ئۈزۈم بايرىمى» غا قاتنىشىپ، سەنئەتچىلەر بىلەن كەڭ تۈردە يەنە بىر قېتىم ئۇچراش-
تىم. بۇ قېتىمقى «تەڭرىتاغ مۇزىكا كۆرىكى» دە قەدىمكى باي سەنئەت مىراسىغا
ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ناخشا-ساز بايلىقى كەڭ مىقياسىدا، ئەمما يىغىنچاق
ھالدا نامايەن قىلىندى، ناخشا-ساز دىيارىدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ياكى شەھەرنىڭ
سەنئىتى ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. قەشقەر، خوتەن،
قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر سەنئەتكارلىرى ئورۇنلىغان نومۇرلار تاماشىبىن-
لاردا چوڭ تەسىراتلار قالدۇردى. بولۇپمۇ «12 مۇقام» دىن بىرقانچىسىنىڭ بىز تەسەۋۋۇر
قىلغاندىكىدىنمۇ ئەلا دەرىجىدە ئىجرا قىلىنىشى مۇتەخەسسىسلەرنىمۇ، سەنئەت مۇخلىس-
لىرىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. مېنىڭ ئىنتايىن مەمنۇن بولغان يېرىم مۇقام ھەرقاچانقى-
دىن نەچچە ھەسسە كۆپ، ئەڭ تالانتلىق سەنئەتكارلار تەرىپىدىن ئورۇنلاندى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ساز-ئەسۋابلىرىمۇ نۇرغۇن ۋە رەڭگا رەڭ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا
كېرەك، مۇقامنىڭ مۇڭلۇقلۇقى، ئەۋرىشىملىكى، شوخ-شادىيانىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈل-
ۋاتقان ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ كەڭ ۋە ئەتراپلىقلىقى، ئىچكى مەنىۋى ئۆزگىرىشلەرگە
بايلىقى، گايىدا سالماقلىق، گايىدا تەنتەنىلىك ۋە گايىدا بولسا غەمكىنلىكى،
ناخشا-ساز ۋە ئۇسسۇللارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكى بىلەن دۇردانە ئەسەر
ئىكەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلالىدى. مەسىلەن، «چەبىيات» مۇقامىنى ئالساق، ئۇنىڭ
ئىجرا قىلىنىش ماھارىتى، مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، سازەندىلىرىنىڭ بىر-بىرىگە
جور بولۇشى، ساز-ئەسۋابلىرىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كۆپلۈكى ۋە خىلمۇ-

خىللىقى، ئۇسسۇلچى ۋە ناخشىچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ مۇقامنىڭ ھەر بىر ھالىتىگە
ماسلىقى «چەبىيات» نى تولىمۇ بېيىتىپ، گۈزەل بىر ئەسەرگە ئايلاندۇرغان. ئۇ
سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، رەئىس تۆمۈر داۋامەتكە قاراپ مۇنداق دېدى: ئومۇ-
مەن، «12 مۇقام» ياخشى رەتلىنىپتۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئورۇندىلىشى ۋايىغا يېتىپتۇ.
مەن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن خەلقىنىڭ سەنئەت بايلىقىغا ۋە ئىجادىيىتىگە مۇنداق
جاۋابكارلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ ئالتۇن فوندى دەرى-
جىسىگە كۆتۈرگەن بۇ ساھەنىڭ جان كۆيەرلىرىگە باش ئېگىپ ئاپىرىن ئېيتىسا ئەر-
زىيدۇ. ئۇ سۆھبەتنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى: سەنئەتكارلار مۇقاملار بىلەن خەلق
ناخشا ـ سازلىرىغا ئەنە شۇنداق ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش بىلەن بىللە ئۇنى كۆپلىگەن
يېڭىلىقلار بىلەن بېيىتالىغان، يەنى مۇقام بىلەن خەلق ناخشا ـ سازىنى مىللىي چالغۇ
ئەسۋابلىرى ئوركېستىرى ۋە سىمفونىيىلىك ئوركېستىر جورلۇقىدا نوتا ئارقىلىق ئىجرا
قىلىپ يېڭىلىق قوشقان، بولۇپمۇ مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوركېستىرىنىڭ ئىجرا-
چىلىق ماھارىتى مەندە چوڭ تەسىرات قالدۇردى. ئۇ بىزنىڭ ئالمۇتىدىكى «قۇرمانغازى»
نامىدىكى خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوركېستىرىدىن زادىلا قېلىشمايدۇ. چۈنكى ئور-
كېستىرنىڭ سازەندىلىرى ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇق ياشلاردىن تەشكىل تاپقان. مەزكۇر ئوركې-
ستىرنى تەشكىللەشتە، ئۇنى ئىجادىي جەھەتتىن مۇشۇ دەرىجىگە يەتكۈزۈشتە تالانتلىق
كومپوزىتور نۇر مۇھەممەت سايىتنىڭ ئەمگىكىنى ئالاھىدە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. مەز-
كۇر ئوركېستىرنىڭ ئورۇندىشىدا مېنىڭ «نوزۇگۇم» ئوپېرامدىن ئىككى ئۇسسۇل ئىجرا
قىلىندى. بىز بۇ ئەسەرلەرنى ئالمۇتا، تاشكەنت، موسكۋا شەھەرلىرىدە رۇس، ئۆزبېك،
قازاق سەنئەتكارلىرىنىڭ ئورۇندىشىدا كۆرۈپ كەلگەنتۇق. بۇ قېتىم بۇ ئەسەرنى پەقەت
ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى ئىجراسىدا كۆرۈپ، قانچىلىك شادلىنىپ قاچمىغەنلىكىمنى سۆز
بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

«تەڭرىتاغ مۇزىكا كۆرىكى» دىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-
تونوم رايونى سەنئىتىدىكى ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ ئۆزئارا مۇجەسسەملىشىپ
راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقانلىقى مەسىلىسى. بۇ جەھەتتىن ئۇيغۇر كومپوزىتورلىرىنىڭ كەس-
پىي ماھارەت بويىچە قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكى، يېڭى ـ يېڭى زاما-
نىۋى ئەسەرلەر يارىتىش ئارقىلىق ئاجايىپ باي ئەنئەنىلىرىمىزنى زامانىۋى شارائىتتا
بېيىتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشىمىز كېرەك. زامانىۋى مۇزىكا
سەنئىتىنى ئەنە شۇنداق يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈشتىكى بىھېساب خىزمەتلىرى ئۈچۈن
كەسپىي كومپوزىتورلاردىن نۇسرەت ۋاجىدى، نۇر مۇھەممەت سايىت، ھېكىم ھەسەن،
سۇلايمان ئىمىن، ئابدۇرېشىت توختى، مۇھەممەت ئېزىز، ئىسكەندەر سەيپۇللا ۋە باشقى-
لارنى مۇشۇ سەنئەتنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى دەپ ئاتاشقا تولۇق ھەقلىقمىز. ئەنئەنە
ۋە زامانىۋىلىقنىڭ يەنە بىر كۆرۈنۈشى پەقەت دۇتارنىڭ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق، تەم-
بۇرنىڭ جاراڭلىق ۋە ئەۋرىشىم، راۋابنىڭ تەنتەنىلىك ئاۋازلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قال-
ماي، ئىسكىرىپكا، رويال ۋە باشقا ياۋروپا ساز ئەسۋابلىرىنىڭ سېھىرلىك كۈيىدىنمۇ

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بەھرى ئېلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئادەتلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ جەھەتتىن سەنئەت كۆرىكىدە ئىجابىي، يېڭى ۋە زامانىۋى ناخشىلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كۆپ، شۇنداقلا تولىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىجرا قىلىنىغانلىقىنى كۆردۈم.

يۇقىرىدا مەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق تەنتەنىسىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن 80 كىشىدىن تەركىب تاپقان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئاساسەن زامانىۋى ناخشا، ساز ۋە ئۇسسۇللارنى ئىجرا قىلغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇلارغا مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى، بىلەن سىمفونىكىلىق ئوركېستىر جۆر بولغان، بۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان نۇسرەت ۋاجىدى تولىمۇ ئىقتىدارلىقى بىلەن مەندە چوڭ تەسىراتلار قالدۇردى. ئانسامبىلنىڭ تەييارلىغان ئۇسسۇللىرىمۇ قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەر بىلەن كلاسسىك ئۇسسۇللارنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، يېڭىلاشقا مۇۋەپپەق بولالىغان. بۇ ھەقتە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ زامانىۋى سەنئىتىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق ئىكەنلىكىگە زادىلا گۇمان قىلمىدىم. چۈنكى بۇ سەنئەتكە نۇسرەت ۋاجىدىدەك ئىقتىدارلىق ۋە تالانتلىق كىشىلەر يېتەكچىلىك قىلماقتا.

ئەجدادلار دىيارىغا قىلغان زىيارىتىمدە نۇرغۇن ئىشلار مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى ۋە ھاياجانغا سالدى. ئۇنىڭ بىرى، ياشلاردا ئوقۇشقا، ئۆگىنىشكە بولغان مايىللىقنىڭ يۇقىرى ۋە كۈچلۈكلىكى بولدى. كۆپلىگەن ياشلار ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ياپونىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئوقۇپ كېلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش سۈرئىتىگە بىباھا ھەسسە قوشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەۋەسلەندىم. بولۇپمۇ سەنئەت ساھەسىدە نۇرغۇن ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ چارەك ئەسىردىن بۇيان بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە چەت ئەل سەنئەت بىلىم يۇرتلىرىدا مۇكەممەل بىلىم ئېلىپ، مىللەتنىڭ كەسپىي سەنئىتىنى روناق تاپقۇزۇشقا ئاساس سېلىۋاتقانلىقىنى بىلدىم. بولۇپمۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشقا ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇۋاتقانلىقى كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. سەنئەت كۆرىكىدە ئۆز سەنئىتىنى نامايان قىلغان «ئۈمىد گۈللىرى» باللار ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ھەربىر تاماشىبىننى، جۈملىدىن مېنىمۇ دولقۇنلاندۇرۇۋەتتى. ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ئىسكىرىپكا چېلىشتىكى ماھارىتى ياكى رويالدا ياۋروپا سەنئىتىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى ئىجرا قىلغىنىنى كۆرگىنىمدە ماڭا گويا ئۆتمۈش بۈگۈن بىلەن ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇمۇمەن ئۇيغۇر باللىرىنىڭ كىشىنى لەرزىگە سالغۇدەك ئويۇن نومۇرلىرى ماڭا خۇددى تەڭرىتېغىنىڭ باغرىنى بېزەپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ئەسلەتتى. مەن ئۇلارغا ئامەت تىلىدىم. كۆز تەگمىسۇن، ئۆسۈپ ئۇلغۇيۇڭلار دەپ پاتىھە قىلدىم. خىيالىمدا ئاشۇ باي ۋە رەڭمۇرەڭ سەنئەتنىڭ ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بۇ ۋارىسلىرىدىن ئانا يۇرتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىمۇ يەنە ناخشا ـ ساز، ئۇسسۇل ماكانى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىدىم.

ئۇ سۆھبەتنى داۋام قىلىپ، بىزنىڭ سەنئىتىمىزنى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى سەنئىتى

بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: كۆپ قېتىم ئۇچرىشىش ئارقىلىق مېنىڭدە بىرخىل ئەپسۇسلىنارلىق تەسىرات پەيدا بولدى. بىز قانچە ئۆگەندۇق؟ سەنئىتىمىز تەرەققىي قىلدى، دەپ جار سالغىنىمىز بىلەن بەكمۇ ئارقىدا قالغانلىقىمىز مانا مەن دەپ ئۆزىنى كۆرسەتتى. مەن بۇ ھەقتە يەتمىش ياشقا كىرگەنلىكىم مۇناسىۋىتى بىلەن «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدىمۇ ئېيتقان ئىدىم. يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ئەربابلىرىمىز ۋە ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئالىملىرىنىڭ بېرىۋاتقان مەھسۇلى بىزنى قانائەتلەندۇرەلمەي كېلىۋاتىدۇ. «ئالاتاۋ» پروگراممىسى ئۇيغۇرچە كۆرسىتىش رېداكسىيىسى ۋە ئۇيغۇر رادىئوسىنىڭ پائالىيىتىمۇ خۇددى شۇنداق ھالەتتە، كومپوزىتورلىرىمىزمۇ مەۋجۇت ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى قايتائىشلەشتىن نېرى ئۆتەلمەي، يېڭىلىق يارىتالمايۋاتىدۇ. سۆھبەت داۋام قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ مەسئۇلى مۇرات ئەخمەدى سۆز قىستۇرۇپ: بىرنەچچە يىللارنىڭ ئالدىدا قۇددۇس ئاكام سىلەرنىڭ سەنئەتچىلارنى كۆزگە ئىلمايتتى، بەكمۇ ئارقىدا قالدى، دەپ ھېسابلايتتى، ھازىر بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە ئالمۇتا، تاشكەنتلەردە سىلەرنىڭ سەنئەتچىلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك قايىللىق ھېسسىياتىدا بولۇپ، ئەمدى ھە دېسە بىزنى تەنقىدلەيدىغان بولدى. بىزمۇ بۇ تەنقىدنى تۈرتكە قىلىپ، قەدەمنى تېزرەك بېسىشقا ئىنتىلىۋاتىمىز، دېدى. قۇددۇس غوجامىياروۋ ئاخىرىدا: يەنە شۇنى تەكىتلەيمەنكى، مەن سىلەرنىڭ مەدەنىيەتچىلار ئارقىلىق سوۋېت ئېلىدە ياشاپ ئىجاد قىلىۋاتقان كومپوزىتورلىرىمىزنىڭ زامانىۋى ئىجادىي مەھسۇلاتلىرى بەكمۇ ئاز، ھەتتا يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم، كىشى بۇنىڭدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىدۇ، خالاس. شۇڭا بىز مەدەنىيىتىمىزنى ھەر تەرەپتىن تەرەققىي ئەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلمىساق، ھەقىقەتەنمۇ ناچار ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمىز تەبىئىي ھالدۇر. بۇ ئىشتا زىيالىيلىرىمىز بۆكنى ئالدىغا قويۇپ ئويلىنىدىغان پەيت كەلدى، دەپ قارايمەن. سۆھبەت ئاخىرىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: بۈگۈن سىزدەك مۇزىكا ئالىمىنىڭ بىزنىڭ سەنئىتىمىزگە بەرگەن يۇقىرى باھاسىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. رەھمەت سىزگە. بىز ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى تارىخىي ئاساسلارغا ئىگە. شۇ ئاساستا بۈگۈن بۇ «يىپەك يولى» دوستلۇق رىشتىسى قايتا ئۇلاندى. بىز تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش ئاساسىدا ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق گۈللىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە، ئۇ يەنە تۆۋەنچىلىك بىلەن: سىز دەپ ئۆتكەن يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىزنىڭ سەنئىتىمىزدە سىز ھېس قىلالىغان قانداق مەسىلىلەر بار، دەپ سورىدى.

— توغرا، شۇنىمۇ ئالاھىدە دەپ ئۆتۈشۈم كېرەككى، مەن ھېس قىلغان مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار. ئۇنىڭ بىرسى، سىلەرنىڭ ئوركېستىردا بەزى ساز ئەسۋابلىرىغا قەدىمدىن ئىشلىنىپ كېلىۋاتقان تار ئورنىغا سىم ئورنىتىلىپ، ئۇلارنىڭ مىللىيلىقى، تەسىرچانلىقى سۇسلاشتۇرۇۋېتىلگەن. مەسىلەن: خۇشتار، غېجەكلەرگە ئىسكىرىپكىغا ئوخشاش سىم تارتىلسا، ئۇنىڭ مۇڭلۇقلۇقى يوقىلىدۇ. يەنە بىر مەسىلە، بىزگە مەلۇم،

مۇقاملار پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلەرگە باي، مۇڭلۇق، شوخ ۋە شادىيانە ناخشا - سازلارنىڭ يىغىندىسى. ئۇ كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان شەكىللىنىپ، بېيىپ گۈللىنىۋاتقان دۇردانە ئەسەر. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، مۇقام تېكىستلىرى ھەققىدىمۇ بەزى ئاز توختىلىپ ئۆتۈش كېرەك. مۇقام تېكىستلىرى ھەققىدە ھازىرغىچە ھەرخىل قاراشلار بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ تېكىستلىرىنى زامان روھىغا لايىق يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك دەيدۇ. تەڭرىتاغ مۇزىكا كۆرىكىدە بەزى مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرى يېڭىلانغانلىقى بايقالدى. شەخسەن مەن مۇنداق قىلىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. چۈنكى خەلقىمىزدە «قۇش قانىتى بىلەن» دېگەن ناھايىتى ھېكمەتلىك سۆز بار. قۇش قاناتسىز ئۇچالمىغىنىدەك؛ مۇقاملارمۇ ئۆزىگە يارىشا تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتلار تۈپەيلىدىن دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مۇزىكىسى ۋە شېئىرى بىلەن ھايات، شۇنداق ئىكەن، مۇقام تېكىستلىرىنى زامانغا لايىق ئۆزگەرتىش ئۇنى قانىتى سۇنغان قۇش ھالىتىگە قويۇش دېمەكتۇر، شۇنداقلا مۇقاملارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ۋە تارىخىي ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشىمىزغا زېمىن يارىتىپ بەرگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تىلىنى ساقلاپ، ئۇنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش — بۇ، ئەڭ مۇھىم ۋە ئالىيجاناب مەسىلە.

ئۇزۇن ۋە كۆڭۈللۈك سۆھبەتتىن كېيىن، بىز قۇددۇس غوجامىيارۇۋ بىلەن خوشلىشىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدۇق، ئۇنىڭ بايان قىلغان سۆھبىتى بىزدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى. ئومۇمەن بۇ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقستان، ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولۇپ ئۆتكەن پائالىيەتلەر ئىككى ئەل ۋە ئىككى رايون خەلقلىرىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىدى. ئۇ يەرلەردە ياڭرىغان تەڭرىتاغ ساداسى بىزنى بىر جەھەتتىن ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ باشقىلار زوقلانغۇدەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن مەغرۇرلاندۇرسا، يەنە بىر جەھەتتىن، بىزگە ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىش، ئۇنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇردى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## تۈزىتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1991 - يىللىق 5 - سانىدىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن مۇختەر سوپىنىڭ «ئاشۇ بىر سەھەر» ناملىق شېئىرى ئەسقەر ياسىننىڭ 72 - بەتتىكى شېئىرلىرى قاتارىدا ئېلان قىلىنىپ كەتكەن، ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ 60 - بەتتىكى ئىككى غەزىلىنىڭ ئاخىرىغا مۇناسىۋەتسىز ئىككى مىسرا قوشۇلۇپ قالغان. كىتابخانىلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمىز.

ماخمۇتجان ئىسلام

# ياشلار – ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدى

## – تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ئويلىغانلىرىم

1

يولداش دېڭشياۋپىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 – قۇرۇلتىيىدا
سۆزلەنگەن سۆز» دە ماۋزېدۇڭنىڭ: «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە
ئەگىشىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى دولقۇنى مۇقەررەر بارلىققا كېلىدۇ» دېگەن سۆزىنى نە-
قىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «بىز جاپالىق كۈرەشلەر ئار-
قىلىق، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىپ،
ئالغا بېسىش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلىدۇق. ھازىر بىز تولۇپ
تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىزكى، ئاشۇنداق ۋەزىيەت پات ئارىدىلا بارلىققا كېلىدۇ:
بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە سايراشتىن ئىبارەت مار-
كسىزملىق فاڭجېننى ھەقىقىي يولغا قويۇش شەرت – شارائىتىمۇ كۈندىن كۈنگە پىشىپ
يېتىلمەكتە. ئېلىمىز ئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ گۈللىنىدىغان، بەس – بەستە
يۈكسىلىدىغان يېڭى باسقۇچى جەزمەن كەڭ ئەدەبىيات – سەنئەت خادىملىرىنىڭ جاپالىق
ئەمگىكى ئارقىلىق بىزنىڭ ئالدىمىزدا نامايان بولغۇسى.»
يېقىنقى ئون يىللىق ئەمەلىيەت بۇ ھۆكۈمنىڭ دانالىق بىلەن چىقىرىلغان توغرا ھۆ-
كۈم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ سوتسىيالىستىك
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىشىگە، ئىسلاھات، ئېشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ
يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس – بەستە ساي-
راش فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات – سەنئەت ئىشلىرىدا
تارىختا مىسلىي كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات – سەنئەتـ
نىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور بىر تۈركۈم يېڭى كىشىلەر، ھەرقايسى ژانىرلار بويىچە
سان – ساناقسىز مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر خۇددى باھار يامغۇرىدىن كېيىنكى بامبۇك نوتىـ
لىرىدەك ئۈنتۈرۈپ چىقتى. ئەسەرلەردىن بۇيان شېئىرىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن
شۆھرەت قازىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ شېئىرىيەتتىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

جارى قىلدۇرۇپ، دادىل ئىزدىنىش ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەر-
لەرنى مەيدانغا كەلتۈردى ۋە شۇ ئاساستا ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرىغىمۇ دادىل يۈز-
رۈش قىلىپ، ھېكايە، پوۋېست، رومان ئىجادىيىتىدىمۇ مول نەتىجە ياراتتى، بولۇپمۇ
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنىشى، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ توغ-
رىلىنىشى، پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان رەھبەرلىكىنىڭ كۈچەيتىلىشى،
ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى لۇشيەن، فاكجېن، سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى
بىلەن بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەت باھارىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئالغان زور بىر
تۈركۈم جۇشقۇن روھلۇق ياش ئەدىبلەر، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئەدەبىيات قوشۇ-
نىغا دادىللىق ۋە ياخشى نەتىجىلەر بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەختەم ئۆمەر، خالىدە
ئىسرائىل، زۇنۇن تاھىر، مۇختەر مەخسۇت، ئابدىرېھىم ئابدۇللا، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن،
ياسىن زىلال، ئەركىن ئىبراھىم، تەلئەت قادىرى، ئەخمەتجان ئوسمان، مەتسەيدى مەت-
قاسىم، مۇختەر سۈپۈرگى، ئابدۇقادىر جالالىدىن، باتۇر روزى، ئەركىن نۇر، مۇتەللىپ
خۇرسەندى، ئىلغارجان سادىق، ئابابەكرى تۇيغۇن، ئابىلجان ھېيىت، ئابدۇكېرىم ئوسمان،
ئەسقەرجان ياسىن، ئادىلجان تۇنىياز، قۇربان ئەمەت، غەيرەت غوپۇر، پەرھات تۇرسۇن،
پەرھات ئىلياس، كېرىمجان سۇلايمان، ئالتۇنگۈل رەجەپ، مېھرىنىسا ماموت، ئابابەكرى
توختى، تۇرسۇنجان ھاشىمى، ئايبېك ئۆمەر، ئەركىن مۇھەممەت كامالى، تۇرغۇن ئۇبۇل-
قاسىم، ئابدىرېھىم زۇنۇن، ئەنۋەر غوپۇر، ئابلىز ئوسمان، ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم، سىې-
تىۋالدى كېرىم، گۈلباھار مەتىمىن، ياسىن نىياز، ئەسئەت ئەمەت، ئەركىنجان ئەمەت،
ئەسئەت ئابدۇقادىر قاتارلىق ياش ئەدىبلەر مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك تەرەپلەردىن كى-
شىنى خۇشال قىلارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيىدىغان خەلقىمىزنىڭ
قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۇلارنىڭ ئالقىش - ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. بۇ ھال
سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەممە ژانىرلارنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ھالدا گۈللىنىشكە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئازادە ۋە كۆركەم گۈلزارىدا ھەممە گۈللەر-
نىڭ تەكشى ئېچىلىشقا، ھەممە ئېقىملارنىڭ بەس - بەستە سايراشقا قاراپ يۈزلەنگەنلى-
كىنىڭ روشەن ئالامىتى. تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەر-
لەر مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە بارلىققا كەلگەن ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى ئاز لا بىر قىس-
مى، خالاس.

2

«بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە
يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم، — دەپ كۆرسەتكەنىدى يولداش دېڭ شياۋپىڭ، —
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى،
ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناب خىسلەتكە ۋە ئىجاد

قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل زوھقا ئىگە يېيىپىڭى قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك... بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىز جانلىق ۋە تەسىرلىك بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق، مەزمۇنىغا باي ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، شۇنىڭدەك خەلقنى تىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى لازىم.» مانا بۇ ــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تارىخىي بۇرچى، پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ تەلىپى ۋە ئۈمىدى. تارىخىي بۇرچ ۋە دەۋر تۇيغۇسىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھېچقانداق ئىجابىي ئەھمىيىتى بولمايدۇ، خالاس. تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە مانا شۇ نۇقتا ــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاساسىي مۇقامى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى تەسۋىرلەش ــ نۆۋەتتە ھەر بىر ئەدىبنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى. بۇنداق يېڭى كىشىلەر باشقا بىرەر يەردىن كەلگەن ئەمەس، ئاسماندىن چۈشكەنمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدە بەلگىسىمۇ يوق. ئۇلار بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ يېنىمىزدا، ئارىمىزدا تۇرغاندا، بىز ئادەتتە ئۆزگىچىلىك ھېس قىلىپمۇ كەتمەيمىز. ئەمما ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئوبدان ئويلانساق، سېلىشتۇرساق، ئۇلارنىڭ خۇددى يولداش ماۋزېدۇڭ ئېيتقاندەك ئەخلاقلىق، پاك، ئالىيجاناب، خەلققە پايدىلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مانا، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا توققۇز ياشلىق ناخشىچى قىز گۈلزار تۇرۇۋېتۇ. ئۇ كۆرۈنۈشى ئاددىيلا، ئوماققىنا قىز. ئەمما ئۇ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ سىنئالغۇدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ياراتقان. ئەنە، گۈلزار ئاپتوبۇس ئىچىدە ناخشا ئېيتىپ، يولۇچىلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقارماقتا، يولۇچىلار زېرىكىشلىك ئۇزۇن يولنى خۇددى تويۇن زالىدا ئولتۇرغاندەك كۆڭۈللۈك بېسىۋاتقانلىقىدىن شادلىنىپ، گۈلزارنىڭ شەنىگە گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتماقتا، ئۇنىڭ توغاچتەك مەڭزىگە، ياشاڭ قىزىم! دەپ سۆيۈشمەكتە، ئۇنىڭ خەنزۇچە ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان خەنزۇ يولۇچىلار ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ۋە زوقمەنلىك بىلەن قاراشماقتا... ئەنە، گۈلزار ئورۇمچى سەھنىسىدە، كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك يۈز بېرىپ، توك ئۈزۈلۈپ قالغان ئەھۋالدىمۇ تەمكىنلىك بىلەن مىكرافوننى قولغا ئېلىپ، زالنى چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتماقتا. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنى ناخشىنىڭ مەزمۇنى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىشىدىن زوقلانغان تاماشىبىنلار

www.uyghurkitap.com

قىزغىن ئالقىش ياڭراتماقتا، كىمدۇر بىرى ئۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «كىچىك پاشا، كۇچا بۇلبۇلى» دەپ ماختىماقتا... ئەنە، گۈلزار «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق كىنودا ياراتقان دېھقان قىزى گۈلزارنىڭ ئوبرازىدىن ھاياجانلانغان تاماشىبىنلار گۈلزارغا تۇشمۇ تۇشتىن رەھمەت خەتلىرىنى يازماقتا. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ قىزنىڭ ئېكراندىكى قىياپىتى — ئاچلىقتىن نالە قىلىشلىرى، ئاخىر دوختۇرخانىغا كېتىۋېتىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزۈشى كىنو كۆرۈۋاتقان ھەر بىر تاماشىبىنغا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكلىرىنى ئەسلىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالماقتا... ئەنە گۈلزار يېقىملىق ناخشىلىرى ۋە نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن سەنئەت ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان چەت ئەللىك كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا: تۈركىيىلىك دوستلار سەھنىگە چىقىپ، ئۇنىڭغا گۈلدەستە سۇنماقتا، ياپونىيىلىك دوستلار ئۇنىڭغا سوۋغا تەقدىم قىلماقتا، خەتلەر يازماقتا... مانا، قاراماي شەھەرلىك پارتكوم گۈلزارنىڭ ناخشىسىدىن ھاياجانلانغان قاراماي خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇنى مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىماقتا. ئۇنى قۇچىقىغا ئالغان بىر ئۇيغۇر ئايال «مانا بۇ ئۇيغۇر قىزى بىزنىڭ ھازىرقى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ناخشىچىمىز» دەپ ئىپتىخارلانماقتا...

مانا بۇلار يولداش ئابلىز ئوسماننىڭ «تالانت، ئادەم، كېلىچەك» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتىدىكى كۆرۈنۈشلەر. بۇ ئەدەبىي ئاخبارات ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىيلىكىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرىلىقى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

نۆۋەتتە كەلگەندە ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر بىزدە ئەدەبىياتتا جەڭگىۋار ژانىر ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئاخبارات كەمچىل. ئېلان قىلىنغان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەدەبىي ئاخباراتلاردىمۇ «ئاخبارات» لىق خاراكتېرىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، «ئەدەبىيات» لىق خاراكتېرىگە ئانچە ئېتىبار قىلمايدىغان ئەھۋال ساقلىنىۋاتىدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتلاردا تۇرمۇش پاكىتلىرى كۆپ بولسىمۇ، تېگىشلىك بەدىئىي تەسۋىر ۋە تەسەۋۋۇر يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئۇلار كىشىنى دېگەندەك قايىل قىلالمايدۇ ۋە تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ. بەزى ئەدەبىي ئاخباراتلار ناچارراق يېزىلغان تەپسىلىي خەۋەرچىلىكمۇ بولالمايۋاتىدۇ. ئەمما «تالانت، ئادەم ۋە كېلىچەك» ناملىق بۇ ئەدەبىي ئاخبارات يۇقىرىقى نۇقسانلاردىن خالى بولۇپ، ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرەلىگەن.

ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مۇنداق يازىدۇ: «يېتىلگەن قىران بۈركۈتنىڭ بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ كۆك قەرىدە جەۋلان قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئەمدىلا ئۇچۇم بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە قۇش بالىسىنىڭ يۇمران پەر-قاناتلىرىنى ئەركىن قاققىنىچە قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان زەڭگەر بوشلۇقتا لەرزان ئۇچالىشى ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداق، ئادەملەر ئارىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار ناگان-ناگاندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئاڭلىق مەخلۇقلار بولسىمۇ، ياشاش مۇددىئاسى ۋە ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئادەملىك سۈپىتىدىمۇ

پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنىڭ ئادەملىك قەدىر-قىممىتىنى بىلمەي، ئىز-دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆز ئىقتىدارىنى ئەقلىي تەرەققىياتىنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرىغا ماس ھالدا يېتىلدۈرىدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئادەملەر ئۇچرايدۇكى، ئۇلار ئۆز يېشىدىن نەچچە ھەسسە ھالقىپ كەتكەن پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن كىچىك چېغىدىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.»

ئەدەبىي ئاخبارات مانا شۇ مەركىزىي ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىدۇ. ئاپتور گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر تەسىرلىك ۋەقەلەرنى جانلىق سۈرەتلىگەندىن كېيىن، كىتابخانلار ئالدىغا، ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئۇتۇق قازىنالىدى؟ دېگەن سوئالنى تاشلايدۇ ۋە بۇنىڭدىكى مۇنداق ئىككى مۇھىم ئامىلنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرى، «بىزنىڭ سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ۋە سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىز بولغاچقىلا، بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز ۋە سەنئەت ئىشلىرىمىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالىغان.» يەنە بىرى، گۈلزاردا «رىقابەت تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك. ئۆزىدىن چوڭ ناخشىچىلار بىلەن بەسلىشىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ.»

بۇ يەردە ئاپتور ماركسىزملىق دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە، ھەم ئوبيېكتىپ سەۋەبنى، ھەم سۇبيېكتىپ سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. گۈلزاردىكى رىقابەت تۇيغۇسى ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات دەۋرىدىكى كىشىلىرىدە ئىپادىلەنگەن رىقابەت — ئالغا ئىنتىلىش، ھېچنەرسىدىن قورقماي، جاپا-مۇشەققەتنى يېڭىپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىدۇر. بۇ روھ نېمىدېگەن قىممەتلىك-ھە!؟ ھەممەيلەندە شۇنداق روھ بولسا بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشىمىز ئاجايىپ تېز راۋاجلانماسمىدى؟!

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن.

«ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك، — دەيدۇ ئۇلۇغ ماركسىزمچى ليۇشاۋچى، — نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادلار ياشاپ كەلگەن ۋەتەننى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز تىل-يېزىقىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى قىزغىن سۆيۈشتۇر.» بۇ سۆزدە ۋەتەنپەرۋەرلىككە كونكرېت تەبىر بېرىلگەن. ۋەتەن دېگەن بۇ ئۇقۇم مەۋھۇم بولماستىن، كونكرېت بولىدۇ. بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، «جۇڭگو» دېگەن سۆز «ۋەتەن» دېمەكتۇر. بۇ سۆز سىياسىي نۇقتىدىن ئالغاندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمىدىكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئورتاق ياشاپ، ئورتاق قوغداپ، گۈللەندۈرۈپ كەلگەن ۋە گۈللەندۈرۈۋاتقان چوڭ ئائىلىنى كۆرسەتسە، كونكرېت مەزمۇندىن ئالغاندا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقلىرىنى، ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغۇ دەريالىرىنى، گۈل-گىياھلىرىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە خاس ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەت، ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئانا يۇرتقا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت، ماھىيەتتە، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ نامايەندىسى. كىممۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن دىيارنى، ئۇ يەردە ئۆسكەن گۈل-گىياھلارنى، يۇرتداشلىرىنى

www.uyghurkitap.com

سۆيمىسۇن؟! ئەگەر ئاشۇ سۆيۈش بولمىسا، ئۇنداق ئادەمدىن قانداقمۇ ۋەتەنپەر-ۋەرلىكنى كۈتكىلى بولسۇن؟! ئەركىن مۇھەممەت كامالىنىڭ «ئانا يۇرت سۆيگۈسى»، ئادىلجان تۇنىيازنىڭ «سالام سىنىڭ چوغدەك تېڭىڭغا» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ياسىن زىلالنىڭ «ئانا» ناملىق داستانى ئانا يۇرت ۋە ئانىغا بولغان پاك مۇھەببەت ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك مەدھىيىلەنگەن ياخشى شېئىرىي ئەسەرلەردۇر.

ناخشامدا مىڭ سۆيگۈ بار، ناخشامدا مىڭ مۇھەببەت،
شولا تۆكەر، نۇر تۆكەر ھەر بىر بوغۇم، ھەر بىر سۆز.
گۈل پۇرايدۇ شاماللار، تەبىئەت گۈل، ئالەم گۈل،
تەلپۈنىدۇ سۆيۈنۈپ نۇرغۇن يۈرەك، نۇرغۇن كۆز.

مانا بۇ ئەركىن مۇھەممەت كامالىنىڭ «ئانا يۇرت سۆيگۈسى» ناملىق شېئىرىنىڭ تۇنجى كوبلېتى. شائىرنىڭ ناخشىسىغا «مىڭ سۆيگۈ، مىڭ مۇھەببەت»، ھەر بىر بوغۇم، ھەربىر سۆزىگە «شولا»، «نۇر»، شاماللارغا خۇشبۇي گۈل ھىدى ئاتا قىلغان، تەبىئەتنى، پۈتۈن ئالەمنى گۈل كۆرسەتكەن، ئۇنىڭغا «نۇرغۇن يۈرەك، نۇرغۇن كۆز» نى سۆيۈنۈپ تەلپۈندۈرگەن نەرسە نىمە؟ ئانا يۇرت. شائىرنىڭ كىندىك قېنى، كۆز يېشى تۆكۈلگەن، شائىرغا مۇھەببەت، ۋۇجۇدىغا نۇر ئاتا قىلغان، ھەربىر چىمدىم تۇپرىقى تۇتىيادىن قىممەتلىك بولغان ئانا يۇرت!

بىز تەقدىرداش ئەزەلدىن ھەمدە قانداش، قېرىنداش،
بىر ئاخشامدا بىر چۈشنى شۇڭلاشقىمۇ تەڭ كۆرگەن.
سەيلى قىلىپ يۈرسەممۇ ئۆزگە چاھار باغلاردا،
تەڭ قىلماستىن چۆلۈڭگە ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆكۈنگەن.

ئەزىز يۇرتۇم، گۈل دىيار جەننەت خىجىل ئالدىڭدا،
ئادەملىرىڭ مېھرىبان، پاك كۆكسۈڭدىن سۈت ئەمگەن.
مەنغۇ شائىر ئەمەسمەن، راستىلا شائىر ئاتالسام،
ماڭا مۇشۇ شۆھرەتنى خەلقىم بەرگەن، سەن بەرگەن.

بۇ مىسرالارنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، ئاپتور ئۆز تەقدىرىنى ئانا يۇرتىنىڭ، خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان، ئۆزىنى ئانا يۇرت،خەلقتىن ئايرىمىغان. بىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا ئاتاقلىق پېشقەدەم شائىرلىرىمىز نىم شېھىدىنىڭ «سىغىنىندىم»، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» قاتارلىق شېئىرلىرىدا چاقنىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

يولداش ئادىلجان تۇنىياز «كىچىككىنە كەنت بازىرى»، «چۆچەكلىرىم» دېگەن ئىككى شېئىردىن تەركىب تاپقان «سالام سىنىڭ چوغدەك تېڭىڭغا» ناملىق شېئىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ئۇدۇللا ئەمەس، ئۆزگىچە يوسۇندا ـــ سىمۋوللۇق ھالدا ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «كىچىككىنە كەنت بازىرى» دا ئېگىز تېرەكلەرنى، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىغا «زەرقاناتلىق

يىگىناھوچ» تەك قونۇۋالغان كۆن نۇرلىرىنى، «كېچىدە قۇياشنى چۈشەپ، تام تۈۋىدە سوـ
زۇپ چىللىغان شاھزادىدەك خوراز» لارلى، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ــ چاك كەتـكەن
تام تۈۋىدە ياغلىقنى رەڭدار بۇلۇتتەك سېلىپ، چىنىلەرنى ئالدىغا تىزىپ ئولتۇرغان
قېتىقچى قىزلارنى، تورغاي ئويغانماستا تۈزلۈققا يول ئېلىپ، هارۋىسىغا تاش تۈز
بېسىپ كەلگەن تۈزچىنى، يېڭى ئېچىلغان چايخانا، تەمبۇرچىدەك مۈكلۈق ئاۋازدا ناخشا
ئېيتىۋاتقان ساماۋەردىكى چاينى، سېۋەتلەردىن خۇددى گۈگۈمدا كالا سۇغارغىلى بېرىپ،
سۆيگەن يىگىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان سەھرا قىزىدەك قىزىرىپ بېقىۋاتقان
گىردىلەرنى، «قىزىل گۈلدەك خۇش بۇي هاۋا هەم كەڭ دالىنىڭ يىللىق شامىلى چەمـ
بىرەكتەك» ئايلىنىۋاتقان ئوتچى قىزنى، تاڭدىكى جىگدە چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇرىقىنى
كوچىلارغا چېچىۋاتقان بىدىچى دېھقاننى، «شاپتۇل چېچىكىدەك هال رەڭ سۇبـھى» نى
ساتقاندەك شاپتۇل سېتىۋاتقان باغۋەننى، «قەلبىدىكى ئالمىلارنىمۇ ئالمىلىرىغا قوشۇپ،
ئوسما قويغان قاشلىق جۇۋانغا سېتىۋاتقان» ئالمىچى يىگىتنى، «يىراق جاڭگالدىن كەلـ
گەن، ساقلى بىدىدەك» بورىچىنى، «قېشى ئاق، كۆڭلى ئاق، ئۈستىبېشى ئاق، كۆپ
تاللاۋاتقان» تۇگمەنچىنى، تۇخۇمچىچوكاننى، ماي چاپانلىق جۇۋازچى بوۋاينى ۋە باشقىـ
لارنى تەسۋىرلەيدۇ. «چۆچەكلىرىم» دە بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلغۇسىز بالىلىق دەۋرىنى
تەسۋىرلەيدۇ. بۇ كونكرېت كۆرۈنۈشلەر تەبىئىي هېسسىيات ئاساسىدا يورۇتۇلغان بولۇپ،
بىز شېئىرنى ئوقۇغان هامان ئۆزىمىزنى ئەنە شۇ ئاددىي ۋە قەلبى پاك ئادەملەر ياشاـ
ۋاتقان قايناق يېزا بازىرىدا كېتىۋاتقاندەك، سەھرانىڭ پاك ۋە تازا هاۋاسىدىن، شېرىن-
شېكەر مېۋە-چېۋىلەرنىڭ جانغا هۇزۇر بەرگۈچى خۇش پۇرىقى ۋە لەززىتىدىن مەست
بولغاندەك، ئىشچان قىز-يىگىتلەرنىڭ جۇشقۇن روھىدىن هاياجانلىنىۋاتقاندەك بولىمىز.
گويا ئانا يۇرتنىڭ يىللىق باغرىدا گۈل-گىياهلار ئارىسىدا يېتىپ، ئاسماندىكى ماموق بۇـ
لۇتلارغا، پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن رەڭدار كېپىنەك، تورغاي، تۇموچۇقلارغا، ئوتقاشـ
تەك شەپەققە خىيالچان بېقىپ، يىراق-يىراقلاردىن ئاڭلانغان ناخشا، نەي، كاككۇكنىڭ
ۋە تاغ سۈيىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ هۇزۇرلانغاندەك، باهاردا تال-چىۋىقتىن ئات
ياساپ چاپقاندەك، قىرلاردىن كاككۇك گۈللىرىنى تەرگەندەك، كېپىنەك قوغلىغاندەك،
ياز كۈنلىرى شورىلاردىن ئاتلاپ باغلاردىن ئۆرۈك، توغاچلارنى تالىلاپ ئۈزۈپ يېگەنـ
دەك، ئالتۇن كۈزنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرى بوۋاي-مومايلارنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلىغانـ
دەك، مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناشقاندەك بولىمىز. شۇ هامان قەلبىمىزدە ئانا يۇرتتىن پەخىرـ
لىنىش، سۆيۈنۈش هېسسىياتى دولقۇنلايدۇ.

«ئانىنى ــ ھەممىگە قادىر ۋە قابىل هاياتلىقنىڭ ئەبەدىي قۇرۇماس بۇلىقىنى مەدـ
هىيىلەش كېرەك» دەيدۇ ئۇلۇق پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىي. نېمە ئۈچۈن؟
شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئانا ئالەمدىكى غۇرۇر ۋە ئىپتىخارنىڭ مەنبەسى، كىشىنى هاياتقا
ئىنتىلدۇرگۈچى قۇدرەت، هاياتلىقنى گۈمران قىلىدىغان ئەزرائىلنى يىراق قوغلىغۇچى
ئەزىمەت، بەخت-سائادەتنىڭ هامىيىسى. خۇددى مەشهۇر يىراگوك سوخۇملىنىسكىي ئېيتـ
قاندەك: «بىرەر پۇقرانىڭ، بىرەر جەڭچىنىڭ ۋە ياكى بىرەر قەيسەر ئىرادىلىك ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئېتىقادى يولىدا جاننى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرالىشى سادىقلىق، مەردانىلىق ۋە قىلچە ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك ئاساسىدا ئۆز ئانىسىنى سۆيۈشتىن باشلىنىدۇ. شۇڭا بىز كىندىك قېنىمىز تامغان دىيارنى «ئانا يۇرت» دەيمىز، ۋەتەننىمۇ شۇ «ئانا» سۆزى بىلەن ئۇلۇغلايمىز. خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك، قۇياش بولمىسا ئالەم زۇلمەت ئىچىدە قالىدۇ، باھار بولمىسا گۈللەر ئېچىلمايدۇ، ئانا بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ، بەخت-سائادەت بولمايدۇ، مۇھەببەتمۇ بولمايدۇ، يازغۇچى، شائىر، ئالىم... بولمايدۇ، قەھرىمانمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىنى مەدھىيىلەش يەككە-يېگانە ھالدا بىر ئانىنى مەدھىيىلەش بولماستىن، بەلكى ھاياتلىقنى، گۈزەللىكنى، مەردلىكنى، ۋاپادارلىقنى، قەھرىمانلىقنى، بەخت-سائادەتنى، ئەڭ مۇھىمى ئانا يۇرت — ئانا ۋەتەننى مەدھىيىلەشتۇر. يولداش ياسىن زىلالنىڭ «ئانا» ناملىق داستانى مانا شۇنداق روھ بىلەن سۇغىرىلغان. شائىر مانا شۇ روھنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئانا ئوبرازىنى گۈزەل، يېقىملىق، تاۋلانغان تىل، سەممىي ۋە قايناق ھېسسىيات، ئېسىل چۆچەك-رىۋايەت ۋە جانلىق تۇرمۇش دېتاللىرىدىن پايدىلىنىپ خېلى مۇكەممەل ياراتقان.

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ چىن ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەتلىرى مەدھىيىلەنگەن. بۇ سۆزىمىزگە ئەنۋەر غوپۇرنىڭ «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ «زۇمرەتتەك زۇمرەت»، مېھرىنىسا مامۇتنىڭ «دوستۇمنىڭ خېتى» ھېكايىلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ماركسىزملىق ئەخلاق كۆز قارىشىنىڭ ئومۇملىشىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىدا، ئەدەب-ئەخلاق قارىشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى جارى قىلدۇرۇلۇش بىلەن بىللە، فېئوداللىق ئەدەب-ئەخلاق قاراشلىرى، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ساختا ئەدەب-ئەخلاق قاراشلىرى تەنقىدلىنىپ، بارا-بارا نەزەردىن قالدى. كىشىلەر نېمىنىڭ ئېسىل ئەدەب-ئەخلاق بولىدىغانلىقىنى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئەمەلىيەتتە چىن ئىنسانىي ئەدەب-ئەخلاق مىزانلىرى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى. بۇ رېئاللىق بىزنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىن مۇۋاپىق ئورۇن تاپتى. مانا قاراڭ، ئەنۋەر غوپۇرنىڭ «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» دىكى لالە قېيىنئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلەر نەزەرىدە «ھەسسىكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىق» دەپ قارىلىدىغان كونىچە قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، پالەچ قېيىنئانىسىنى ياخشى كۈتۈش، ئۇنى سادىقلىق بىلەن رازى قىلىش ئۈچۈن قورسىقىدىكى جان-جىگەر، پەرزەنتىنى سۈنئىي يول بىلەن چۈشۈرۈۋېتىشكە ماقۇل بولىدۇ، يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆمرى ئازلا قالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا قېيىنئانىسىنى ئويلايدۇ ۋە ئۇنى جان-دىلى بىلەن كۈتىدۇ، يەنىلا شۇ قېيىنئانىسى ئۈچۈن، بالىسىنى

چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يولدىشى ئۇقۇشماسلىق بىلەن تىللىغان، ھاقارەتلىگەن، ئۇرغان ھەتتا «يوقال! كۆزۈمدىن يوقال! ماڭا سەندەك خوتۇننىڭ كېرىكى يوق!» دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغاندىمۇ خورلۇق ـ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ، قېيىنئانا ئۈچۈن پايپېتەك، پەرۋانە بولىدۇ، ئالتۇنگۈل رەجەپنىڭ «زۇمرەتتەك زۇمرەت» ھېكايىسىدىكى زۇمرەت ئىككى قات ئەھۋالدا ناھايىتى كەچ قايتقان يولدىشى نىجاتنىڭ «تېخى ئەتىگەندىلا بىرى-تىۋا بىلەن پاكىز قىرىۋېتىلگەن ئاقۇش يۈزلىرىگە، پارقىراق پېشانىسىگە، ھەم يۇمۇلغان ئەتلىك لەۋلىرىگە، ھەتتا ئاپئاق نىلون كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا» مۆھۈر باسقان «لەنىتى كەرشىنىۋاي» لاكنى، «يەنە ئۇنى ئاز دېگەندەك ئوڭ مۇرىسىگە چاپلى-شىپ قالغان» بىرتال قوڭۇر چاچنى، «كۆڭلىكىنىڭ سۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىككى قات يېپىدا يالتىراپ تۇرغان» ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى كۆرگەن چېغىدا ـــ سۆيگەن ئامرىقى-نىڭ «باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم» دەپ، ئالبومىدا «بىلەكتەك ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئالدىغا ئېلىپ، جاننى ئالىدىغان تاتلىق، نازلىق تەبەسسۇم بىلەن قىيا بېقىپ چۈشكەن تۆت سۇڭلۇق رەڭلىك رەسىم» نىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆيگىمۇ «پات-پات باشلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالغان» يولدىشى بار چوكان بىلەن ئويناشقانلىقىنى تولۇق بىلىپ يەتكەن چېغىدا، ئېرىگە تىل ـ ئاھانەت ياغدۇرماستىن، ئاللا ـ تووۋا كۆتۈرۈپ، ئېرىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، يۈزىنى چۈشۈرمەستىن، ئېرىنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىپ موللا مۇشۇك قىلماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە سالماقلىق، مېھرىبانلىق بىلەن بىرمۇنچە سۆز ـ ھە-رىكەتلەرنى قىلىپ ئېرىنى تەسىرلەندۈرىدۇ. ئاخىرى نىجات: «دىلبىرىم، سىزنىڭ دې-لىڭىزمۇ، تېنىڭىزمۇ پاك، سىز مېنىڭ زۇمرەتتەك زۇمرىتىم! مەن سىزنى سۆيىمەن!...» دەيدۇ. سەللا دىققەت قىلىنمىسا بۇزۇلۇشى مۇمكىن بولغان ئائىلە شۇنىڭ بىلەن بۇزۇل-مايدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ. مېھرىنىسا مامۇتنىڭ «دوستۇمنىڭ خېتى» ھېكا-يىسىدىكى سۇبھىنۇر بىر چاغلاردا ئۆزى سۆيگەن، ئۆزىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كۆزدىن يو-قالغان رەپىقەتنىڭ جان ـ جىگەر دوستى رەنا بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى نەپرەت، ئۆچمەنلىكىنى بېسىۋېلىپ، رەپىقەتنىڭ رەزىللىكلىرىنى ئاشكارىلاپ ئولتۇرماستىن، دوستىغا: «دوستۇم، سەن سۆيگۈ ئازابىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ھازىرچە ھېس قىلالمايسەن. سەن ئۇنى ھەرگىز تاشلىۋەتمە، مەي-لى قانداق ئەھۋالدا بولسۇن، ئۆز بەختىڭ ۋە باشقىلارنىڭ شادلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يار-دەم قولۇڭنى سۇنغىن. ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، قىلغان خاتالىقلىرىغا پۇشايمان قىلىدۇ» دەپ خەت يازىدۇ. مېنىڭچە، لالە، زۇمرەت، سۇبھىنۇرلاردىكى قىلچە ئۆزىنى ئويلىماي، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشىنى ئويلايدىغان، كىشىلەر مۇناسىۋىتىنى پۇل، مال ـ دۇنيا، ساختىلىق، ئالدامچىلىقلارغا باغلاپ قويمايدىغان مۇنداق ئالىيجاناب روھ بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنىڭ يېڭى كىشىلىرىگىلا مەنسۇپتۇر. بۇ نۇقتىنى بىزنىڭ ياش ئاپتورلىرىمىز ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن.

تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە دەۋرىمىز كىشى-لىرىنىڭ پاك ۋە چىن مۇھەببىتى كۈيلەنگەن.

يولداش ماۋزېدۇڭ ناھايىتى بۇرۇنلا: «دۇنيادا ھەرگىز سەۋەبسىز مۇھەببەت بولمايدۇ، سەۋەبسىز نەپرەتمۇ بولمايدۇ» دېگەنىدى. دۇنيادىكى بارچە مۇھەببەت كونكرېت بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئابستراكت، مەۋھۇم بولمايدۇ. گەرچە ئۇ چىن ۋە ساختا مۇھەببەت، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلسىمۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى بولىدۇ. مۇھەببەت يالغۇز قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. قىز - يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە ئائىلىۋى مۇھەببەت چىن ۋە سەممىيلىكى بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرىدىنلا ئىبارەت. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە، كومپارتىيىگە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە، ئۇلۇغ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا، گۈزەل ئانا تەبىئەتكە، ئۇمۇمەن ياخشىلىق، چىنلىق، ئالىيجانابلىق، پاكلىق، گۈزەللىككە بولغان مۇھەببەت بىلەن چەمبەرچەس باغلانغاندىلا ئۆز ئەھمىيىتىگە ۋە كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈش، رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇ قېتىمقى «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە مانا شۇنداق مۇھەببەت كۈيلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ساختىلىقتىن خالىي. يولداش ئابلىز ئوسمان «تالانت ئادەم، كېلىچەك» تە توققۇز ياشلىق ناخشىچى گۈلزارنى ئەنە شۇنداق چىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەيدۇ. بۇ يەردىكى مۇھەببەت سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەرگە، سەنئەتكە، سەنئەتنى راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان يېڭى زامانغا، گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن كۆيۈنگەن بارلىق كىشىلەرگە بولغان مۇھەببەتتۇر. يولداش ياسىن زىلالنىڭ «ئانا» داستانىدا،

تەپتى كۈچلۈك يالقۇنلاردا ئالتۇن تاۋلىنار،
ئالتۇندەك پاك، چىردىمەس روھ ۋىجدانىمغا رەڭ.
مىڭ يىللاپ زەر كۆمۈلسىمۇ ھامان پارقىرار،
زەر خىسلەتنى زەردەك ئەرگە ئانا بەردى دەڭ.
ئوتتۇز تۈننى ئايدىڭ قىلغان بولساڭ تولۇن ئاي،
قانچە گۈزەل بولۇپ كېتەر ئىدى بۇ دۇنيا.
نېچۈك چىداپ كەتتىڭ بىزنى قالدۇرۇپ ۋاي، ۋاي،
شۈكرى، ئايسىز تۈندە ئايدۇر بىزلەرگە ئانا.
كۆمگەن بولساڭ كۆمۈش نۇرغا ئوتتۇز تۈننى سەن،
ئېرىشەتتىڭ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا.
شۇچاغ ساڭا ئانام ئوخشاش باش قوياتتىم مەن،
يەتمەس مېھرىڭ ئانام مېھرى تولۇقلۇقىغا...

دېگەندەك يالقۇنلۇق مىسرالار بىلەن ئانىنى ئۇلۇغلىشى نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان ئانىغا، ھاياتلىققا، بەخت - سائادەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ لاۋۇلدىشىدۇر. بىز «زۇمرەتتەك زۇمرەت»تىكى زۇمرەتنىڭ مۇھەببىتىگە ئاپىرىن ئېيتىمىز. ئەگەر

ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە قىلچە شەخسىي غەرەز يوشۇرۇنغان بولسا، ئۇ ئېرىنى رەسۋا قىلغان،
ئائىلىنى ۋەيران قىلغان بولاتتى. بىز «دوستۇمنىڭ خېتى» دىكى سۇبھىنۇرنىڭ مۇھەببىتىگە
قىلچە شەك كەلتۈرەلمەيمىز. ئەگەر ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە قىلچە ساختىلىق يوشۇرۇنغان
ياكى غەزەپ، ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ ئەقلىنى سەللا ئازدۇرغان بولسا، ئۆزىنى دەپسەندە
قىلغان يىگىتكە دوستىنىڭ ياردەم قىلىشىنى تىلىمىگەن بولاتتى. بۇلاردىكى مۇھەببەت
يەنىلا ئادەملەرگە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا بولغان مۇھەببەت بىلەن باغلىنىپ كەتـ
كەن. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئېلىمىزدە مۇھەببەت ئۇلۇغ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشـ
لىرى بىلەن مەھكەم باغلانغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى ئالغا سىلجىتىش رولىنى
جارى قىلدۇرالايدۇ. يولداش ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىمنىڭ «يادلىۋاپتۇ ناخشامنى قۇشلار»
دېگەن شېئىرىدىمۇ قارىماققا شەخسى مۇھەببەت لىرىكىسىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئۇ يەنە
گۈزەل ئانا دىيارنىڭ شوخ شاماللىرى، خۇش ئاۋازلىق قۇشلىرى، ئانا تەبىئەت سوۋغا
قىلىپ بېرىدىغان باھار بىلەن، ئەڭ مۇھىمى، ۋاپادار ـ ئەقىدە، قەلبلەرگە چاڭ ـ غۇبار
قوندۇرماسلىقتەك ئارزۇ ـ تىلەك بىلەن باغلانغان. مۇنداق خۇسۇسىي غەرەز، شەھۋانىي ھەۋەسـ
لەردىن خالى مۇھەببەتنى كۈيلەش كېرەك، ئەلۋەتتە.

بۇ نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەردە ياشلىرىمىزنىڭ يېڭىـ
لىق يارىتىش روھى جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ئېلىمىز ـــ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، يېرى كەڭ، ئاھالىسى
كۆپ بىر ئەل، مىللىتى، كەسپى، يېشى، كەچۈرمىشلىرى ۋە بىلىم سەۋىيىسى ئوخشاش
بولمىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە سەنئەت جەھەتتىكى
ھەۋەسىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئۇلۇغۋارلىق ۋە نەپىسلىك، جىددىيلىك ۋە قىزىقچىلىق،
لىرىكا ۋە پەلسەپىۋى قائىدىلەر كىشىلەرنى تەربىيىلەيدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرالايدىغان،
خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلالايدىغان بولسىلا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزاـ
رىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشى كېرەك. قەھرىمان پېرسوناژلارنىڭ تۆھپىلىرىدىمۇ،
ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمگەك، كۈرەشلىرى، ھىجران قايغۇسى ۋە ۋىسال شادلىقلىرىمۇ،
ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئەدەبىـ
يات ـ سەنئەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئەسەرلىرى ۋە رول ئېلىش ماھارەتلىرى، چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرـ
لىرى ۋە رول ئېلىش ماھارەتلىرى ئىچىدىكى بارلىق ئىلغار ۋە ئېسىل نەرسىلەرنى ئۆلگە
قىلىشىمىز ۋە ئۆگىنىشىمىز كېرەك.» دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشـ
نىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەرنىڭ خىلمۇخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرى
ئېلىمىزگە ئېقىپ كىردى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. بىزنىڭ كۆپـ
لىگەن ياش ئەدىبلىرىمىز ئۇ ئېقىملارنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى بەزى ماھارەتلىرىنى،
شەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ بۇ ھال شېئىر ئىجادىيىتىدە گەۋدىلىك بولدى.
ياش ئەدىبلىرىمىز مودېرنىزم ئېقىمىغا تەئەللۇق بولغان «كۈڭگا شېئىر»لارنى يېزىشتا ئۆزـ
لىرىنى ئوبدانلا سىناپ باقتى ۋە بىر تۈركۈم ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇيغۇر

www.uyghurkitap.com

شېئىرىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى، شەكىللىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن يېڭىچە شېئىر ئىجادىيىتى ئەدەبىياتىمىزغا جۇشقۇنلۇق ئېلىپ كەلدى. گەرچە بۇ جەرياندا بەزى ئەگرى - توقايلىقلار بولغان بولسىمۇ، مەسىلەن، بەزىلەر شېئىرنى زىيادە گۇڭگىلاشتۇرۇۋەتكەن، ھەرقانچە قىلىپمۇ بىرنېمىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىلىۋەتكەن، ئايرىملار بەزى شېئىرلارنى بىمەنىلەشتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئاخىرى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر توغرا يول تاپتى. ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇرېھىم زۇنۇنلارنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شېئىرلىرى يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان ياخشى شېئىرلاردىندۇر. بۇلار خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، كىشىلەرنى خۇشاللىق ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن قىلالايدىغان، كىشىلەرنى كاللا ئىشلىتىش، تەپەككۇر ۋە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق مەزمۇننى چۈشىنىشكە، تەييارغا ھەييار بولۇپ، چايناپ بەرگەنگە شۈكرى قىلىپ ئولتۇرماستىن، ناننى ئۆزى چايناپ يەپ ھۇزۇرلىنىشقا يېتەكلەيدىغان شېئىرلاردۇر. بۇ ئەسەرلەر ئىبدىيىدە ئازاد بولۇش، دادىل يېڭىلىق يارىتىش شوئارلىرىنىڭ ئىلھامى، ئىچىلىش - سايراش فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. بىزنىڭ ئىسلاھات دەۋرىمىز ئۈچۈن دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش روھى تولىمۇ لازىم. ئەلۋەتتە، بۇ دادىللىق ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئىشلەش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى توغرا نىشان، توغرا نىيەتتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات گۈلزارىنى رەڭدارلاشتۇرۇش، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ساغلام مەنىۋى تەلىپىنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغان دادىل يېڭىلىق يارىتىشتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بۇ نۆۋەت «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ھەجمى ئىخچام بولۇش، تىلى پىششىق بولۇش قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلەرگىمۇ ئىگە. شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە قۇرۇلما پۇختا بولماسلىق، ناتورالىزمغا بېرىلىپ، تۇرمۇش پاكىتلىرىنى شاللىماي، تاۋلىماي، تىپىكلەشتۈرمەي ئاددىي ھالدا ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇشتەك نۇقسانلارمۇ بار. بۇلار داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك. شۇ بىر نەرسىنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئەدەبىيات سەھنىسى بەيگە مەيدانىغا ئوخشاش، بەيگىدە ئۆزۈپ چىقىش ئوڭاي ئەمەس، شۇڭا بوشاشماي ئالغا ئىلگىرىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتتە بىرقەدەر مول ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئىگىلەش، ئەجدادلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا، بەدىئىي ماھارەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

3

يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ھەردەرىجىلىك پارتكوملار ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىگە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك... پېشقەدەم ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ياش ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ياش ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى غەيرەتلىك كېلىدۇ،

ئۆتكۈزۈلۈپ بىلەن پىكىر قىلىدۇ، ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلىچىكىدۇر، ئۇلارغا قىزغىن ياردەم بېرىپ ۋە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇشتىمۇ ئايرىلمايدىغان، ئىدىيە ۋە سەنئەت جەھەتتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئالغا باسىدىغان قىلىش لازىم... ئىختىساسلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىش لازىم. 900 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىگە ئىگە چوڭ دۆلەتتە ئاتاقلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھەقىقەتەنمۇ بەك ئاز. بۇ خىل ئەھۋال دەۋرىمىزگە تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ، بىز ئاتاقلىق ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان زۆرۈر شەرت ـ شارائىتلارنى ئىدىيە جەھەتتىلا ھازىرلاپ قالماي، خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىمۇ ھازىرلىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يولیورۇق پارتىيىمىز ۋە پېشىۋالىرىمىزنىڭ ياشلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش، ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزدا ياشلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىزچىل سىياسىتى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى يېڭى راۋاجى بولۇپ، نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. بۇ يولیورۇق ھەردەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، رەھبەرلەر ۋە گېزىت ـ ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى توغرا يېتەكلەپ، ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلەشنى كۈندىلىك خىزمەت تەرتىپىدە مۇھىم ئورۇنغا قويدى، ھەر قېتىملىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاشتا ياشلارنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاش ـ مۇكاپاتلاشقا ئېتىبار بىلەن قارىدى. بۇ نۆۋەت «تارىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈملىرى ياشلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتى پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى ۋە بۇ پائالىيەتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. بىزنىڭ ياشلىرىمىز پارتىيە يارىتىپ بەرگەن بۇ ئەۋزەل شارائىتنىڭ قەدرىگە يېتىشى كېرەك.

ياشلارنىڭ رولىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ياش تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ئەتىسىدىن، گۈزەل كەلگۈسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. يولداش جياڭ زېمىن: «بىز يېڭى ئەسىر بىلەن كونا ئەسىر ئالمىشىدىغان مۇھىم تارىخىي مەزگىلدە، زىددىيەتكە تولغان ۋە رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان دۇنيادا تۇرماقتىمىز. خەلقئارا رىقابەت، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچى پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەتتە. پەن ـ تېخنىكىدا ئارقىدا قالساق، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، زەربە يەيمىز» دەپ كۆرسەتتى. ئەدەبىياتمۇ پەن. بىز ئەدەبىياتتا كەينىدە قالساقمۇ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، زەربە يەيمىز، تارىخ ئالدىدا، ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىمىز.

يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا 10 ماددىلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

www.uyghurkitap.com

مەملىكەتلىك ياش يازغۇچىلار يىغىنىدا يولداش لى رۇيخۇەن ۋە ۋاڭ جىن مۇھىم سۆز قىلىپ، ئەسىردىن ھالقىغان زور بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەرنى — مۇشۇ ئەسىر ئىچىدىمۇ، 21 - ئەسىردىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يارىتالايدىغان ئەدىبلەرنى يېتىش مەسىلىسىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ ئاچقان «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭمۇ شىنجاڭنىڭ ھازىرقى شارائىتىدىكى ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ ئەدەبىيات - سەنئەتنى قانداق قىلىپ گۈللەندۈرۈش، ئۇنى قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىگە ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ بىر قاتار پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىدە جۇڭگوچە، كۈچلۈك، باي، زامانىۋىلاشقان سوتسىيالىزم قۇرۇش لۇشيەنىگە باپ كېلىدىغان ئەدەبىيات سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياشلارنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە — ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ قايناق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھىي قىياپىتى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي مۇقامى ئىپادىلەنگەن يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يارىتىش مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلەندى. بۇ تولىمۇ شەرەپلىك ۋە مۇشكۈل ۋەزىپە. پارتىيە ۋە خەلق ياشلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە، ئۇلارغا يۇقىرى تەلەپ قويماقتا، مىڭلىغان، مىليونلىغان جۈپ كۆزلەر ياشلارغا تىكىلگەن. ياشلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىدى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كېلەچىكى. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئېلىمىزدە پارتىيە ۋە خەلقىنىڭ مۇنداق زور ئىشەنچى ۋە ئىززىتىگە ئېرىشمەكتىن ئارتۇق بەخت يوق. شۇڭا ئەتىگەن سائەت 8 - 9 لاردىكى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشقا ئوخشايدىغان، «ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب تەشەببۇسى، ساپ دىللىقىغا، ئادالەتكە، ھەقىقەتكە چەكسىز ئىنتىلىشى بىلەن تەرەققىياتنىڭ بۈيۈك كۈچلىرىدىن بىرى» ھېسابلىنىدىغان ياشلار ھارماي - تالماي ئىزدىنىشلىرى، تارىخ يۈكلىگەن مۇقەددەس بۇرچىنى مەردانىلىق بىلەن ئورۇنداش، پارتىيە، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەكدىللىق بىلەن ئاقلىشى لازىم.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئۈمىد چېچەكلىرى پورەكلىسۇن

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

ژۇرنىلىمىز يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياش ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە بارغانسېرى كەڭ ئورۇن بېرىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ 90 - يىللارنىڭ بىرىنچى يىلىدىن باشلاپ ياش ئاپتورلارنى قوللاش، يۆلەش، يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى يېڭىچە روھ بىلەن كۈچەيتىپ، بۇ جەھەتتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە سەممىي تەربىيىسى ئارقىسىدا، ئازادلىقتىن بۇيان ئەدەبىياتىمىز ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشنىدى. ئىجادىيەت قوشۇنىمىز بارغانسېرى كېڭەيدى. ژۇرنىلىمىزنى دەۋر قىلغان ئاپتورلار ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى يۈز نەچچە كىشىدىن ھازىر بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنغا ئايلاندى. گەرچە نەتىجىلەر زور، قوشۇنىمىزدىكى ئادەم سانى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، مەملىكەتكە تونۇلغان ئاتاقلىق ئەدىبلىرىمىز بەكمۇ ئاز. بۇ ئەھۋال خەلقىمىز ۋە دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ ماس كەلمەيدۇ. بىز ئاتاقلىق ئەدىبلەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى ھەر جەھەتتىن تولۇق ھازىرلاپ، ئۇلارغا كەڭ يول بېرىپ، ئۇلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلىشىمىز، رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم.

ئۇزۇپ چىققان باشلامچىلار — يۇقىرى سەۋىيىلىك، مول ھوسۇللۇق، ئاتاقلىق ئەدىبلەر قانچە كۆپەيسە، ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشى شۇنچە تېزلىشىدۇ. قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى پەرقىمىز ئازىيىدۇ، مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئاشىدۇ. دەۋر ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. بىز 20 - ئەسىرنى تاماملاپ، 21 - ئەسىرگە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرىمىز. بىز 90 - يىللاردا ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا بىر ئۆرلەش ھاسىل قىلىپ، ئۇنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈشكە، 21 - ئەسىرنى يېڭىچە، غايەت زور نەتىجىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭى پەللىگە كۆتۈرەلەيدىغان، 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىرىپ ئەسىر ھالقىيالايدىغان زور بىر تۈركۈم قابىل ئەدىبلەر — مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلار كېرەك.

ژۇرنىلىمىز شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ياش تالانت ئىگىلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەركىن پەرۋاز

قىلىشىدا ھەر جەھەتتىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىش ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. بۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى، ئەتىكى يۈكسەك سەۋىيىسىنى، پارلاق نەتىجىلىرىنى يارىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك، ياشلار «ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ كېلەچىكىدۇر.» ياشلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنىڭ مول مېۋىگە ھامىلدار چېچەكلىرى.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۈركۈم-تۈركۈملىگەن ياش ئەدىبلەر، ياش تالانت ئىگىلىرى ئىجادىيەت سېپىمىزگە ئارقا-ئارقىدىن قېتىلىپ، ئىجادىيەت قوشۇنىمىزنى بېيىتتى ۋە ئۇنىڭغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى. ئۇلار ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەرنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئۆگىنىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، يېڭىچە ئىجادىي ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزگىچە شەكىل، ئۆزگىچە پۇراق، ئۆزگىچە تەمگە ئىگە شېئىرىي مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىپ، كىشىلەرنى خۇرسەن قىلدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قاتتى، ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە يېڭى-يېڭى ئۈنچە مەرۋايىتلارنى ئىنئام قىلىپ، ئۇنى بېيىتتى، ئىجادىيەت مۇنبىرىمىزنى جانلاندۇرۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان جاراڭلىق سادالارنى ياڭراتتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپەت ۋە سەۋىيە جەھەتتىن ئۆسۈشىگە بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىمىزدا تۇتقان ئورنى، سالمىقى ۋە ئادا قىلىۋاتقان رولى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھازىر ئاپتورلار قوشۇنىمىزنىڭ ئومۇمىي نىسبىتىدە ياش ئاپتورلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ژۇرنىلىمىز ۋە باشقا مەتبۇئات سەھىپىلىرىگە قارايدىغان بولساق ئايدىن ئايغا، يىلدىن يىلغا يېڭى-يېڭى ئاپتورلارنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىمىزغا قېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋال كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ژۇرنال مۇشتەرىلىرى سانىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى يەنىلا ياشلار ئىگىلەيدۇ. شۇڭا ژۇرنال ياش ئەدىبلەر خىزمىتىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھېسابلايدۇ. بىز ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەتتىكى ياخشى نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە 30 ياشتىن تۆۋەن ياش ئاپتورلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىجادىيەت مۇكاپاتى — «ئالتۇن چاغ» مۇكاپاتىنى تەسىس قىلغان ئىدۇق. بۇ مۇكاپات ياش ئاپتورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ ئاپتورلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ، 90-يىللارنىڭ بېشىدىكى بىر ياخشى باشلىنىش. ياش ئەدىبلەر خىزمىتىنى كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىمكانىيەتنى كۆپەيتىش، ياش ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، ئەمدى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ ياش ئەدىبلەر ئۈچۈن «ئۈمىد چېچەكلىرى» مەخسۇس سەھىپىسىنى ئاچتۇق.

(ئاخىرى 154-بەتتە)

ئابلەت ئۆمەر

# يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە مۇلاھىزە

ئەدەبىي ئىجادىيەت تۇرمۇش تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ كۈچى ۋە ئۆزىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىگە تايىنىپ بىر تارىخىي سەۋىيىدىن يەنە بىر تارىخىي سەۋىيىگە قەدەم قويىدىغانلىقى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئەدەبىياتىمىزدا ئەزەلدىن بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ژانىر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. نىسبەتەن ئاجىزراق بولغان يىرىك ژانىر — ئۇيغۇر پروزىچىلىقى، بولۇپمۇ پوۋېست، رومان ئىجادىيىتىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى نەتىجىلىرىمۇ خېلى زور بولدى.

رومان مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان يىرىك ژانىرلارنىڭ بىرى. ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر پىروزىسى قايتا جانلىنىپ، مول مېۋە بېرىشكە باشلىغانىدى، لېكىن مەدەنىيەتنى دەپسەندە قىلىدىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت مىسلى كۆرۈلمىگەن تارىخىي تىراگېدىيىدە يازغۇچىلار قوشۇنى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، قايتىدىن بىخلىنىۋاتقان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر پىروزىچىلىقى نابۇت قىلىنىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ باھارى يېتىپ كەلدى. ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن تارىخ ئەسلىگە كېلىپ، بىر تۈركۈم يازغۇچىلار يېڭىباشتىن قولىلىرىغا قەلەم ئالدى، قەييۇم تۇردى، زوردۇن سابىر، ئەخەت تۇردى، ئابدۇراخمان قاھار، ئايشەم ئەخمەت قاتارلىق ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئۆتكۈرلۈكى ۋە بەدىئىي تالانتىنى نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئىجادچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھىغا باي مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەر، مەھەممەت باغراش، توختى ئايۇپ، خالىدە ئىسرائىل قاتارلىق ياش ئاپتورلار پىروزا ئىجادىيىتى قوشۇنىغا كىرىپ كەلدى. ئەدەبىياتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بولغان يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ۋە پۈتۈن زېھنىنى ئىجادىيەتكە قاراتقانلىقى تەبىئىي ھالدا مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

70 - يىللارنىڭ ئاخىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر پروزىسى، بولۇپمۇ رومانچىلىقى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا يۈكسەلدى. بۇ دەۋرگە كەلگەندە، ئەسلىدە ھېكايە، ئوچېرىك ۋە باشقا نەسرىي ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىر قىسىم يازغۇچىلىرىمىز پوۋېست، رومان، ھەتتا تىرىلوگىيىلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلارنىڭ نەزەرى مەلۇم دائىرىدىكى تۇرمۇش زېمىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ بىپايان، تېخىمۇ مول، ھايات زېمىنىغا تاشلاندى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە قەييۇم تۇردىنىڭ «قىزىلتاغ ئېتىكىدە»، «كۈرەشچان يىللار»، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»، «ئاۋارال شاماللىرى»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، ئابدۇللا تالىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى»، «چالا تەگكەن ئوق»، تۇردى سامساقنىڭ «ئاخىرەتتىن كەلگەنلەر»، ئابدۇراخمان قاھارنىڭ «ئىلى دولقۇنلىرى»، ئايشەم ئەخمەتنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار»، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سۇتۇق بۇغراخان»، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق ئون نەچچە پارچە رومانى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ رومانلاردا گەرچە ئىدىيىۋى مەزمۇن دېگەندەك چوڭقۇرلىشالمىسلىق، پېرسوناژلار ئوبرازى جانسىزراق بولۇپ قېلىش قاتارلىق يېتەرسىزلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پروزىدا تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ رومانلار پروزىمىزنىڭ ئىدىيىۋى، غايىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆسۈپ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ روشەن خاراكتېرلىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىشقا باشلىغانلىقىنى، ھەقىقىي تۈردە رېئال ھاياتقا يۈزلەنگەنلىكىنى، ئەدەبىياتىمىزدىكى قۇرۇقلۇق ۋە بوشلۇقنىڭ تولدۇرۇلغانلىقىنى نامايان قىلىپ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرقەدەر يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا، يېڭى دەۋردىكى جەڭگىۋار ھاياتنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە، ھەتتا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈشكە قابىل ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

ئۇيغۇر پروزىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرىنىڭ بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتقانلىقى، سالمىقىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ رېئاللىقىنى، خەلقىمىزنىڭ داد - پەريادى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي زوقىغا ماسلاشقانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. رومانچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىياتى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، روماندا ھامان بىر پۈتۈن دەۋرنىڭ كەڭ كارتىنىسى سىزىلىپ، بىر پۈتۈن تارىخىي دەۋرنىڭ روھى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان رومانچىلىقىمىزدا يازغۇچىلىرىمىز ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشىدىن تېما ئېلىپ، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ تارىخىيلىقىنى كۈچەيتتى، شۇنداقلا خەلقىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، كۈرەشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق يەرلىك ئالاھىدىلىكنى دەۋر روھى بىلەن بىرلەشتۈردى. مەسىلەن، قەييۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» روماندا 1946 - يىلدىن 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئون نەچچە يىللىق رېئال ھەم مۇھىم

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئا. ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» رومانىدا 1907-يىلىدىن 1913 - يىلىغىچە قۇمۇلدا فېئودال خانلىق تۈزۈمىگە ۋە ئەكسىيەتچىل ۋاڭ - غوجىلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى ئاساسىي تېما قىلىنىپ، ئەكسىيەتچىل مىلىتا- رىستلار بىلەن يەرلىك ۋاڭ - غوجىلارنىڭ ۋەھشىيلىكى پاش قىلىندى، شۇنداقلا دېھقانلارنىڭ تاغنى تالقان قىلىدىغان كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - پاراستى، قەيسەرلىكى نامايان قىلىندى.

ئىككىنچى، چىنلىقتا، خىلمۇ خىللىقتا، مىللىي خاراكتېرگە ئىگە تىپىك ئوبرازلار، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا تەۋە بەدىئىي تىپلار يارىتىلدى. مەسىلەن، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش» رومانىدا بىر ياش ئۇيغۇر زىيالىيسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ئەگرى - توقاي مۇساپە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، رومانىدىكى كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي مەزمۇن ئەلا، ھاشىر، گۈزەلئاي، رەقىپ قاتارلىق كونكرېت، جانلىق بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەندى.

ئۈچىنچى، پروزىمىزدا، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن ھېكايە، پوۋېستلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى تەرەققىياتلار، كۈ- رەش ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزدا بارلىققا كەلگەن يېڭى شەيئى، يېڭى ئىش ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى مۇناسىۋەتلەر قىزغىن مەدھىيىلەندى. بۇ جەھەتتە خەلقىمىزنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بەزىلەر ئۆز ئەسەرلىرىدە ئىسلاھات تېمىسىغا يانداشىپ، خېلى زور ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

تۆتىنچى، پروزىچىلىقىمىز شەكىل، ئۇسلۇب، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتلەردىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە يېڭىلىقلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇلار بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىنقىلابىي رېئالىزم ئەنئەنىسىنى تەرەققىي قىلـ دۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كلاسسىكلارغا، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، خەنزۇ ئەدەبىياتىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بەدىئىي شەكىل جەھەتتە ئىزدەندى ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشتى. بۇ نۇقتىدا ئىقتىدارلىق ياش يازغۇچىلىرىمىزدىن ئەخەت تۇردى، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەر، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم ھېكايە، پوۋېست ۋە رومانلىرى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

لېكىن پروزا ئىجادىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئېلىمىزنىڭ مۇشۇ زامان ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشكە، پىكىر قىلىش، بەدىئىي ماھارەت جەھەتلەردە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتە تۆۋەن- دىكى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، پروزا ئىجادىيىتىمىز جانلىنىشقا باشلىغان يىللاردا «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ تونۇشىغىمۇ تەسىر قىلىپ، كېڭەيتىۋېتىلگەن سىنىپىي كۈرەشنى ئادەتتىن تاشقىرى تەكىتلەش خاھىشى بىرقەدەر گەۋدىلىك كۆرۈلگە- نىدى. بۇ جەھەتتە ئاپتورلىرىمىزنى ئەيىبلەش ئادىللىق بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك تەجرىبە ساۋاق ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، پروزا ئەسەرلىرىمىزنىڭ تېمىسى ياخشى، يەرلىك ئالاھىدىلىكى ۋە

www.uyghurkitap.com

تۇرمۇش پۇرىقى كىرگۈزۈلگەن، ۋەقەلىكى مول ۋە جانلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي سەزگۈرلۈكى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى كەمچىل بولغانلىقتىن قېلىپلىشىپ قالغانلىق، ئاددىيلىق ھەم يۈزەكىلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ.

ئۈچىنچى، پروزىمىزدا كىتابخانلىرىمىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان پەلسەپىۋى پۇراق ئاجىز، كۆپچىلىك يازغۇچىلىرىمىز نەزەرىيە ۋە پەلسەپە جەھەتتىن تەربىيىلىنىشكە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن، ئەسەرلىرىمىزنىڭ تارىخى، رېئال كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەنرەك. ھالبۇكى ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەشھۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇتەپەككۇرلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى غايەت زور تارىخىي مەزمۇنغا ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇپ، ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان.

تۆتىنچى، پروزا ئەسەرلىرىمىزدە تىپىك بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش، تىپنى تاۋلاش جەھەتتىمۇ يېتەرسىزلىك بار. بەزى ئەسەرلىرىمىزدىكى پېرسوناژلار كىچىككىنە شامالغا بەرداشلىق بېرەلمەي، مىدىرلاپ كەتسىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغان غازاڭغا ئايلىنىپ قالغان.

بەشىنچى، پروزىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا تارىخىي تېمىدا يېزىلغانلىرى رېئال تۇرمۇشقا بېغىشلانغانلىرىغا، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تېمىسىغا بېغىشلانغانلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك، يېزا تۇرمۇشىنى يازغانلىرى، ئىشچىلار، زىيالىيلار ۋە كارخانىچىلارنى يازغانلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك ھەم نەتىجىلىكرەك بولدى.

ئەدەبىيات خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك «خەلق روھىدىن چاقنىغان نۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقنى ئالغا يېتەكلەيدىغان مەشئەل» بولۇپ، ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دەۋردىكى ئۆزگىرىش ۋە كۈرەشلەر ھەقىقىي يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، پەقەت بىر يېزا، بىر كەنتلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، پەقەت بىر خىللا پېرسوناژ ئەمەس، خىلمۇ خىل پېرسوناژلار ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، ئەكس ئەتتۈرۈلگەندىمۇ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى قارىشى، ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ نەزەرى بىلەن ئەمەس، زامانىۋى تەرەققىيات قارىشى ۋە نەزەرى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. قىسقىسى، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ھەم ئاساسىي مۇقامى ئەكىتلىنىشى كېرەك. چۈنكى دەۋر تۇرمۇشىنى ۋە كەيپىياتىنى دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش، زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە تېمىلارنى تاللاش، ئاڭلىق ھالدا تۇرمۇشنى چۈشىنىش، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ــ ئەدەبىياتنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچى. شۇندىلا پروزا ئەسەرلىرىمىزنىڭ تونۇش، تەربىيىلەش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىستېتىكىلىق تەسىرلەندۈرۈش كۈچى تېخىمۇ زور بولىدۇ، پروزىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلىنىش جەھەتتە ئالغا قاراپ يەنە بىر چوڭ قەدەم تاشلىيالايدۇ.

يېڭى دەۋر باشلانغاندىن بۇيان، مېنىڭ قارىشىمچە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىد، ئەدەبىي ئوبزورچىلىق جەھەتتە خېلى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئالدى بىلەن ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەلىماتىغا دائىر خېلى كۆپ ئەسەر، ماقالىلەر، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىغا دائىر كۆپلىگەن ماتېرىياللار، جۇڭگودىن مەلۇم ساندىكى تەتقىقات ئەسەرلىرى ۋە ئوبزورلار ئېلان قىلىندى. بىر تۈركۈم پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئەدەبىي ئوبزورچىلاردىن تەركىب تاپقان ئەدەبىي ئوبزورچىلار قوشۇنى شەكىللەندى. يازغۇچى، شائىرلار ۋە كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا

ئېرىشكەن بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزورلار مەيدانغا چىقتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئەدەبىي تەنقىد ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ماسلىشىشتىن، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە يېتىشىۋېلىشتىن كۆپ يىراق.

ئەدەبىي تەنقىدتىكى يېتەرسىزلىكلەرنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى شۇكى، ئېلان قىلىنغان ھەر خىل ژانىردىكى بىرقەدەر مۇنەۋۋەر، نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەر تېخى تېگىشلىك باھاغا ئېرىشەلمىدى. ئىجادىيەت جەھەتتىكى نەزەرىيە ۋە تەنقىدچىلىك قانۇنىيىتى مەسىلىسى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرلىك مەسىلىلىرى تېخى كۈن تەرتىپكە قويۇلمىدى. نۆۋەتتە، يېزىلىۋاتقان ئەدەبىي ئوبزورلاردا قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن، ئومۇمىي ساۋاتقا ئايلىنىپ قالغان قۇرۇق گەپلەرنى يورغىلىتىش، كونكرېت ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ھەقىقىي باھالاشنىڭ ئورنىغا ئاددىي، يۈزەكى ھالدا ئەرزان باھالىق، يېنىك ھۆكۈملەرنى چىقىرىش، باھالار خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغان خىشلاردەك بىر خىللا بولۇپ قېلىش ئەھۋاللىرى بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى. گەرچە ئەدەبىي تەنقىدنى ساغلام قانات يايدۇرۇش ھەققىدە چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا كۆپ سۆزلەنگەن ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا ئاز بولمىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئىزچىل ھالدا بىر پەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇ بەزىدە ئاپتورلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان كالتەكلىك رولىنى ئوينىسا، بەزىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا خۇشامەت قىلىدىغان خۇشامەت ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتا ئىلمىيلىك، جەڭگىۋارلىق، ۋە خاسلىق دېگەندەك گەۋدىلەنمىدى. ئاپتورلارنى تېمىدا كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقنى، شەكىلدە يېڭىلىق ۋە ئىجادىيلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە ئەمەلىي ياردەم كۈچلۈك بولمىدى. بۇھال ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشاشلا ئەدەبىي ئوبزورچىلىقتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش زۆرۈرلۈكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت پەن-مەدەنىيىتىگە قىممەتلىك ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇزاق يىللىق شانلىق ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىمۇ زور تەرەققىياتقا، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىنىڭ شۇ قەدەر يېتەرسىز بولۇشى ۋە ئىجادىيەتكە ياندىشىپ كېتەلمەسلىكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇ ھالەتنى پاتراق ئۆزگەرتىش كەڭ يازغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ جىددىي تەلىپى.

ئوبزورچىدا ئالدى بىلەن توغرا دۇنيا قاراش، ھەق-ناھەق قارىشى بولۇش، تارىخقا ھۆرمەت قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان روھ بولۇش كېرەك. ئەدەبىي ئوبزورچىلىق پۈتكۈل ئەدەبىيات جەريانىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ رولى ۋە ئورنى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ باشقا ھەرقانداق ژانىرلىرىدىن تۆۋەن ئەمەس.

قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي تۈس ئالغان ئەدەبىي ئەسەرلەر شۇ مىللەت

خەلقىنىڭ رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، باشقا مىللەت خەلقلىرىنىمۇ شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىش، ھەمكارلىششنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداقلا ئۆزىگە خاس خۇشبۇي پۇرىقى، ھۆسنى-جامالى ۋە جەزىبىدارلىقى بىلەن سوتسىيالىستىك ئانا ۋەتەننىڭ شان-شەرىپى ھەم ئىززەت-ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىمۇ ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى ئەزەلدىن غەربىي دىياردا يىلتىز تارتقان. بۇ مەدەنىيەت بۇرۇندىنلا بېكىنمە ھالەتتە ئەمەس، ئېچىۋېتىلگەن، يەككە-يېگانە ئەمەس، مول ۋە رەڭدار بولۇپ، ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ، چەت ئەللەرنىڭ، شەرق ۋە غەربنىڭ ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ھەر خىل مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىيلىككە ئىگە جەزبىدار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۇرگەن. ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا بۇ يەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ۋە ئۆزلىرىنى چېگرا رايوننى قوغداش ۋە گۈللەندۇرۇشكە ئاتىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت زىيالىيلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ باش قەھرىمانلىرى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، كۈرەشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ھەرقايسى ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچتىكى ئۆزگىرىشلەرنى قايتا ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، ھەم ئىجتىمائىي تونۇش قىممىتىگە، ھەم ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تارىخى ۋە ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەلگىلىگەن، بۇ خىل مىللىي ئەنئەنە بولمايدىكەن، مىللىي مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. بۇ يازغۇچى، سەنئەتكارلاردىن ئۆز ئىجادىيىتىنى شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا يىلتىز تارتقۇزۇشنى، شۇ مىللەتنىڭ ئۆزگىچە تارىخى ۋە رېئال تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە تونۇپ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە پىسخىك سۈپەتكە ئىگە تىپىك ئوبرازلارنى يارىتىشقا ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەنئەنىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزگىچە ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى كۆپ خىللىقنى ساقلاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە قىلىشىمىز لازىم. شۇندىلا ئۇ دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، دۇنياغا يۈزلىنەلەيدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللىنىدۇ. بەدىئىي ئەسەرلەردە ئۇ توغرا، چىن ۋە جانلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلان قىلىنىۋاتقان بەدىئىي ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى، بەدىئىي سۈپىتى، باش تېمىنى چوڭقۇر قېزىپ كەڭ ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلىشى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ باي ۋە رەڭدارلىقى، مىللىي خاراكتېرنىڭ يارىتىلىشى، مىللىي تىل، ئۆرپ-ئادەت ۋە ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ كۆرسىتىلىشى كىشىنى تازا قانائەتلەندۇرەلمەيۋاتىدۇ. مىللىي خۇسۇسىيەتىنى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئاجىزلىق پەقەت

كىيىم - كېچەك، ماقال - تەمسىل، مۇدىدىئا، ئۇسۇل ياكى يۇمۇرلۇق چاقچاق بىلەنلا پەدەزلىنىۋاتىدۇ.

تېما دائىرىسىنىڭ تاربولۇشى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كەمچىلىكى كىشىنى تېخىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. بىز ئەسەرلىرىمىزنىڭ روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىۋى، زور ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئىپادىلەشكە، دەۋرىمىزنىڭ مۇقامىنى جارانگلىتىشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۆتمۈشتىكى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بېكىنمە تۇرمۇش ھالىتى ۋە ئۇسۇلىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى يېڭى، ئەنئەنىۋى يوسۇننىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى، سىڭىشىشى ھەمدە بۇ ئامىللار نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان پىسخىك ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئىناق ئىتتىپاق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يەنە بىر مۇھىم تېمىسى. روشەنكى، بۈگۈنكى ئىجادىيەتتە ئەنئەنە بىلەن يېڭى دەۋر ئېڭىنى زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا، خەلقىمىزنىڭ يېڭى رېئال تۇرمۇشىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز.

ماركسىزملىق ئەدەبىيات تەلىماتىنىڭ تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن چەتتىن كەلگەن ئەدەبىيات - سەنئەتكە قارىتا قارشى تۇرۇش، چەتكە قېقىش پوزىتسىيىسىنى ئەمەس، بەلكى تەنقىدىي قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش كېرەك.

مىللىتىمىزنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئاساسىغا، ئەنئەنىسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ھەمدە ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنى قارىقويۇق قوبۇل قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ خۇددى ياۋروپا پاسوندىكى ھەشەمەتلىك بىنالارنى ئۆز زېمىنىمىزغا سېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇنى مۇئەللەقتە ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقىمىزنىڭ قولى ۋە ئەقىل - پاراسىتى بىلەن ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىقىغا سالغاندەك بىر ئىش. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات جەريانى بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئىگىلەش جەريانى ئەمەس، ئەكسىچە تەدرىجىي جۇغلىنىش جەريانى، شۇ سەۋەبتىن ئەدەبىياتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ «كونىنى، ئۆزىمىزنىڭكىنى بۇزۇپ، يېڭىنى، چەت ئەلنىڭكىنى تىكلەش كېرەك» دەيدىغان خاتا ئىدىيىنى قەتئىي تۈگىتىش لازىم.

ئىزدىنىش، يېڭىلىق يارىتىش — ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچى. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بېكىنمىچىلىك چەمبىرىكىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش توغرا، ئەمما بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغانلاردەك مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ئەنئەنىسىنى چەتكە قېقىپ، غەربنىڭ مەدەنىيىتىنى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ. ئۇ ھەرقانچە مۇنەۋۋەر ھەم ئېسىل بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئۇرۇق سۈپىتىدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە سىڭدۈرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ ئورگانىزمى ۋە قېنىغا ئايلاشتۇرۇش كېرەك. چەتتىن كەلگەن مەدەنىيەتنىڭ شاكىلىنى قەتئىي چەتكە قېقىپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بۇلغىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىشىمىز زۆرۈر.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى، غەرب

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كاپىتالىزمنىڭ ھەر خىل ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە رەڭگا-رەڭ «نەزەرىيىلىرى»نى تونۇشتۇرۇش، تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىشقا ئانچە ئېتىبار بېرىلمىدى. نەتىجىدە بەزىلەر پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان، ئىدىراكسىزلىق، بىمەنىلىك، تۆۋە-ئىستىغپارچىلىق، تەركىيىدۇنياچىلىق، شەھۋانىلىق، شەخسىيەتچىلىك تەرغىپ قىلىنىدىغان بەزى ئەسەرلەرگە قىزىقىپ كەتتى. غەرب مودېرنىزمى قارا-قويۇقلا كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئېستېتىك تەلىپى نەزەرگە ئېلىنمىدى. بۇ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى ياش يازغۇچىلارنىڭ مودېرنىزمنىڭ ئۇنۇملۇك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدىن ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلاشقا بولىدۇ. لېكىن غەرب مودېرنىزم ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئېستېتىك قارىشى، كىشىلىك قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى ئومۇمييۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈش، «جۇڭگوچە مودېرنىزم» دېگەن تېمىنى ئىجاد قىلىش ۋە بۇنداق ئەدەبىيات-سەنئەتنى جېنىنىڭ بارىچە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئىنقىلابىي رېئالىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇش خاتا.

مېنىڭچە، ئاتالمىش «جۇڭگو مودېرنىزمى» قارىماققا غەرب مودېرنىزمىدىن پەرقلەنگەندەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىدىراكسىزلىق، بىمەنىلىك، غېرىبلىق، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك غەرب مودېرنىزمىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. شۇ ۋەجىدىن غەرب ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ دۇنيا قارىشى، تارىخىي قارىشى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، تۇرمۇش ئىستىلى، قىممەت قارىشى، تەركىيىدۇنياچىلىق، ئۈمىدسىزلىك، ئەسەبىيلىك، دۇنيادىن، ھەممىدىن بىزار بولۇش روھىي ھالىتى ۋە ھاياتقا دۈشمەنلىك بىلەن قاراش كەيپىياتىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ھەرگىز قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» نىقابى ئاستىدا پەردازلەنگەن بۇ نەرسىلەر ماھىيەت جەھەتتە سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا زىيانلىق بولۇپ، ئىدىيە جەھەتتە مەنىۋى بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈركى، خۇددى تارىختىكى ھەر قانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئاساسىي ئېقىمى بولغىنىغا ئوخشاش، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنىسى، ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئاساسىي مۇقامى بار. مېنىڭچە، سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ئاساسىي مۇقامى دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپى ۋە تارىخىي تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، خەلقنى ئىرىشىپ سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش، ئۇلارنى پائال ئالغا ئىنتىلىش ۋە جاسارەت بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە قىلىشى، ۋەتەن، بىرلىككە ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر: سارەم ئىبراھىم

مەھەممەت شاۋۇدۇن

# شائىر ـ تىنىم تاپماس ئادەم

شائىرلار ھۆرمەتلەشكە، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان سۆيۈملۈك كىشىلەر. شائىرلار خەلقنىڭ جان كۆيەر كۈيچىسى ۋە غەزەلخانى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادى، پىكىر ـ خىيالى خەلقنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە نۇرلاندۇرۇشتا! شۇڭا ئۇلار بۇ يولدا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئەجىر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجىر ـ ئەمگىكى ئىنتايىن ھالال ۋە خالىس. ئۇلار ھېچكىمدىن بەدەل، ئىنئام ـ ئىلتىپات تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ، ئۆزلۈكىدىن، ۋىجدانەن ئىشلەيدۇ، قىلغان ئەجرىدىن مىننەت قىلمايدۇ، غەلىبە قىلسا، كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويمايدۇ، مەغلۇپ بولسا، مەيۈسلىنىپ بوشاپ كەتمەيدۇ. ئوڭۇشسىزلىق، قېيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇققا ئۇچرىسا، يېرىم يولدا بەل قويۇۋەتمەيدۇ. دەككە ـ دەشنام ئىشىتسە، رايى يېنىپ سوۋۇپ قالمايدۇ، بىزىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنى جاپا ـ مۇشەققەت قورقىتالمايدۇ، يىللار قېرىتىپ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرالمايدۇ. ئۇلار «ئىجاد يىللارنى قېرىتىدۇ» دەپ قارايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى بولغان يىللارنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، مىنۇت ـ سېكۇنتىنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى ـ كۈنتەرتىپىدە بوش ئورۇن يوق.

شېئىرلاردا ئەمگەكچانلىق ـ ئىشچانلىقنىڭ بەدىئىي ئۆلگىسى قىلىپ كۈيلىنىدىغان ھەسەل ھەرىسى ئېتىزلاردا قىچىلار ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، تاغ ـ داللاردا گۈل ـ چېچەكلەر رەڭ تالىشىپ بەس ـ بەستە ئېچىلىپ، پايانسىز زېمىن گۈل ـ چېچەك دۇنياسىغا ئايلانغان ياز پەسلىدە نەچچە يۈز مىڭ كىلومېتىر مۇساپە بېسىپ ئۇچۇپ، تەخمىنەن ئون نەچچە مىليون گۈل ـ غۇنچىغا قونۇپ، ھارماي ـ تالماي شىرنە توپلايدۇ. لېكىن بۇ ئىشچانلىقى داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. گۈل ـ چېچەك پەسلى ئۆتكەندىن كېيىن ئىشتىن توختايدۇ. ئەقىل بۇلاقلىرىنى ئېچىپ، ئىلىم ـ ھېكمەت دەرياسىنى ئۇلغايتىش يولىدا پىداكارانە ئەجىر قىلىدىغان سۆيۈملۈك باغۋەنلەر يىلدا ئىككى ئاي تەتىل قىلىپ دەم ئالىدۇ. دېھقان ئالتە ئاي تىنىم تاپماي ئالدىراش ئىشلىسە، قىشتا ئارا بولىدۇ، لېكىن شائىر پەقەت تىنىم تاپمايدۇ، قولى بوشىمايدۇ، قىش ـ ياز ئوخشاشلا ئارام ئالالمايدۇ. يىلىلاپ، نەچچە ئون يىللاپ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى نەپىسىگە قەدەر تىنىم تاپماي ئەجرە قىلىدۇ.

«سېلىزدىيە توقۇمىچىلىرى»، «كۈتۈپ تۇرۇڭلار» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى بىلەن بىزگە خېلىدىن بۇيان تونۇش بولۇپ كېلىۋاتقان گېرمانىيە شائىرى ھېينىرىخ

ھېينى (1856 — 1795) ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقتىدا، ئۆز كېسىلىنىڭ ساقايمايدىغانلىقىنى، ئۆلۈم خەۋپىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق دوختۇرلار ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىنىڭ نەسىھىتى ۋە توسقىنىغا قارىماي، يەنە كۈنىگە ئالتە سائەت بېسىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلغان. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «ماڭا قەغەز - قەلەم بېرىڭلار!» دەپ جان ئۈزگەن.

گېرمانىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى گېيوتى ئۆز ئۆمرىدە ۋاقىتنى جېنىدىن ئارتۇق بىلىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ - تىرمىشىپ، ئىجادىيەتنىڭ بىر - بىرىدىن مۇشەققەتلىك، تىك قىيالىق، قىڭراقنىڭ بىسىدەك قىرلىق تاشلىق، گاھ تىكەنلىك، گاھ قويۇق چاتقاللىق ھەمدە قار - شىۋىرغانلىق داۋىنىغا ياماشقان. ئۇ 59 يىل (1832 — 1773) ئاشۇنداق تىنماي ئەجىر قىلىش، قەدەممۇ قەدەم سىلجىش بەدىلىگە مەشھۇر ئوپېراسى «فائۇست»نى ياراتقان. ئىتالىيە شائىرى ئارسوستو «تەلۋە دولاند» دېگەن 48 مىڭ مىسرالىق ھەجۋىي داستانىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، 30 يىللىق قىممەتلىك ھاياتىنى ئايانماي قۇربان قىلغان.

پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلاش، ئۆزىنى ئۇنتۇش دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس. مانا بۇ، ئىخلاس، ئىرادىنىڭ ھەقىقىي كارامىتى!

تەقدىر شائىرلارنىڭ بېشىغا خىلمۇ خىل ئېغىر قىسمەتلەرنى سېلىپ سىنايدۇ. لېكىن شائىر ئاسانلىقچە تەقدىرگە تەن بېرىپ قەلىمىنى تاشلىمايدۇ. تەقدىر بىلەن ئېلىشىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. يەنىلا تىنىم تاپمايدۇ. تەقدىرنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ.

ئەنگلىيىنىڭ 19 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئايال شائىرى ئېلىزابېت باررېت (1861 — 1806) بالا - قازاغا ئۇچراپ، 15 يېشىدىن باشلاپ 20 يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۇنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر كۆلپەتلەر ۋە دەرد - ئەلەملەر كەلگەن. بۇلار شائىرنىڭ يالقۇنلۇق يۈرىكىنى زەئىپلەشتۈرەلمىگەن، تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرىنى چۈشەپ قويالمىغان. ھاياتنىڭ خىلمۇ خىل تەسىرى ئۇنى روھلاندۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرغان. ئۇ كېسەل ئازابى ۋە روھىي ئازابىنى يېڭىپ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق سونېتلارنى يازغان. 1844 - يىلى 38 ياش ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئىككى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان.

سوۋېت يازغۇچىسى گىلادكو «يازغۇچىنىڭ تەتىلى يوق» دېگىنىدەك، شائىرغا دەم ئېلىش - ئارامچىلىق يوق. ئەمەلىيەتتە، شائىرمۇ سىز، بىزگە ئوخشاش چارچايدۇ، دەم ئالىدۇ. ئويۇن - تاماشا، سەيلە - ساياھەت قىلىدۇ ھەم مۇشۇنداق قىلىشنى خالايدۇ، لېكىن ئوخشىمايدىغان، ئۆزگەرتكىلى ۋە تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان بىر ئالاھىدە خۇيى - خاراكتېرى شۇكى، ئۇلار كۆڭۈلنى سېھىرلەپ مەستخۇش قىلىدىغان جەننەتتەك گۈزەل ئىستىراھەت ئورۇنلىرىغا، سەيلىگاھلارغا بېرىپ دەم ئالسىمۇ، سەيلە - تاماشا قىلسىمۇ، يەنىلا تىنىم تاپمايدۇ. بۇ، شائىرلارنىڭ ئىختىيارىغا، ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنى شامال جىم تۇرغۇزمىغاندەك، تۇرمۇش، رېئاللىق شائىرنىڭ مېڭىسىگە تەسىر كۆرسىتىپ،

تەپەككۇر ماتورىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇنى جىم تۇرغۇزمايدۇ. قەلەم تۇلپارىنى دېۋىتىپ، يېڭى ئىجادىيەت سەپىرىگە ئاتلاندۇرىدۇ، چاپتۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ دەم ئېلىشمۇ دەم ئېلىش بولمايدۇ.

پۇشكىن 1830 - يىلى توي قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسىنىڭ بورگىننو يېزىسىدىكى قورۇقىغا كەلگەن. ئۇ بۇ يەردە 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە توپتوغرا 90 كۈن تۇرغان. لېكىن پۇشكىن بۇ 90 كۈننى دەم ئېلىش بىلەن ئەمەس، ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، «يېۋگېنى ئونېگىن» شېئىرىي رومانىنى يېزىپ تاماملىغان. ئۇنىڭدىن باشقا «بېكەت نازارەتچىسى» قاتارلىق يەتتە - سەككىز ھېكايە، «بېخىل رىتسار» قاتارلىق يەتتە - سەككىز سەھنە ئەسىرى، 30 غا يېقىن شېئىر يازغان. بۇ پۇشكىننىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدا ئەڭ ھوسۇللۇق مەزگىل بولغان، كىشىلەر پۇشكىننىڭ بۇ مەزگىلىنى «ئالتۇن كۈز پەسلى» دەپ ئاتىغان. پۇشكىن ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە كۈزدە بورگىننوغا دەم ئېلىشقا كېلىپ يېرىم ئاي تۇرغاندا، مەشھۇر شېئىرىي چۆچەك — «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

شائىر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جەڭگىۋار ھالەتتىكى جەڭچىگە ئوخشايدۇ. ئۇ، شېئىر يېزىشتا ۋاقىت، ئورۇن تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئىلھام ئۇنى قاچان، قايەردە چاقىرسا، ئۇ شۇ ھامان قولىغا «قورال» — قەلەم ئالىدۇ. بۇنداق چاغدا شائىرغا خۇددى جەڭچىگە ئوخشاش، ھېچقانداق ۋاقىت بىئەپ تۇيۇلمايدۇ، ھېچقانداق ئورۇن قولايسىز بىلىنمەيدۇ. شۇڭا شائىرلارنىڭ ئۇخلاۋېتىپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ بىر نېمىلەرنى يېزىپ كېتىشى، بەزىدە يەۋاتقان تامىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ يېزىشقا كىرىشىپ كېتىشى، سەپەردە كېتىۋېتىپمۇ قەلىمىنى كىتىرلىتىپ ئولتۇرۇشى، ھەتتا كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ۋە بەزمە - ئولتۇرۇشلاردا ئولتۇرۇپمۇ قويۇن دەپتىرىگە ياكى پارچە - پۇرات قەغەزلەرگە، سەرەڭگە قېپى ۋە تاماكىنىڭ قېپىغىمۇ بىر نېمىلەرنى جىجاپ ئولتۇرۇشى ... ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى شائىرنىڭ ھاياتىدا تاسادىپىي يولۇققان ۋەقەلەر، مەلۇم تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ غىدىقلىشى ۋە تەسىرى نەتىجىسىدە شائىرنىڭ تۇرمۇش جۇغلانمىسى بىردىنلا جانلىنىپ، ئىلھامنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەپەككۇرى چوڭقۇرلىشىپ، يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدىغان، يەنى ئۇشتۇمتۇت يېڭى شېئىرلىرى دۇنياغا كۆز ئاچىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

گومورو ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدا (1919 - يىلى) بىر كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى بىر كۇتۇپخانىغا بارغان. بۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە ئېلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى «4 - ماي» ھەرىكىتى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن، ئېلىمىزدە پارلىغان تاڭ نۇرى گومورونىڭ قەلبىدە يالقۇنلۇق ئىستەكلەرنى قوزغىغان مەزگىل ئىدى. گومورو كۇتۇپخانىدا كىتاب كۆرۈۋاتقاندا، بىردىنلا ئىلھامى كەلگەن. ئۇ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، كۇتۇپخانىنىڭ ئارقىسىدىكى شېغىل ياتقۇزۇلغان يولغا چىققان. ئۇ، پۇتىدىكى سەندەلنى سېلىۋېتىپ، ھاياجىنىنى باسالماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىغان. كېيىن ئۇنىڭ يول ئۈستىدە يېتىۋالغۇسى، يەر — ئانىنى قۇچاقلاپ سۆيگۈسى كەلگەن.

ئەنە شۇنداق شېئىرىي ھېسسىياتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە بىر شېئىر تۇغۇلغان. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرگەن پېتى ياتىقىغا كېلىپ، «يەر ـــ ئانا» دېگەن شېئىرنى يازغان.

تۇرمۇش، بىلىم، ماھارەت ـــ يازغۇچى، جۈملىدىن شائىر بولۇپ يېتىشىشنىڭ ئۈچ مۇھىم ئامىلى. شائىرنى قۇشقا ئوخشاتساق، تۇرمۇش ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، بىلىم، ماھارەت ئۇنىڭ ئىككى قانىتى. ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇلارنى يېتەرسىز، تۈگىمەس مول مەنبە بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلق ـ ئانا ئۇلارنى تەربىيىلەيدۇ، ئۇلارغا ئوزۇق بېرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆمۈر بويى تۇرمۇش قايناملىرىغا چۆكۈپ، رېئال تۇرمۇشنى، ئەمەلىيەتنى، بارلىق شەيئى، ھادىسىلەرنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، تۇرمۇش ماتېرىياللىرى ئامبىرىغا ئۈزلۈكسىز بايلىق توپلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى بىلىم ۋە ماھارەت جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى تىنىم تاپماي ئۆگىنىدۇ، كۆزىتىدۇ، تەتقىق قىلىدۇ، ئىزدىنىدۇ...

خەلق ئالدىدىكى بۇرچى ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، ئەمەلىيەتنىڭ ۋە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش تەلىپى ئۇلاردا تولىمۇ قاتتىق تەلەپچانلىق ۋە كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى پەيدا قىلغان. شۇڭا ئۇلار يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدىن ئاسانلىقچە قانائەتلەنمەيدۇ، ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئۇچۇپ كەتمەيدۇ، تەنقىد، ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، بېشى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئىجادىيىتىدە يېڭى يول ئېچىپ، ئەسەرلىرىنى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئەمەلىيەتنىڭ ۋە تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىدۇ، بۇنداق ئۆزگەرتىشنى بالزاك ئېيتقاندەك «بەدىئىي تەم كىرگۈزۈش» دەپ قارايدۇ. مەشھۇر شائىر گومورو ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ بېرىشىنى سورىغانبىر ياشقا باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىن، ئالاھىدە ئارقا ـ ئارقىدىن يەتتە قېتىم ئۇلاپ يېزىپ بېرىپ تەكىتلىگەن «ئۆزگەرتىش» نى ئەسەرنى تاۋلاش، پىششىقلاش، بەدىئىي قىممىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى ھېسابلايدۇ. شۇڭا كىرىلوۋ ئەسلىدە 200 مىسرالىق بولغان «كاككۇك بىلەن خوراز» دېگەن مەسەلىنى قانائەتلەنمەي، رەھىمسىزلىك بىلەن قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ، 20 مىسرا ـ بەش كۇبلېتقا قىسقارتىپ تاۋلىغىنىدەك، ئۆز ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ تاۋلايدۇ، ئاخىرى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. مانا بۇ جەريانمۇ شائىرنى تىنىم تاپقۇزمايدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىدىن تامچە ـ تامچە قان ـــ بەدەل تەلەپ قىلىدۇ.

مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىچىدە شائىرنىڭ، يەنى شېئىرنىڭ جاپاسى تېخىمۇ كۆپ. ئادەتتە كىشىلەر بىر شېئىرنى بىردەمدىلا ئوقۇپ بولىدۇ، لېكىن كىچىككىنە بىر شېئىرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، بەزى ھاللاردا، ئانىنىڭ توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق ئازابىنى يەپ تۇغقىنىدىنمۇ تەسرەك.

شېئىر ـــ تىل سەنئىتى ھېسابلانغان ئەدەبىياتنىڭ گۈل تاجىسى. شۇڭا ئەدەبىياتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا شېئىرنىڭ تىلغا بولغان تەلىپى تېخىمۇ يۇقىرى. خۇددى

بېلىنسكىي «شېئىرىي ئەسەردە ھەربىر سۆز پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىدىيەسى ئېھتىياجلىق بولغان مەنىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشكە پۈتۈن كارامىتى بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەككى، ئوخشاش بىر خىل تىلدىكى ھەرقانداق سۆز ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان دەرىجىدە بولسۇن» دېگىنىدەك، شېئىر تىلى مەزمۇن تەلپىي بويىچە قاتتىق تاللانغان، دەل، توغرا، پىششىق، ئىخچام، روشەن، جانلىق، سىپتا، گۈزەل، يېقىملىق بولغانىنىڭ ئۈستىگە رەڭدار، ئاھاڭدار، تەسىرلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ ئوچۇق ياكى يېپىق، قاتتىق ياكى يۇمشاق، جاراڭلىق ياكى جاراڭسىز، ئېغىزغا يېقىش-لىق ياكى يىرىك بولۇشى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شېئىردا مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ، تىلنى ئىنچىكىلەپ چېكىپ تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇندىلا سۆز ئىشلىتىشتە شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە سۈپىتىنى دەل ئىپادىلەيدىغان بىر-دىنبىر پېئىل، بىردىنبىر ئىسىم، بىردىنبىر سۈپەتنى دەل جايىدا تاللاپ، سۆزنى ھەر جەھەتتىن تولۇق ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزۈش ئاسان ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن شائىر ھەر بىر سۆز ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇرىدۇ. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر جيادائۋ:

«بىر بوغۇم ئۆز جايىغا چۈشسۇن دېبان،
نىسپىي تۈن سوغ دەستىگە بەردىم چىدام.»
«ئىككى مىسراغا ئۈچ يىل قاتتى بېشىم
ھەرئوقۇسام بۇلدۇق - بۇلدۇق ئاقار يېشىم.»
«ھەربىر سۆز مۈشكۈلاتتا تۈزۈلدى،
ئاڭغىچە چاچ - ساقاللىرىمۇ ئۈزۈلدى» دېگەنىكەن. بۇ، تامامەن ھەقىقەت!

18 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى مۇھەممەت سىدىق بەر-شىدىنىڭ «سىدىقنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «قازدىم بەھرى يەتكەي دەپ تاغنى تىرناقىم بىلەن» دېگەن سۆزىنى شېئىر يېزىشنىڭ قىيىنلىقىغا تەدبىقلىساق مۇبالىغە بولمايدۇ. بۇنداق چىدام، سەۋرى - تاقەت شائىرلاردىلا بولىدۇ.

.....................

شائىر ئەنە شۇنداق تىنىم تاپمايدىغان جاپاكەش، بەكمۇ ئىشچان، سەۋرى - تاقەت-چان، قۇربان بېرىش روھىغا باي كىشىلەر.

ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز، سۆيۈملۈك شائىرىمىز تېيىپجان ئېلىيېۋمۇ ئەنە شۇنداق تىنىم تاپمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان 45 يىل ئىچىدە بىزگە 25 مىڭ مىسرا قىممەتلىك شېئىرىي ئەسەر، 11 شېئىرلار توپلىمىنى قالدۇرۇپ

كەتتى.* ئۇنىڭ خەلققە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇنىڭدىن باشقا بايلىقىمۇ ئاز ئەمەس. ئادەتتە كېتىۋېتىپمۇ شېئىر ھەققىدە ئويلىنىپ يىكىر يۈرگۈزۈپ ماڭىدىغان شائىرلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن كېتىۋېتىپمۇ شېئىر يېزىپ ماڭغان شائىرلار يوقتۇ ئېھتىمال.

1956 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ نامايىشچىلار سېپىدە كېتىۋېتىپ شېئىر يېزىپ ماڭغانلىقىنى كۆرگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. ئۇ كۈنى ئۇرۇمچىدە ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىز خەلق مەيدانىغا يېقىنلاشقان ۋاقىتدا، يېنىمىزدىن مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ قوشۇنى ئۆتتى. سەپ ئىچىدە قومۇشتىن توقۇلغان شلەپە كىيگەن، 25 ـ 26 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشىنىڭ قولىدىكى خاتىرىگە بىر نېمە يېزىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇق. بىلىدىغانلار بۇ كىشىنىڭ تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كېيىن گېزىتتىن شائىرنىڭ شۇ چاغدا يازغان «مىلتىقىمنى بەرگىن قولۇمغا» دېگەن شېئىرىنى كۆرگەنىدۇق.

«تۆت كىشلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، شائىر يېڭى ھايات باھارىغا تەنتەنە قىلىپ يازغان «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېگەن شېئىرىدىن باشلاپ باشقىچە زوق ـ ئىشتىياق، ئاجايىپ يېقىملىق ۋە ياڭراق ئاۋاز بىلەن تۆكمەس ناخشىلىرىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ بۇ يىللاردا بۆلەكچە روھلىنىپ، تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن تىنىم تاپماي ئىجاد قىلدى، خەلقىمىزگە يېڭىدىن ـ يېڭى ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، دەيتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئازادە پۇرسەت، قىممەتلىك ۋاقىتنىڭ مىنۇت ـ سېكۇنتىنى قولدىن بەرمەي ئۆگەندى، ئىجاد قىلدى، ئىزدەندى.

مەن 1979 ـ يىلنىڭ بېشىدا بېيجىڭدا شائىر بىلەن بىرنەچچە ئاي بىللە بولدۇم. بۇ چاغدا مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا، خەمىت تۆمۈر، مەن، رەخىم قاسىم قاتارلىق بىر نەچچىمىز «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى تەرجىمە قىلىۋاتاتتۇق، تېيىپجان ئۇنىڭ تەھرىرلىكىگە ياردەملىشىۋاتاتتى. «تىيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى شۇ يىلى 5 ـ ئايغىچە تەرجىمە قىلىپ تۈگىتىپ، كىتاب قىلىپ چىقىرىپ بولۇش تەلەپ قىلىنغاچقا، تولىمۇ جىددىي ئىشلەيتتۇق. تېيىپجان ئاكامۇ ئىشتىن باش كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇ خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقىغا ۋە چارچىغىنىغا قارىماي، شۇ ۋاقىتتا «ئۇنتۇلماس مىنۇتلار»، «بولمىسا»، «شۇم بالا»، «بىر قىزنىڭ ھەسرىتى»، «يىغا تۇتتى مېنى باھاردا»، «ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ» قاتارلىق شېئىرلارنى يازدى.

* «خەلق» گېزىتىنىڭ 1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانىنىڭ 2 ـ بېتىگە قارالسۇن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر خاتىرىنى ئەسلىگۈم كېلىدۇ: دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەن كەچ سائەت 11 - 12 لەر ئەتراپىدا سىرتتىن يېنىپ كېلىۋېتىپ، تېيىپجان ئاكىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىنىڭ يورۇق تۇرغانلىقىنى بايقىدىم. مەن بۇ ئاقساقال مېھمانلىرى كەلگەن بولسا پەيزى قىلىپ ئولتۇرغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ياتىقىغا كىرگۈم كەلدى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلسەم جىمجىت، مەن ئاستا ئىشىكنى ئېچىپ كىردىم. قارىسام ئۇ كالتا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇرۇپ بىر نېمە يېزىۋاتقانىكەن (ياتىقى سوغۇقراق ئىدى). ئۇ مېنى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ قويۇپ، بىر چاغدا كۆلدانىغا لىققىدە توشۇپ كەتكەن تاماكا قالدۇقىنى بىر - بىرلەپ چۇۋۇپ، ئالدىدىكى قەغەزگە قاقىلى تۇردى. مەن قىزىقىپ سورىدىم:

— تېيىپجان ئاكا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ھە، موخۇركام تۈگەپ قاپتۇ، تاماكىنىڭ ئاتتىن چۈشكەن يېرىنى تېرىۋاتىمەن. تولىمۇ مەززىلىك بولىدۇ دەڭا، — دېدى يېقىملىق كۈلۈپ چاقچاق تەلەپپۇزىدا.

بۇ ھال ۋە چۇۋۇلغان تاماكا قالدۇقلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ، تېيىپجېنىكامنىڭ خېلىدىن بۇيان قاتتىق ئولتۇرۇپ شېئىر يازغانلىقىنى، بۈگۈن ئاخشام ئۇنىڭ يېڭى بىر ئەسىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى پەملىدىم. مەن ئۇنىڭغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىردەم ئولتۇرۇپلا چىقىپ كەتتىم. شۇ دەم تېيىپجاننىڭ قاچاندۇر بىر چاغدا يۇمۇرلۇق قىلىپ «يار بىلەن تېپىشقاندا، ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ» دېگەنىدەك، بىر ئوبدان پىكىر كېلىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، يېزىشقا كىرىشكەندە، كۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. قانچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنى، ھېرىپ چارچىغىنىڭ بىلىنمەيدۇ، سەن ئۇنى يېزىپ تۈگەتمىگۈچە، ئۇ، سېنى ئارام تاپقۇزمايدۇ، سەنمۇ پۇخادىن چىقمايسەن، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىم ئېسىمگە كەلدى. مانا بۈگۈن مەن شائىرنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم. كېيىن ئۇقسام، شائىر شۇ ئاخشىمى «يىغا تۇتتى مېنى باھاردا» دېگەن شېئىرىنى يازغانىكەن.

باغقا كىرىپ، قىزىلگۈلدىن ھىد ئېلىپ،
گۈزەل باھارغا سۆيۈندۈم مەن يۈرەكتىن.
بىراق كۆرۈپ گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
يىغا تۇتتى مېنى يەنە بۆلەكتىن،

مۇشۇنداق مىسرالار بىلەن باشلانغان بۇ شېئىردا مۇھەببەت پاجىئەسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ھالدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىغا بولغان غەزەپ - نەپرەت، يېڭى باھار - يېڭى دەۋرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتجانلىق شېئىري ئوبراز، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان شېئىري ھېسسىيات بىلەن تولىمۇ يارقىن ئىپادىلەنگەن. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىدە ئىختىيارسىز بىر خىل مۇڭ، قايغۇ - ئەلەم،

نەپرەت ۋە مۇھەببەت پەيدا بولماي قالمايتتى. بۇ شېئىر يولداش ۋاڭ يىجۇ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇزۇن قالماي «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىغا بېسىلدى.

بىر كۈنى ۋاڭ يىجۇ ئىككىمىز «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە بىر ئىش توغرىلىق سۆزلەشكىلى بېرىپ، بۇ شېئىرنىڭ ھۆسنخەت شەكلىدە يوغان يېزىلىپ، ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى چوڭ ئەينەكلىك جاھازىغا ئېلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ شېئىرنى ئوقۇپ ياكى سەرلەۋھىسى بىلەن ئاپتورنىڭ ئىسمىغا قاراپ قويۇپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇقۇشىمىزچە، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى ھەربىر ساندا ئېلان قىلىنغان شېئىرلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ھۆسنخەت شەكلىدە يوغان يېزىپ، جامائەتنىڭ بالدۇرراق كۆرۈشى ئۈچۈن ھېلىقى ئەينەك جاھازىغا ئېلىپ قويىدىكەن. دېمەك، بۇ شېئىر «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىنىڭ شۇ سانىدىكى شېئىرلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ تاللىنىپ، گۈلتاجىسى قىلىنغانىكەن. ۋاڭ يىجۇ ئىككىمىز بۇنىڭدىن خۇش بولدۇق، بىزنىڭ بۇ خۇشلۇقىمىزدا كىچىكلىك پەخىرلىنىش تۇيغۇسىمۇ بار ئىدى، ئەلۋەتتە!

ئاشۇنداق ئېسىل شېئىرلار بىز ئۈچۈن بىباھا قىممەتلىك. بۇنداق شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان شائىرلار—قۇربان بېرىش روھىغا باي تىنىمسىز ئادەملەر مەڭگۈ قەدىرلىك. ئۇلار بىزنىڭ مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ كانچىلىرى، مەنىۋى ئايۋان - سارايلىرىمىزنىڭ بىناكارلىرى، ئۇلار بىلەن مەنىۋى دۇنيايىمىز ئۈزلۈكسىز گۈزەللىشىدۇ، بېيىيدۇ، گۈللىنىدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

(بېشى 138 - بەتتە)

بۇ سەھىپىدە تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئادىلجان تۇنىياز قاتارلىق ياش ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. بىز بارلىق ئەدىبلىرىمىزنىڭ، بولۇپمۇ ياش ئاپتورلىرىمىزنىڭ بۇ سەھىپىمىزگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دەۋر روھىغا باي، ئاساسىي مۇقام گەۋدىلەندۈرۈلگەن، شەكلى كۆپ خىل ئەسەرلەر بىلەن كۆپلەپ تەمىنلەپ، خىزمىتىمىزنى قىزغىن قوللاپ، بۇ سەھىپىنىڭ ياخشى، جانلىق چىقىرىلىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ياش ئەدىبلەر، ئۈمىد سىلەردە. سىلەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، پېشقەدەملەر ۋە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجادچانلىق روھىڭلارنى ھەسسىلەپ ئۇرغىتىپ، مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىقتىن ساقلىنىپ، يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئەدەبىياتىمىزنى ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش، 21 - ئەسىرگە يېپيېڭى قىياپەت بىلەن باشلاپ كىرىش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمىز.



# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

لويىگى مالېربا (ئىتالىيە)

## ئۆمۈچۈك ئادەم

(ھېكايە)

مەن مەڭگۈ «ئۆمۈچۈك ئادەم» بولالمىغۇدەكمەن. ھازىر بۇنىڭغا قايىل بولدۇم. نۇرغۇن توغرا ئىشلار چاقچاقتىن باشلىنىدۇ، بۇ ئىشمۇ شۇنداق بولغان، بىر كۈنى ئاخشىمى مەن بەكمۇ زېرىكىپ غېرىبسىنىدىم. غېرىبسىنىش كۆپ چاغلاردا ئادەمنىڭ ئىچكى غەلىتە ئىقتىدارىنىڭ رولىلىرىنى جارى قىلدۇرىدۇ. غېرىبسىنمىغان بولسا لېئوپاردى شائىر بولالمىغان، ئېينىشتېيىن ھەرگىز نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى كەشپ قىلالمىغان بولاتتى. مەن كۆرسەتكەن بۇ مىساللار بەك ئېغىر كەتكەندەكمۇ قىلىدۇ. دېمەكچى بولغانلىرىمنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدىم، مەندە ھەرگىز ئۆزۈمنى ئۇلار بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش خىيالى يوق. ئۆمرۈمدە بىرەر پارچە شېئىرمۇ يېزىپ باققان ئەمەسمەن، دۇنيانى چۈشەندۈرىدىغان بىرەر نەزەرىيە كەشپ قىلىشنى سىناق قىلىپ باققان يېرىممۇ يوق. مەن ئىنتىلىدىغان ئەندىزە ئەدەبىياتتىنمۇ، پەندىنمۇ ئەمەس، بەلكى چاتما رەسىملەر بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈشتىن كەلگەن. ئەپسۇسكى، ئارزۇ بىلەن ئىستەك بىر گەپ، رېئاللىق دېگەن باشقا گەپ ئىكەن. سېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭ ئارزۇيۇڭ بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى تۈگىتىشكە ئامال قىلالمىغاندا بىر بالايىئاپەتكە قالغان بولىدۇ. مېنىڭ ھېكايە قىلىدىغىنىممۇ شۇنداق بىر بالايىئاپەت.

مەن بۇرۇنلا چاتما رەسىملەر ئارقىلىق «ئۆمۈچۈك ئادەم» نى تونۇغانىدىم. ئۇنى تېلېۋىزوردىن كۆرگەندە بولسا، تامامەن بويسۇندۇرۇلدۇم. گويا قىيامەت قايىم يېتىپ كەلگەندەك بولدى. مەن گاراڭ ھالەتتە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىن تۇرۇپ، بىر قىزىل رەڭلىك تور پايپاق سېتىۋېلىشقا باردىم. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئوينىشىپ پايپاقنى بېشىمغا كىيىپ باقتىم. پاھ، ئەينەكتىكى ئادەمگە قاراپ ھەيرانلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپلا قاپتىمەن. بىر قىزىل پايپاقنىڭ مېنى شۇنداق قىياپەتكە كىرگۈزۈپ قويالىشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. كۆز ئالدىمدىكى ئۆزۈمنىڭ شۇنچىلا غەلىتە بولۇپ قالغانلىقىمنى، ئۇنىڭ مەن — ئىتالىيە سودا بانكىسى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئادەتتىكى كاسسىرى ئەمەسلىكىمنى بايقىدىم. مەن «ئۆمۈچۈك ئادەم» بولۇپ قالغانىدىم. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. تاشقى قىياپەتتىكى بۇ ئۆزگىرىش مېنىڭ ئىچكى قىسمىمدىكى قۇرۇلمىلىرىمدىمۇ بىر خىل

ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. سەزگۈلىرىممۇ ئوخشماي قالدى. مېنىڭ ئىچكى قىسمىمدىكى نەرسىلىرىم دېگەندە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئىچكى ئەزالىرىم، يەنى ئۈچەيلىرىم ئىدى.

كۆپ يىللاردىن بۇيان مەن داۋاملىق كىنولاردىكى قەھرىمان شەخسلەرنى دوراپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭلىق بىلەن كېرىلىپمۇ قويۇمەن. ئەمما شۇنى جاكارلاپ قويۇشۇم كېرەككى، مەن جىنايەتچى ۋە زوراۋانلارنى ھەرگىز دوراپ باققىنىم يوق. مېنىڭ تەقلىد قىلىدىغىنىم ھەمىشە ئىجابىي پېرسوناژلار، مەن ھەمىشە ساقچىلار تەرەپتە تۇرىمەن. بۇ ئەخلاق تەرەپتىكى ئامىللاردىن باشقا يەنە مېنىڭ بانكىدىكى كاسسىرلىق كەسپىم بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن كىنودىكى ساقچىلار بىر توپ ئەبلەخلەر بولۇپ چىقىدىغان چاغدا مەن باشقا تەرەپكە ئۆتۈۋالىمەن. رازۋېتكا فىلىمى بولمىسا مەن رازىمەنلىك بىلەن چاتما رەسىم كۆرۈمەن. كىشىلەردە چاتما رەسىملەرگە قارىتا ھەمىشە بىر تەرەپلىمىلىك قاراش مەۋجۇت. ھەمىشە چاتما رەسىملەرنى قارىقويۇق تەنقىد قىلىدۇ. بۇ ھېكايە، رومانچىلىقتىكى ناچار ھېكايە، رومانلار بار بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر يولى تەنقىد قىلىدىغان پوزىتسىيە بىلەن ئوخشىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرخىل چاتما رەسىملەر، ھەرخىل، ھەر شەكىلدىكى ھېكايە، رومانلار بار. مەن بىرىنچى قېتىم چاتما رەسىم كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئۆمۈچۈك ئادەمنى بايقىدىم، كېيىنچە ئۇنى تېلېۋىزوردىمۇ كۆردۈم.

«ئۆمۈچۈك ئادەم» ئادالەتپەرۋەر ئىجابىي پېرسوناژ. ئۇنىڭ دۈشمىنى قورقۇنچلۇق خىرىپىن بىلەن قەبىھ قارا تۇلخوتۇن، يەنە دوكتۇر ئوكتىپوسقا ئوخشاش يىرگىنىشلىك بەزى پېرسوناژلارمۇ بار. چاتما رەسىملەردىكى پېرسوناژلار ھەمىشە ساماۋىي چۆچەكلەردىكى پېرسوناژلارغا ئوخشىشىدۇ. مانتىراك ياكى شوپمانغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى جادۇگەرلەر، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كىشىلەر ياكى زوراۋانلىق كۈچكە ئېتىقاد قىلىدىغانلاردۇر. «ئۆمۈچۈك ئادەم» زوراۋانلاردىن ئەمەس، ئۇ زوراۋانلىق كۈچكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇ خىسلەتلىك، خۇسۇسىسىز، مەردانە، ئادالەتپەرۋەر ئادەم. سىياسىي كۆز قارىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمىدىم. ئۇنىڭ قارام ھەرىكەتلىرىدە بۇ تەرەپ ئانچە ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. لېكىن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ ئوڭچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى تەرەپكە مايىل.

«ئۆمۈچۈك ئادەم» بولۇش ئۈچۈن تۆشۈكلۈك تور پايپاقنى كاللىغا كىيىۋېلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەكس ھالدا تولىمۇ ئاسان بولار ئىدى. ئەسلىدە مەن ئەينەك ئالدىدا مۇشۇنداق ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ غەلىتە ياسىنىشىمنى تاماشا قىلىپ كۆرۈپ ھوزۇرلانسام، ئاندىن ئۆزۈمنى يەنە بىرەر قۇر گۈزەللەشتۈرۈپ بولۇپ، ئىشكىنى تاقاپ خىيالغا چۆكۈپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن مەست بولسام بولاتتى. لېكىن ماڭا جىن چېپىلغاندەك بىر غالجىرانە نىيەت چاپلىشىۋالدى.

— مەن بېلىقچىلىق سايمانلىرى سېتىلىدىغان بىر ماگىزىنغا بېرىپ، 20 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى نىلون تانىدىن بىرنى سېتىۋالدىم. بىرىكمە تالا كەشپىياتىنىڭ ئارغامچا ـ تانىچىلىق سانائىتىدە ئىشلىتىلىشتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلەشلەر كىشىنى چۆچۈتەرلىك دەرىجىدە ئىكەن، ماگىزىن دىرېكتورى قېرىنداشتىنمۇ ئىنچىكىرەك بىر تاننى قولغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ 1000 كىلوگرام نەرسىنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئىشەنمەيمەن، دېدىم، ئەمەلىيەتتە مەن پەقەت ئۇنىڭ مېنىڭ ئېغىرلىقىمنى كۆتۈرەلەيدىغان - كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنىلا بىلمەكچى ئىدىم. چۈنكى ئۆز ھاياتىم بىلەن ئويۇنىشىشنى خالىمايتتىم. ئۇ ماڭا كېپىللىك خېتى يېزىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ ھاجىتى يوق دېدىم ۋە تاننى سېتىۋالدىم. ئۇ ماڭا مۇنۇلارنى ئېيتتى: تۈگۈنچەك تۈگمەك بىردىنبىر قىيىنچىلىق ھېسابلىنىدۇ. كونا كەندىر ئارغامچىدىن تۈگۈنچەك تۈگمەك ناھايىتى ئاسان، تۈگۈنچەكمۇ پۇختا بولىدۇ. چۈنكى چىگە ئارغامچا سىلىق بولمىغاچقا، تۈگۈنچەك ئاسانلىقچە يېشىلىپ كەتمەيدۇ. ھالبۇكى، نىلون ئارغامچىدىن تۈگۈنچەك ياساش ئاسان ئەمەس، ئالاھىدە تۈگۈنچەك تۈگۈش كېرەك بولىدۇ. تۈگۈنچەك ياساشمۇ بىر خىل سەنئەت، بەزى مەخسۇس تېمىدىكى دېسسېرتاتسىيە ماقالىلىرىدا كىشىلەرگە تۈگۈنچەكنى قانداق تۈگۈش ئۆگىتىلگەن، ئەمما سىزدە ئەگەر سەۋرچانلىق بولمىسا، بولۇشىغىلا بىرەر تۈگۈنچەك ياساپ ئاندىن شامنىڭ ئوتىدا تۈگۈنچەك بار يەرنى كۆيدۈرۈپ قويسىڭىز بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭدا نىلون ئۇيۇپ يېپىشىپ قالىدۇ، تۈگۈنچەكمۇ يېشىلىپ كەتمەيدۇ. شۇ كۈنى كەچتە مەن تاننىڭ ھەر يېرىنى مېتىرىغا بىردىن قىلىپ بىر مۇنچە تۈگۈنچەك ياسىدىم. ئاندىن تاننىڭ بىر بېشىنى پارۋايىنىڭ ئىمىشقىلىق تاراتقۇچىسىغا چېگىپ شام ئوتىدا قاتۇرۇۋەتتىم. مېنىڭ ئۆيۈم 8-قەۋەتتە بولۇپ، دېرىزىسى بىنا ئالدىدىكى ھويلىغا قارايتتى، توغرىراقىنى ئېيتقاندا، بۇ قورۇ ئۈچ يۈرۈش بىنانىڭ قورشاۋىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، قۇدۇقتەك چوڭقۇر ئىدى. قاش قارىيىشى بىلەنلا مەن بېشىمغا قىزىل تور پايپاقنى قاپلاپ، ئۇچامغا ئالايىتەن سېتىۋالغان بىر قۇر قىزىل تەنتەربىيە كىيىمىنى كىيدىم. ئاندىن كېيىن نىلون تاننىڭ يەنە بىر بېشىنى كۆكرىكىمدىن باغلاپ تۈگۈنچەكنى شام ئوتىدا قاتۇرۇۋەتتىم. دېرىزىنى ئېچىپ دېرىزە تەكچىسىگە سەكرەپ چىقتىم. مەن ئەسلىدە بىر سەكرەشتە بىراقلا ئۇدۇلدىكى بىنانىڭ تېمىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالماقچى بولغانىدىم، لېكىن تۇنجى قېتىم «ئۆمۈچۈك ئادەم» بولۇۋاتقانلىقىمدىن، يەنىلا ئېھتىيات قىلغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىدىم. مەن تۆۋەنگە قاراپ ئاستا - ئاستا سىيرىلىشقا باشلىدىم. ئىككى قولۇمدا تاننى چىڭ تۇتۇپ، تۈگۈنچەكلەرنى بويلاپ سىيرىلىدىم. قولۇمغا ئاپتوموبىل مۇسابىقىسىگە چۈشىدىغان تەنھەرىكەتچىلەر ئىشلىتىدىغان قىزىل رەڭلىك تۆشۈكلۈك پەلەي كىيىۋالغانىدىم. لېكىن ئۇشتۇمتۇت قولۇم ئاجراپ كەتتى. تاندا تۈگۈنچەكلەر بولۇشىغا قارىماي، مەن موللاقلاپ چۈشۈپ، يەر يۈزىدىن 10 مېتىرچە ئېگىزلىكتە مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالدىم. بەختكە يارىشا تۈگۈنچەك يېشىلىپ كەتمىدى، تانمۇ ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. ئېسىلىپلا قالدىم، ئەمما ئىقرار قىلىش كېرەككى، ھاۋادىن پەسكە چۈشكەندىكى سېزىم ناھايىتى ئالاھىدە بولىدىكەن. ھەممە ئىش بىر نەچچە سېكۇنت ئىچىدىلا سادىر بولدى. ئەينى چاغدىكى شادلىق - ھاياجاننىڭ

دەرىجىسىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشىمۇ قىيىن. ئەمما بوشلۇقتا مۇئەللەق ئېسىقلىق تۇرۇشنىڭ تەمى تېخىمۇ ئاچچىق. غۇلاپ چۈشكەندە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھېس قىلغان تۇيۇقسىز بىر تارتىلىش دۇمبەمنى قىسىپلا قاتتىق ئاغرىتىۋەتتى. تانا چەككە يېتىپ قاڭقىغاندا كاللام ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزە تەكچىسىگە سوقۇلۇپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مەن نىمجان ھالەتتە قورۇ ئۈستىدە ئېسىلغلىق پېتى تۇردۇم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. كاللامغا قان يېتىشەلمەيۋاتقاندەك ئىدى، مەيدەمگە تانا پېتىپ تىنىقلى قويمايۋاتاتتى. ھوشۇمغا كەلگىنىمدە، تانىغا يامىشىپ ئۆز دېرىزەمگە قايتالىغۇدەك ماجالىم قالمىغانىدى. شۇڭلاشقا يېقىنراق 3 ـ قەۋەتتىكى ھېلىقى دېرىزىنى چېكىپ بېقىش قارارىغا كەلدىم. ئۆيدە ياشىغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن تۇرىدىكەن، چىراغ يېنىقلىق ئىدى. مەن ئۇلاردىن «ئۆمۈچۈك» چە ياسىنىۋالغانلىقىمنى كۆرۈپ يېرىم جان بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. مېنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان تانىنى كېسىۋېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىككىسى ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلىدە بولدى. ئۇلار مەندەك «ئۆمۈچۈك ئادەم» نى كۆرگەندە ھېچقانداق ئەجەبلەنمىدى. بېشىمدىكى قىزىل پايپاقنى ئېلىۋېتىپ پېشانەمگە دورا سۈركىدى. بىر ئىستاكان چايمۇ بەردى تېخى.

ئاشۇ ئەس باسقان كەچتىكى مەغلۇبىيەتلىك سىناقتىن كېيىن، مەن يەنە ئىككى قېتىم ئۆزۈمنى تانىدا باغلاپ قورۇغا سەكرىدىم. نەتىجە ئوخشاشلا ناھايىتى ئوسال بولدى. ئاخىرقى بىر قېتىمقىسىدا بىر بىلىكىمنى سۇندۇرۇۋالدىم. دوختۇر 46 كۈن گىپىستە تاڭدۇرۇشۇمغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىشخانىدا مەن چوڭ يولدىن ئۆتۈۋاتقانلاردا موتىسىكلىت سوقۇۋەتتى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم. قارىغاندا بۇندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بۇنداق سىناقنى قايتا قىلالمىغۇدەكمەن. مانا شۇنداق قىلىپ مېنىڭ «ئۆمۈچۈك ئادەم» بولۇش ئارزۇيۇممۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىۋاتسام، مەن بىلەن بىناداش بىر كىچىك ئوغۇل بالا يانداپ كېلىپ ماڭا: مەن بىلىمەن، سىز «ئۆمۈچۈك ئادەم» دېدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدۇم، ھېچنېمە دېمىدىم. شۇ چاغدا راستىنلا بىر يىغلىۋالغۇم كېلىپ كەتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز قالغاندا، مەن يەنە كۆپ قېتىملاپ ئۇچامغا ھېلىقى قىزىل تەنھەرىكەت كىيىمىنى، بېشىمغا تۆشۈكلۈك قىزىل تور پايپاقنى كىيىمەن. شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەسەللى بەرىمەن.

(«چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن)

سەيپارە سەلەي تەرجىمىسى

پىلان مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1991 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يىغىن زالىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىغا ھەر مىللەت ئەدىبلىرىدىن 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. يىغىندا پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىن تاللانغان 12 پارچە ئەسەرگە مۇكاپات بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئەدىبلەردىن مالىك كېۋىرنىڭ «ئۆچمەس يۇلتۇز» ناملىق ھېكايىسى، ئابلىمىت ئىمىننىڭ «قارلىق تاغدا» ناملىق پوۋېستى، مەھەممەتجان راشىدىننىڭ «ئانا تاغلار» ناملىق شېئىرى ۋە ئىمىن تۇرسۇننىڭ «ئېزىز پارتىيەم» ناملىق شېئىرى بار.

ئۆز خەۋىرىمىز

## ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئەۋەتكەن دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا دوستانە زىيارەتتە بولدى

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جاڭشىرۇڭ، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ساتتار ئابدۇللا قاتارلىق تۆت كىشى سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقستان جۇمھۇرىيىتى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بۇ يىل 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتا، چىمكەنت، جامبۇل، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. بۇ، جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى 1985 - يىلى نورماللاشقاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات -

www.uyghurkitap.com

سەنئەت ساھەسىدىن ئەۋەتىلگەن تۇنجى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ۋەكىللەر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، مەشھۇر ئاسار-ئەتىقىلەرنى كۆردى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ 5-ئاينىڭ 9-كۈنىدىكى «فاشىزمغا قارشى غەلىبە بايرىمى»نىڭ پائالىيەتلىرىگە ۋە چىمكەنت ئوبلاستىدىكى لېنىن كولخوزى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى، كولخوز ئەزالىرىنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بارغانلا يېرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 5-ئاينىڭ 5-كۈنى قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق شائىر ئولجاس سۇلايمانوۋ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشتى ھەم ئېلىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، «مىللىي يازغۇچىلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى جاك شىرۇڭغا 1991-يىللىق سوۋېت قازاق ئەدەبىياتى مۇكاپاتى بەردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى تاشكەنتتە زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ دائىمىي شۇجىسى مىرپولات قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «سىرلىق ئالەم» ژۇرنىلى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

ئۆز خەۋىرىمىز



تۇرمۇش ۋە ئاپتور

مايتاغ كان رايونلۇق
پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىسمايىل
توختى تەھرىر بۆلۈمىمىزدە.

قىيۇم تۇرسۇن فوتوسى



بىر قىسىم ئاپتورلىرىمىز
مايتاغ كان رايونىدا.

دىلشات فوتوسى

باش مۇھەررىر: مەھەممەت شاۋۇدۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئارسلان
مەسلىھەتچىلەر: ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇروسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.




# تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1991 ـ يىل 8 ـ سان (366 ـ سان)، 41 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 / I

本刊代号：58－66 定价：1.40 元
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى: 830000